ISSN 1002-9044




ISSN 1002-9044
09>
9 771002 904009

# تارىم

باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇسالام توختى. ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

## ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

46-يىل نەشرى

9

1996

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


| | | |
|---|---|---|
| تۇرسۇنجان مۇھەممەت | قاينام (پوۋېست) | 4 |
| ياسىنجان سادىق | قاغا (ھېكايە) | 64 |
| ئەركىنجان ئەھمەت | باقىنىڭ كۈنلىرى (ھېكايە) | 72 |
| توختاش بەكرى | مامۇت كۆچمەن (ھېكايە) | 104 |


## شېئىرلار


| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇشۈكۈر راشىدىن | سەن بۇلاق، سەن ئانا قۇش | 54 |
| ئەخمەت مامۇت | سەن ئادەمسەن، تەڭرىدىن ئۇلۇغ | 55 |
| ئوسمان ھوشۇر | ئۇ غەۋۋاستۇر پەن ئوكيانىدا | 56 |
| ئەكرەم ئابدۇمجىت | ناخشا ئېيتار روھىي ئىنژېنىر | 57 |
| ئۆمەر ئىمىن | شېئىر ۋە قىتئەلەر | 58 |
| مۇھەممەتجان راشىدىن | تاتلىق تىلەكلەر | 59 |
| روزى ھاپىز | يار | 61 |
| تەلئەت ناسىرى | ئالەم گۈزەل | 62 |
| مامۇت زايىت | سۆيگۈ چاقماقلىرى | 92 |
| ھوشۇر ئىبراھىم | غەزەللەر | 99 |
| قىيۇم سوپى | كۆزلىرىڭ سۇبھىنىڭ سۈزۈك ئاسمىنى | 100 |
| مۇھەممەت روزى | گۈلگۈن قەترىلەر | 101 |
| كېرىمجان سۇلايمان | ئالدىمدا ئاقارغان بىر دۇنيا | 103 |
| ئەخمەتجان تۇروپ | قەلبىمدە پورەكلەپ قالدى سېغىنىش | 113 |
| ئادىل تۇنىياز | ئاتا، سەن نەدە | 115 |
| تۇرسۇنجان ھاشىمى | ئىككى بۆشۈك | 118 |


## بالىلار ئەدەبىياتى


| | | |
|---|---|---|
| ئەخمەتجان قۇربان | باھار شاملى (بالىلار چۆچىكى) | 119 |

# بۇ سانىدا

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


باتۇر مەخسۇت......... ئالبىجاناب روھ ۋە ھەسرەتلىك مۇھەببەت... 123


## ئەدىبلەر سۆھبىتى


ئەي چىك......... شېئىرىيەت ھەققىدە......... 130


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


چەت ئەل ھازىرقى زامان شېئىرلىرىدىن.... 152


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


ئۇچۇرلار.......... 159

قايغۇلۇق خەۋەر.......... 160


* * *


رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ ، زۇلپىيە ئابدۇرېھىم

مەسئۇل كوررېكتور: قىييۇم تۇرسۇن

www.uyghurkitap.com



تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# قايناام

(پوۋېست)

بۇككىدە سۆگەتلىك ئارىسىدىكى تۇسمىنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ، ئېگىزدىن شارقىراتما بولۇپ چۈشۈۋاتقان سۇغا تىكىلگىنىمچە تۇرىمەن، زىلال سۇ ئۈنچىلىرى قۇياش نۇرىدا يالت-يۇلت چاقناپ، پەستىكى چوڭقۇرلۇققا قۇيۇلماقتا. ئۇچقۇپ چۈشۈۋاتقان سۇ ئۇ يەردە زور قايناام ھاسىل قىلغانىدى. قايناام توختاۋسىز ئۇلۇك-سولغا پىرقىرايتتى، ۋاژىلداپ قاينايتتى، تاغ شاملىدەك گۇرۇلدەيتتى، ھەممىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتمەكچى بولغاندەك قەھرى بىلەن چايقىلاتتى.

بىر كەمدە ئېقىننىڭ يۇقىرىسىدىن ئېقىپ كەلگەن بىر تال ياپراق قايناامغا شۇڭغۇپ كىرىپ غايىب بولدى، خېلىدىن كېيىن ياپراق سۇ يۈزىدە غىل-پال كۆرۈندى-دە، بىر پەس پىرقىرىغاندىن كېيىن يەنە قايناامغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇنى قايناام يۇتۇۋەتكەنىدى. مەن خۇددى سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان، «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىراشقىمۇ دەرمانى قالمىغان بىرىنىڭ ئۈمىدسىزلىككە تولغان چىرايىنى غىل-پال كۆرۈپ قالغاندەك، يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. ياپراق خېلىغىچە كۆرۈنمەي قالدى. مەن ئەپسۇسلۇق ئىچىدە باش چايقىدىم، ئۆزۈمنى گۇناھكار ھېس قىلىپ كۆڭلۈم غەش بولدى. كىم بىلسۇن بىر ھازادىن كېيىن ياپراق قايناامنىڭ خېلىلا يىراق بىر يېرىدىن سۇ يۈزىگە چىقتى. ئۇ ئىشق تەلۋىلىكىدىن چارچىغان نازىنىندەك تولغىناتتى. تىنىچ سۇ يۈزىدە چايقىلىپ تۇرغان قولۋاقتا ئۇيقۇغا كەتكەن ساھىبجامالدەك خاتىرجەم كۆرۈنەتتى.

ياپراقنى كۆرۈپ قىن-قىنىمغا سىغماي قالدىم. قەلبىم ئېيتقۇسىز بىر شادلىق ئىچىدە يايراپ كەتتى. مېنىڭ بۇ خۇشلۇقۇم ياپراقنىڭ قايناام ئىچىدىكى ماماتلىقتىن قۇتۇلۇپ، يېڭى ھاياتقا قاراپ قەدەم تاشلىغانلىقى ئۈچۈنمۇ



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ياكى قايىنامنىڭ ئۇنىڭغا ئەرك بەرگەنلىكىدىنمۇ بىلىپ بولمايتتى. مەن ئەنە شۇ خۇشاللىق ئىچىدە سۇدا ئاستا-ئاستا ئېقىپ كېتىۋاتقان ياپراقنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ ئۇستەڭنىڭ خېلىلا تۆۋىنىگىچە باردىم.

ئارىدىن تالاي يىل ئۆتتى. سۆگەتلىك ئارىسىدىكى ھېلقى توسما، ئۇ يەردىكى قايىنام، سۇ يۈزىدىكى ھالسىز ياپراق ۋە مېنىڭ شۇ چاغدىكى كەيپىياتىم ھازىرلا كۆرگەن چۈشتەك كۆز ئالدىمدىن كەتكىنى يوق.

1

ئايالىم خۇددى شورا تامنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان ئالا مۈشۈكتەك توختىماي مياڭلايتتى. مەن ئۇنىڭ غەزەپ ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ جېدىلىنىڭ يان ئۆيگە ئاڭلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدىم.

— سادىغاڭ كېتەي خوتۇن، ئەمدى بولدى قىل. گۈلسارە ئاڭلاپ قالسا سەت بولىدۇ.

— سەت بولۇشنى بىلگەن ئادەمگە خەقنىڭكىدە نېمە بار؟ — ئۇ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ ۋارقىرىدى، — ئۇ ئىزا تارتىشنى، ئار-نومۇسنى بىلسە خوتۇنى، ئائىلىسى بار ئەرنى قوغلىشىپ كېلەمدۇ؟

— ئەستا، خوتۇن، نېمىگە شۇنچە قىلىپ كېتىسەن؟ بولدى، ئۇنچىۋالا ئىچى تارلىق قىلما!

— ۋاي ۋوي، تېخى مەن تارلىق قىلىۋاتىمەنمۇ؟ قوۋۇرغامنى ئېگىپ، «گۈلسارە خاپا بولمىسۇن، ئايال كىشى بولغاندىكىن سەن بىرگە يات، ماڭا دالان ئۆيگە جاي سېلىپ بەر» دەپ كېتىشنى بۇ ئاق كۆڭۈل غوجامنىڭ. بىلىپ قويسىلا، بىرگە ياتارمىز دەپ ئەرگە تەگكەن جۇمۇ مەن.

— مانا ياتتىڭغۇ. يەنە نېمىگە چالۋاقاپ كېتىسەن؟ ساۋاقداش بولغاندىكىن، ئىززەتشەسەك نېمە بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلسارە سېنىڭ ئۇۋاڭنى بۇزغىلى ئەمەس، مەكتەپنىڭ زاۋۇتىدا ئىشلىگىلى كەلدى. ئۇنچىۋالا ئىچى قارىلىق قىلما خوتۇن...

ئايالىم بىر نېمىلەرنى دەپ كارىۋاتنىڭ شادىسىغا چالاقلىتىپ تېپىپ تام تەرەپكە ئۆرۈلدى. ئۆي ئىچىنى ئېغىر جىمجىتلىق قاپلىدى. ھەر نېمە بولسا ئايالىمنىڭ زۇۋانى بىر پەسكە بولسىمۇ ئۆچكەنىدى. ئىچىم چۇمۇلە ماڭغاندەك مىزىلداپ كۆڭلۈم غەشلىككە تولدى. يان ئۆيدىن ئۇياقتىن بۇياققا ئاستا مېڭىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گۈلسارە تېخى ئۇخلىماپتۇ-دە، ھەي ئىست، خوتۇنۇم ئوقۇغان، تەربىيە كۆرگەن ئايال، توغرا چۈشىنىدۇ دەپ خاتا ئويلىغانىكەنمەن. ئادەتتە كەم سۆز، ئېغىر بېسىق يۈرىدىغان بۇ خوتۇننىڭ بىرپەستە يىرتقۇچ ھايۋاندەك ھۆۋلاپ ئۆينى بېشىغا كىيگەنلىكىگە زادىلا

www.uyghurkitap.com



ئۆزۈمنى ئىشەندۇرەلمىدىم. لېكىن ئىشەنمەيمۇ ئامالىم يوق. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مېنى چۈشىنىپ ماڭا كۆڭۈل بېرىپ كەلگەن خوتۇنۇم شۇمۇ ياكى ئۇنىڭ سۈرىتىدىكى بىر ئالۋاستىغا ئۇچراپ قالدىممۇ، دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە قايتا-قايتا سوئال قوياتتىم. گۈلسارەنىڭ ئۈستى-ئۈستىلەپ كەلگەن ئازابتىن قان زىندە بولغان كۆڭلىنىڭ يەنە بىر رەت ئازار يېگەنلىكىنى ئويلىسام يۈرىكىم شۈررىدە قىلىپ، كۆز چاناقلىرىمغا ياش كېلەتتى، ئۇ بەرداشلىق بېرەلەرمۇ دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قوياتتىم. كۆزۈمگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ بالكونغا چىقتىم، ئاسمان كۆكۈچ رەڭدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئاينىڭ ئەتراپىدا ئالا-بۇلماچ بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار ئائىلەمدە بولغان بۇ تاراق-تۇرۇقلارغا ھەيران بولغاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتاتتى.

ئالەم شۇنچە كەڭرى، دەپ ئويلىدىم يىراق-يىراقتىكى ئۇپۇق جىيەكىگە، يۇلتۇزلۇق ئاسمان بىلەن بوزىرىپ ياتقان دالا گىرەلىشىپ كەتكەن نۇقتىغا قاراپ، — بىراق مېنىڭ ئائىلەم شۇنچە تار. مەن بۇ ئۆيۈمگە بىر ساۋاقدىشىمنى — پېشانىسىگە بەختسىزلىكنىڭ پولات تامغىسى چوڭقۇر بېسىلغان، تا ھېلىغىچە ئىنسانلىق قەدىر-قىممىتىگە ئىگە بولالمىغان بىر ناتىۋان قىزنى سىغدۇرالمايۋاتىمەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئادەم ئۆزى خالىغان بىرى بىلەن ئۇچۇپلا ئاشۇ ئۇپۇق سىزىقىنىڭ نېرىسىغا كېتەلىگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى-ھە، دىلىدا يەنە نېمە ئارمىنى قالاتتىكىن؟ ھەتتىگىنەي...

مەن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردۇم. ئاچچىق ئىس، ئاچچىق خىيال، ئاچچىق كەچمىش... بۇلار بىرلىشىپ يەلكەمنى تاغدەك باستى. ئىغىز-بۇرنۇمدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان تاماكا ئىسى ئەتراپىمدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. كېچە تىپتىنچ ئىدى. شۇ ئەسنادا ئايالىمنىڭ ئۆي ئىچىدىن ھىم... دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئىندىمىدىم. قاراڭغۇلۇقتىن ئۇنىڭ مۈشۈكتەك مياڭلىغان ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمىدىمۇ؟ ئىشىك ئوچۇق...

مەن گەپ-سۆز قىلماستىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتىم. خەپ، گۈلسارە ئاڭلاپ قالسا سەت بولىدۇ-دە، بولمىسا بۇ ئىچى قوتۇر مېكىيانىنى ئوبدان بىر يۇڭداپ، ئەدەپلەپ قوياتتىم... شۇ خىيال بىلەن ئىچىم ئاچچىققا تولدى. شۇ تاپ كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. خىياللىرىم ئايلىنىپ، قۇيۇندەك تولغىنىپ، ئۇزۇن يىل ساقلانغان سۈرەتتەك سەل-پەل ئۆڭۈشكە باشلىغان ئۆتمۈشۈمنى، ئاشۇ ھەم بەختلىك، ھەم تولۇق پىشمىغان غورىدەك ئاچچىق-چۈچۈك ئاللىي مەكتەپ ھاياتىمنى قوغلاپ چېپىپ كەتتى.

## 2

بىزنىڭ تۇنجى ئۇچرىشىشىمىز ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە ئۇچرىشىش بولغانىدى... يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاش ئورنى قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇزۇن سەپ بولۇپ،

تىزىملىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىھرىدە شادلىقمۇ، ئەندىشىمۇ ئەكس ئېتەتتى.
ئاتا - ئانام مىكىبىر مۇشە قىقەتتە راستلاپ بەرگەن، ھازىر مەكتەپكە ئۆتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان ئىككى مىڭ ئالتە يۈز سوم پۇلنى تۇتۇۋالغان قولۇم سەل - پەل تىترەۋاتاتتى. بۇ تىترەككە مېنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىم مۇجەسسەملەنگەنىدى. بۇ تىترەكتە شادلىقمۇ، ئازابمۇ بار ئىدى.
تويۇقسىز ئۇچرەت دېڭىز يۈزىدىكى دولقۇندەك تەۋرەپ كەتتى. بۇ سەنتۇرۇلۇشنى ئارقامغا ئىتتىرىلىپ جەينىكىم ئادەمنىڭ يۈرىكىنى جىغ قىلدۇرىدىغان بىر نەرسىگە تېگىپ كەتتى. ئۇ يەردىن تارقالغان بىر زەرەت پۈتكۈل بەدىنىمنى تىترىتىۋەتتى. مەن ھەم ھەيران بولغان، ھەم چۆچۈگەن ھالدا ئارقامغا قارىدىم. كۆز ئالدىمدا بىر قىزىل گۈل ۋالللدە ئېچىلغاندەك بولدى.
قىزنىڭ چىرايى ئوتقاشتەك رەڭ ئالغان ئىدى. قىزىل ياغلىق، قىزىل كوپتا، قىزىل كۆڭلەك بىلەن قىزىللىق يۇگۇرگەن ئالمىدەك مەڭزى قوشۇلۇپ قات - قېتىدىن تولۇق ئېچىلغان قىزىل گۈلنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى نېمىدىندۇر چۆچۈگەن قۇشنىڭ كۆزلىرىدەك چاقناپ كەتكەنىدى. چاقىرىق قەغىزى ۋە پۇل تۇتۇۋالغان قولى ھېلىلا جەينىكىم تەگكەن يەرنىڭ ئۈستىدە — ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆكسىدە تۇراتتى.
— كەچۈرۈڭ خانقىز، سەت بولدى، مېنى كە... كەچۈرۈڭ.
— ھېچقىسى يوق، — قىز بوشقىنا شۇنداق دېدى. ئەمما يىمىرىلگەن قاشلىرى، سەل ئۈمچەيگەن لەۋلىرى ئۇنىڭ مەندىن ئاغرىنغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى.
ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ سىنىپلارغا بۆلۈندۇق. بىر چاغدا مەن ھېلىقى قىز بىلەن سىنىپ بوسۇغىسىدا يەنە دوقۇرۇشۇپ قالدىم. راستىنى ئېيتسام ئىككىمىزنىڭ بىر سىنىپقا كىرىپ قېلىشىمىزنى پەقەتلا ئويلىمىغانىكەنمەن. ئۇنى بىزنىڭ سىنىپتا كۆرۈپ قەلبىمنى بىر خۇشلۇق قاپلىدى.
— قاراڭا بىزنى، يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق، — دېدىم مەن ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭغا يول بېرىپ. قىز مېيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ يۇمىلاققىنا كەلگەن چىھرىدە ھەيرانلىقنىڭ شولىسى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالدى.
— چاقىرىق سىزگىمۇ ئەدەبىياتتىن كەلگەنمىدى، — سورىدىم قىزدىن.
— ھەئە، — ئۇ يەنىلا يېپەكتەك يۇمشاق، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ئاۋازى بىلەن جاۋاب بەردى.
دەرسلەر باشلىنىپ كەتتى. ھەممە پائالىيىتىمىز سائەت ستىرىلكىسىدەك بىرلا يۈنىلىشتە، بىر خىل ئايلىنىشتا داۋام قىلاتتى. مەن گۈلسارە بىلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدىم. دەرس تەكرارلاش، تاپشۇرۇق ئىشلەش، دەرس ئارىلىقلىرىدىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا بولىدىغان تۈرلۈك مۇنازىرە دېگەندەكلەردە بىز دائىم بىللە بولاتتۇق. نېمىشقىكىن ھەر ئىككىمىزنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقاتتى. ئۇنىڭ ئالاھىدە

تەپەككۇر قابىلىيىتى مېنىلا ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. دائىم بىرگە بولغىنىمىز ئۈچۈن ساۋاقداشلار بىزنى «قوش مېغىز»، «بىر شاختا ئېچىلغان بىر جۈپ گۈل» دەپ ئاتىشاتتى.

— قىزلار مېنى سىز بىلەن يۈرۈۋېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ، — دېدى بىر كۈنى گۈلسارە شوخلۇق بىلەن، — ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى نېمىدېگەن تار-ھە، بىر قىز بىر يىگىت بىلەن ئازراقلا بىرگە بولسا تەپتارتماي شۇنداق بەدنامنى كۆتۈرۈپ قوپۇشۇۋاتقان، ھەي بىچارە بايقۇشلار...

— ئۇلارنىڭ ئارزۇسى شۇ بولسا، — دېدىم ئۇنىڭ كۆزىگە تىك قاراپ تۇرۇپ، — مەيلى ئەمەسمۇ گۈلسارە، قىزلار نائۈمىد قالمىسۇن، بىز يۈرەيلىچۇ، — مەن چاقچاقتا يۈلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قەلبىمنى ئىزھار قىلدىم.

— ۋاي ئادەمنى خىجىل قىلماڭا، — گۈلسارە قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈش خىجىل بولىدىغان ئىش ئەمەسقۇ، سىزنىڭ مېنى ياقتۇرىدىغان-ياقتۇرمايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن، ئەمما مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ مېنىڭ ھەقىقىي يۈرەك سۆزۈم.

— ماڭا قاراڭ ئىپتىخار، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — بىز بۇ يەرگە ئوقۇشقا كەلگەن. سىز قانداق قارايسىزكىن، مېنىڭ نەزىرىمدە ئالىي مەكتەپ «كۆيدۈم، پىشتىم» دەپ يۈرىدىغان ئەيش-ئىشرەت ماكانى ئەمەس. ئالدى بىلەن ئوقۇشىمىزنى خاتىرجەم ئوقۇۋالايلى. قالغان ئىشلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندە بىر گەپ بولمامدۇ؟

— ئۇنداقتا مەن قۇرۇق ئۈستەڭگە مىراپ بولۇپ يۈرىدىكەنمەن-دە.

— سىز شۇنداق ئويلامسىز؟

— ئاۋادا بىرەرى مەندىن چاققان كېلىپ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئوغرىلاپ كەتسىچۇ گۈلسارە.

— سىزدەك قورۇقچۇم تۇرغان يەردە كىمنىڭ ھەددى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، — ئىپتىخار، مېنىڭمۇ ئويلىغان يەرلىرىم بار. مەن چەت سەھرادىن كەلگەن قىز. ھازىرچە مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئوقۇشلا بار. سىز رەنجىمەڭ. مېنىڭ سىز بىلەن يېقىن يۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ سىز مېنىڭ يېنىمدا بولسىڭىز باشقا يىگىتلەرنىڭ ئاۋارە قىلىشىدىن قۇتۇلىمەن.

مەن گۈلسارەنىڭ خىيالىنىڭ بۇ دەرىجىدە ئىنچىكىلىكىنى بىلمىگەنىدىم. «باشقا يىگىتلەرنىڭ ئاۋارە قىلىشىدىن...» دېگەن سۆزنى ئويلاپ، يۈرىكىم قارتىدە قىلغاندەك بولدى.

— باشقىلارمۇ سىزگە كۆڭۈل بۆلىدىكەندە؟

— ئۇنى بىر دېمەڭ.

— بەكمۇ تەلەيلىك ئىكەنسىز.

— ئىپتىخار، سىزنى ئۆز كۆرۈپ كۆڭلۈمدىكىنى دەۋاتسام، يەنە مېنى مازاق

قىلامسىز؟ — گۈلسارە بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە، شىلدىرلاپ سۇ ئېقىۋاتقان كىچىك ئېرىقنىڭ بويىدىكى چىملارنى يۇلۇشقا باشلىدى. سەل نېرىدىكى مەجنۇنتالنىڭ شېخىدا ئولتۇرغان بىر جۈپ تومۇچۇق بىر نېمىلەرنى سايراشماقتا، تومۇچۇقلار سايرىغاچ بىر-بىرىنىڭ پەيلىرىنى چوقۇلاپ خۇددى سۆيۈشۈۋاتقان ئاشىق-مەشۇقلاردەك ئىنچىكە تۇمشۇقلىرىنى بىر-بىرىنىڭكىگە تەگكۈزۈپ پىچىرلىشاتتى. تومۇچۇقلار دۇنيانى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقانىدى؛ بۇنى كۆرۈپ گۈلسارە يەنە ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. شۇئان مېنىڭ كۆز ئالدىمدا سوزۇلۇپ ياتقان قىپقىزىل لالىزار دالا زاھىر بولدى.

3

يازلىق تەتىلنىڭ ئىككى ھەپتىسى ئۆيدە ئۆتتى. ئاتا-ئانام بىلەن دىدارلىشىپ سېغىنىش ئىلكىدە قاغجىرىغان قەلبلەر ئارمىنىغا يەتتى. ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۈمگە گۈلسارە كىرىپلىۋالدى. ئۇنىڭ ئۆيى بىزگە قوشنا ناھىيىدە ئىدى. گۈلسارەنىڭ يۇرتىغا بېرىش خىيالىغا كېلىپ، بىر كۈنى ئانامغا ئېغىز ئاچتىم.

— ئانا، مەكتەپتە يېقىن ئۆتىدىغان بىر دوستۇم بولىدىغان، تەتىلدە ئۇنىڭ يېنىغا بارىمەن دەپ قويغانىدىم. بېرىپ كېلەيمىكىن.

ئانام كۈلۈمسىرىگىنىچە ماڭا قارىدى.

— ئۇ دوستۇڭنىڭ كىملىكىنى بىلسەم بولامدۇ؟

— بىلىپ نېمە قىلىسەن ئانا، ئىسمىنى دەپ بەرسەممۇ بەرىبىر سەن ئۇنى تونۇمايسەن.

ئېمىلا قىلغان بىلەن ئانام مېھرىبان ئايال. كەچتە دادام بىلەن مەسلىھەت قىلىشتى. دەسلەپ دادام مېنىڭ تەتىل بولغاندىكىن، ئۆيدە ئارام ئېلىشىمنى، ئارتۇقچە چىقىمدار بولۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. كېيىن ئانامنىڭ مېنىڭ تەرىپىمنى قىلىپ چىڭ تۇرۇشى بىلەن ئاخىر قوشۇلدى.

— تېز بېرىپ، تېز قايتقىن، ھايال بولۇپ قالما، — دېدى دادام.

ئاپتوبۇس ماتورى گۈرۈلدەپ، ساي قوينىنى لەرزىگە سالاتتى. چەكسىز سوزۇلغان بۇ دالىنىڭ قوينىنى يېرىپ يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان يولنىڭ ئۇچى يىراق ئۇپۇق بىلەن سۆيۈشۈپ غايىب بولاتتى. كۆز يەتكۈسىز ساي قوينىدا ئالۋۇنلار چىمىرلىشاتتى. بەكمۇ يىراقتا غايەت زور بىر قۇيۇن پىرقىرىماقتا ئىدى. قۇيۇن گويا سايدىكى ھەممە تاش-شېغىلنى، قۇم-توپىلارنى ئۇچۇرۇپ كەتمەكچى بولغاندەك دەھشەت بىلەن پىرقىراپ، دالا قوينىدا كېزىپ يۈرەتتى.

مەن ئاپتوبۇس دېرىزىسىنى ئېچىۋېتىپ ئۇ يەردىن كىرگەن ئىسسىق شامالغا كۆكسۈمنى تۇتۇپ خىيال بىلەن ئولتۇراتتىم. كۆزلىرىم دالىدىكى زومچەك-زومچەك

قۇم-شېغىل ئارىلاش دۆڭلەر، دۆڭ باغرىدىكى يامغۇر پەسلىدە ئۇنۇپ قالغان، ھازىر سارغىيىپ كەتكەن ئۆسۈملۈكلەر ئۈستىدە كېزىپ يۈرسىمۇ خىيالىمدا گۈلسارە بىلەن قانداق كۆرۈشۈشنى، ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېيىشنى ئويلاپ قالدىم. تەتىلگە مېڭىش ئالدىدا ئۇنى يوقلاپ بارىدىغانلىقىم ھەققىدە ئېيتمىغانىدىم. مېنىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن سەپىرىم ئۇنىڭغا قانداق تەسىرلەرنى بېرەركىن. يوقلاپ بارغىنىمدىن ئۇ خۇشال بولارمۇ ياكى ئائىلىسىگە بىرەر ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرەرمەنمۇ؟ ئاتا-ئانىسى نېمىدەپ قالار؟ خىلمۇ خىل خىياللار بىلەن سەل-پەل ئىككىلىنىپمۇ قالدىم؛ لېكىن يول بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى... تەۋەككۇل دېمەي بولمايدۇ-دە، يولغا چىقىپ سەپەر يېرىملاشقاندا، ماشىنا چاقىدەك يەل قويۇۋەتسەم قانداق بولىدۇ؟ مەيلى، بېرىپ كۆرەي، ئىش مەن ئويلىغاندەك بولماي قالسا، خوش دەپلا قايتىپ كېلىمەنغۇ...

ئۈچ يۈز كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بۇ مۇساپە ماڭا ئۈچ مىڭ كىلومېتىردەك بىلىنىپ كەتتى.

ناھەتكى كۆزلەر كۆتۈۋېرىشتىن تېشىلەي دېگەندە، يىراق ئۇپۇقتىن دەل-دەرەخلەر غۇۋا كۆرۈندى. ئاپتوبۇسمۇ ئوقۇرنىڭ ھىدىنى ئالغان ئاتتەك مېڭىشنى تېزلەتتى-دە، بىر ئازدىن كېيىن ناھىيىلىك يولۇچىلار بېكىتىگە كېلىپ توختىدى. مەن تېلىپ سىرقىراپ ئاغرىپ تۇرغان بېلىمنى رۇسلاپ بىر كېرىلىۋالغاندىن كېيىن ماشىنىدىن چۈشتۈم.

— ئېپتىخار!...

تونۇشلا بىر ئاۋازدىن ھەيران بولۇپ يېنىمغا قارىدىم؛ قارىدىم-يۇ، ساۋاقدىشىم ئىدرىسنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدىم. ئىشنىڭ بۇنداق ئوڭ كەلگىنى ياخشىلىقتىن بېشارەت ئىدى.

— دېسەم-دېمىسەم گۈلسارەنىڭ شاملى ئۇچۇرۇپ كەلدىغۇ سېنى ئەزىز مېھمان، — دېدى ئۇ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

— بىكەتتە نېمە قىلىپ يۈرىسەن ئىدرىس؟ — ھەيران بولۇپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئۆيگە كەلسەم دادام ئۈرۈمچىگە كاماندىروپكىغا كەتكەنىكەن، بۈگۈن كېلەرمىكىن دەپ يولغا قاراپ چىققانىدىم. سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىمنى قارا. بۇمۇ ياخشى بولدى. بولمىسا بۇ يەرنىڭ ئەلمى-تەلمىنى بىلەلمەي دورا يېگەن بېلىقتەك چۆرگىلەپ قالار ئىدىڭ. قېنى ئېيتقىنا، ئاۋۋال تاغتۇراغا بارامسەن ياكى بىزنىڭكىگىمۇ؟

— تاغتۇرا دېگەن قەيەر ئۇ؟

— خۇپسەنلىك قىلما، گۈلسارەنىڭ يۇرتىنىمۇ ئۇقماس بولۇۋالامسەن؟ — ئۇنىڭ قۇۋلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى قىسىلدى، — بوپتۇ. سەن دېمىسەڭمۇ كۆڭلۈڭدىكىسى ماڭا ئايان. ئاۋۋال تاغتۇراغا بېرىپ، گۈلسارەڭ بىلەن دىدارلىشىپ، كۆڭلۈڭنى تىندۇرۇپ تەشنالىقىڭنى باس. بۇ يەردىكى ئۆيۈڭنى سەن كەلگەندە ئوينايمىز، بىزنىڭكىدىمۇ بىرنەچچە كۈن تۇرمىساڭ بولمايدۇ.

— دېگىنىڭدەك بولسۇن.

ئۇ مېنى باشلاپ ناھىيە ئىچىدىكى يېزىلارغا قاتنايدىغان ماشىنا بېكەتكە كەلدى. بۇ يەردە مىنىبۇسلار سەپ تارتىپ، يولۇچى كۈتۈپ سانجاق-سانجاق تۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ «تاغتۇرا» دەپ ئاتىۋالغان گۈلسارەنىڭ يۇرتىغا قاتنايدىغان ماشىنىنى تاپتى ۋە مېنى ئورۇنلاشتۇردى.

— ماڭا قارا، — دېدى ئۇ بىر ئىشنى يادىغا ئالغاندەك ئۇشتۇمتۇت يېڭىمدىن تارتىپ، — تاغتۇراغا بېرىپ ماشىنىدىن چۈشىسەڭلا يوغان بىر تۈپ قەدىمىي تېرەك كۆزۈڭگە چېلىقىدۇ. ئاشۇ تېرەكنىڭ سول تەرىپىدىكى پىششىق خىشتا سېلىنغان بىر دۇكاندا ھېلىم ئىسىملىك بىرى تىجارەت قىلىدۇ. ئۇ مېنىڭ ۋە گۈلسارەنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدىكى ساۋاقدىشىمىز. سەن ئۇدۇللا شۇنى ئىزدە. گۈلسارەنىڭكىگە سېنى شۇ ئاپىرىپ قويسۇن. بولمىسا تاغ دېگەنىنىڭ قوينى كەڭ. قارا كۆزلۈكۈڭنىڭ داچىسىنى تاپالماي پىرقىراپ قالىسەن.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ئىدىرىس، — مەن كۈلگەن پېتى بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ئۇ يەردە يىلتىز تارتىپ قالماي، تېزرەك قايتىپ كىر. ئومىقىڭنى بىللە ئېلىپ چۈش. مەن بۇ يەردىكى ساۋاقداشلارغا خەۋىرىڭنى بېرەي. ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي يۇرتىمىزغا ئاران بىر كەلگىنىڭدە ئىززىتىڭنى قىلىپ، كەشىڭنى تەتۈر كىيىپ كېتىدىغان قىلىۋەتمىسەك بولماس.

ماشىنا قوزغالدى، ئوڭغۇل-دوڭغۇل يول يۈزى بەئەينى چېچەك باسقان ئادەمنىڭ يۈزىگە ئوخشايتتى. ماشىنا سىلكىنىپ، ماتور جىغىلدايتتى. ئۇ داۋاندىن بۇ تۆپىلىككە قاراپ سوزۇلغان تاشيول يىراقتىن خۇددى ئاق رەڭلىك يىپەك بەلباغقا ئوخشايتتى. يول بويلىرىدا ئۆسكەن جىغان غۇچچىدە مېۋە تۇتقانىدى. تاغ جىرالىرىنى قاپلىغان ياۋا كەندىرلەر شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ماشىنا بىرەر داۋاننىڭ ئۈستىگە چىققاندا، داۋاننى قاپ بەلدىن ئوراپ لەيلىشىپ يۈرگەن ئاقباش بۇلۇتلار كۆزگە تاشلىناتتى.

بۇ مەنزىرىلەرنى تۇنجى كۆرۈۋاتقاچقا ئۆزۈمنى باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. بىز تەرەپتە مارجاندەك مېۋىلەيدىغان جىغانمۇ، تاغ سەيلىكىنىدە يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان ياۋا كەندىرمۇ، تاغلارنى شارپىدەك ئوراپ تۇرىدىغان ماموق بۇلۇتلارمۇ يوق ئىدى. تۆگە لوكىسىدەك گىرەلىشىپ كەتكەن داۋانلارنى، سۆكسۆك، تۆگىتاپىنى، بابۇنە ۋە پۇپۇكلىرى تاراپ قويغاندەك چىغلارنى، كونا يول ئىزلىرىدا ئۈنۈپ قالغان ئادىراسمان كۆكلىرىنى ئۇچرىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مەن ئۇستا رەسسامنىڭ قولىدىن چىققان رەسىمگىلا ئوخشايدىغان تەبىئەتنىڭ بۇ نادىر ئەسىرىگە پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بىلەن مەھلىيا بولغانىدىم. دېرىزىدىن بېشىمنى چىقىرىۋېلىپ يىراق-يىراقلاردا ئوتلاپ يۈرگەن خۇددى پاختا دۆۋىسىگە ئوخشاپ قالغان قوي پادىلىرىغا، چەكسىز كەتكەن دالىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە غوجىمە كىلىشىپ يېتىشقان تۆگىلەر تويىنغا تويماي قارايتتىم. بۇ يەردە

بىر قەدىمىيلىك، ئەسىرلىك جىمجىتلىق ۋە خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرەتتى. ھەممە تاغلارمۇ، باغلارمۇ، غۇچچىدە چېچەكلەر بىلەن قاپلانغان ئوتلاقلارمۇ سېھىرلىنىپ قالغاندەك، شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەك ئىدى. بۇ يەرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ ۋارقىرىغۇم، تاغلاردىن قايتىپ كېلىدىغان ئەكس سادايىمنى ئاڭلىغۇم، ئۇركۈپ قاچقان قوي-تۆگە پادىلىرىنىڭ دۈپۈر-دۈپۈر ئاۋازىغا قۇلاق سالغۇم كېلىپ كەتتى.

ئاجايىپ مۆجىزە، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — ئەگەر مۇشۇ رەسىمنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى سىزىشقا توغرا كەلسە، مۇشۇنچىلىك كامالەتكە يەتكۈزەلەرمىدى؟ ئادەم تېنىگە ھاياجانلىق تىترەك، كۆزىگە لىققىدە ياش ئاتا قىلالايدىغان مۇشۇ گۈزەللىكنى ئىنسان بالىسى ئاپىرىدە قىلالارمۇ؟ مېنىڭچە يارىتالىغاندىمۇ مۇنچىلىك كامالەتكە يەتكۈزەلىشى ناتايىن...

مەن شېرىن خىيال، ئاجايىپ قىزىقىش ئىلكىدە ئەتراپقا قاراپ ئولتۇرۇپ، ماشىنىنىڭ مەنزىلگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيمايلا قاپتىمەن. ماشىنا دەل ھېلىقى قەدىمىي تېرەكنىڭ يېنىدا توختىدى. مەن سومكامنى كۆتۈرگىنىمچە ماشىنىدىن چۈشۈپ ئەتراپقا قارىدىم. دېگەندەك تېرەكنىڭ سول تەرىپىدە پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان، دېرىزىسى جىگەررەڭ سىردا سىرلانغان بىر دۇكان كۆزۈمگە چېلىقتى. مەن دۇكانغا كىردىم. يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن قولىدىكى «قۇملۇقنىڭ چۈشى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ مېنىڭ دۇكانغا كىرگىنىمنىمۇ سەزمىدى.

— ھېلىم دېگەن سىز بولامسىز؟ — مەن بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئاستا سورىدىم. يىگىت چۆچۈگىنىچە كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.

— ھە ئە... — ئۇ قىزلارنىڭكىدەك زىل ئاۋازى بىلەن جاۋاب بەردى.

— شەھەردىن كېلىشىم. ساۋاقدىشىم گۈلسارەنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، — دېدىم مەن ئىتمىشقىندۇر ئاۋازىم بوغۇلۇپ، تىلىم تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالغاندەك، بۇ سۆز تولىمۇ قىيىندا ئېغىزىمدىن چىقتى.

— سىز ئۇنىڭ ساۋاقدىشىمۇ؟ — ئۇ ئوقۇۋاتقان كىتابىنى يىپىپ پوكەينىڭ ئاستىغا قويۇپ قويدى، — توغرا، قايسى كۈنى ئۇنىڭ ئالبومىدا رەسىمىڭىزنى كۆرگەنىدىم.

— شۇنداق. ئۇنىڭ ئۆيى قەيەردىكىن؟

— ئۆينى دەپ بەرسەممۇ تاپالمايسىز ھەقچان، بولدى، سىزنى مەنلا باشلاپ باراي، — ئۇ تېزلا دۇكاننىڭ دېرىزە قاپقاقلىرىنى چۈشۈردى. ئاندىن ئىشىكنى ئېتىپ دۇكان تېمىغا يۆلەپ قويغان موتسىكلىتنى ئوت ئالدۇردى.

بىز خېلى ئۇزۇن يول يۈردۇق. بىر چاغدا كىچىكرەك بىر دەريا ئۇچرىدى.

— بۇ ئاقما دەرياسى، — دېدى ھېلىم موتسىكلىت سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، — پەقەت يامغۇر پەسلىدىلا سۇ كېلىدۇ. شۇڭا، كونىلار بۇ دەريانىڭ سۈيىنى «تىرىك سۇ» دەپ ئاتىشىدۇ. ئاڭلىسام تىرىك سۇ ئىچكەن ئايال ئاسان ھامىلدار بولارمىش.

— سىز بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟

— سۇ ئىچكەنگە نېمە بولىدۇ دەيسىز. بىراق، كونىلارنىڭ سۆزىگە ھە دەپ باش لىڭشىتىپ قويساقلا بولىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاياللار دۆلىتىنىڭ پەرزەنت دەرياسى بولسا بولىدىكەنۇ، بىزنىڭ بولسا بولمامدىكەن؟! — بىزنىڭ قاقاقلىغان كۆلگە سادا بەمىز ئاقما دەرياسىنىڭ سۇسىز ئېقىنى ئۇستىدە ياگىرىدى.

— مېنىڭمۇ شۇنداق ئۇقۇغۇم بار ئىدى، — دېدى ھېلىم ئۇلۇغ-كىچىك تىنىغىنىچە، — لېكىن مەكتەپنىڭ چىقىمى بەك ئېغىر ئىكەن. ئۇچ-تۆت تومەننى خىراجەت قىلىپ تۆت تەڭگىلىك ئىش ھەققى بار خىزمەت تاپماق ئەرشكە چىققاندىنمۇ تەسكە توختايدىكەن، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاتا-ئانام مېنى ئوقەت يولىغا باشلاپ قويدى. ھازىرغۇ ئوقىتىم يامان ئەمەس. ئەپسۇسكى، دىلدىكى بىلىم ئېلىش ئوتى ئۆچكىنى يوق.

— بىزگە ئوخشاش ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغانلارنىڭ كۆڭنىنىڭ تەسلىكىنى سورىمايلا قويۇڭ، ئاتا-ئانىمىزنى قاق بىسەنەم قىلىۋەتكەنىنىڭ ئۇستىگە، كېيىن خىزمەتنىمۇ ئۆزىمىز تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. ھوقۇقى بار، يولى بار، پۇلى بارلارنىڭغۇ ئىشى ئوڭدىن كېلىدۇ. لېكىن... ھەي...

— ئاڭلىسام ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغانلار سىلەرنى كۆزگە ئىلمايدىكەنغۇ.

— شۇنداق، ئۇلار بىزنى پەس كۆرىدۇ. چۈنكى بىز قورساقتىكى ئۇماچقا ئەمەس، يانچۇقتىكى پۇلغا تايىنىپ ئوقۇيدىغانلار تۇرساق. ئەلۋەتتە بىز ئۇلارنىڭ خىلى ئەمەستە.

— راستىنى ئېيتسام، — دېدى ھېلىم يىراقتىكى ئاقباش چوققىلىق كوئىنلۇن تاغلىرىغا، كۆپكۆك ئاسماندىكى ئۈزۈپ يۈرگەن قار پومزەكلىرىدەك بۇلۇتلارغا غەمكىن تىكىلگىنىچە، — بىزدەك قورسىقى ئەمدىلا ئاش-نانغا تويۇۋاتقان، كىيىمى تېخى پۈتۈن بولۇپ ئۈلگۈرمىگەن كىشلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇتمىقى ئانچە ئاسان ئەمەسكەن. مەسىلەن، گۈلسارەنى دېسەم ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئوقۇتمەن دەپ ئون جېنىنىڭ بىرى قالدى.

ئۇ بىر ئاچالغا كەلگەندە، موتىسىكلىتنى يانىدىكى چىغىر يولغا بۇرىدى. بۇ كالا تېزەكلىرى، ئۆت-چۆپلەر ئارىلىشىپ كەتكەن توپىلىق يول بولۇپ، موتىسىكلىتنىڭ ئارقىسىدىن قېلىن توپا-چاڭ ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر دۆڭنىڭ باغرىغا سېلىنغان كونا ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بىز موتىسىكلىتتىن چۈشۈپ تال پىلەكلىرىدىن توقۇلغان دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىردۇق.

ھويلا ئىچى خېلىلا كەڭرى ئىدى. بىرنەچچە توخۇ بىر بۇلۇڭدىكى سامان دۆۋىسىنى تاتىلاپ دان ئىزدىمەكتە. نېرىقى تامنىڭ تۈۋىدە تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر ئورۇق قوي خۇشياقمىغاندەك كۆشەپ ياتاتتى. پېشايۋان ئاستىدا ئاق داكا ياغلىقنى چېكىلەپ چىگىپ، كەڭ ئېتەكلىك ئەتلەس كۆڭلەك كىيىۋالغان بىر ئايال غەلۋىر بىلەن بۇغداينى ئۆگۈت قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاياغ تىۋىشىمىزنى ئاڭلىدى بولغاي، ئىتتىكلا بېشىنى كۆتۈرۈپ

كىتاب تورى

بىزگە قارىدى. ئۇ گۈلسارە ئىدى.

ئۇ مېنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. قولىدىكى غەلۋىر گۈپپىدە سۇپىغا چۈشتى.

— ھوي، بۇ ئۇخلىمىز يا چۈشۈممۇ؟ ئىپتىخار... سىز... بۇ سىزمۇ؟

— سىز ئىپتىخارنىڭ سۈرىتىدىكى بىرەر جىن كەلدىمىكىن، دەپ ئويلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ھېلىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

گۈلسارە ئىنتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە ھايالشمايلا بىر كۆرپىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ سۇپىغا سالدى.

— قېنى ئىپتىخار، بۇياققا ئۆتۈڭ، قاچان يولغا چىققانىدىڭىز؟

— ئەتىگەن.

گۈلسارە بىر چىنىدە سوغۇق سۇ ئېلىپ كەلدى.

— قېنى، ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋېلىڭ ئىپتىخار. ھېرىپ كەتكەنسىز ھەقىچان.

مۇزدەك تاغ سۈيى تومۇر-تومۇرلىرىمغا تارقاپ ھاردۇقۇمنى چىقىرىۋەتتى. گۈلسارە يەنە چىنىنى توشقۇزۇپ كېلىپ ھېلىمغا سۇندى ۋە يەنە نېمىلەرنى قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي ھويلا ئىچىدە پىرقىراشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئەللىك ياشلاردىكى بىر ئايال چىقتى، ئۇ كۆڭلىكىنىڭ پېشىدە كۆكتات كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئايال بىزنى كۆردى-دە، ھودۇقىنىدىن تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى تۇتۇۋالغان قوللىرى ئىنتىكلا كۆڭلىكىنىڭ ئالدىدىكى يىرتىلغان جايىدىن چىقىپ تۇرغان كۆكسىنى توسۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. بۇنى كۆرۈپ گۈلسارە بەكمۇ ئوڭايسىزلاندى.

— قاسىمكام كۆرۈنمەيدىغۇ، — سورىدى ھېلىم گۈلسارەنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك.

— جۇۋازخانىدا.

— بىز كۆرۈشۈپ چىقايلى، — ھېلىم شۇنداق دېگەچ يېنىمدىن ئاستا تارتتى. بىز ئايلىنىپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۇق. ئۇ يەردىكى ئىسلاشقان، قاپقاراڭغۇ بىر ئېغىز ئۆي جۇۋازخانا قىلىنغانىدى. جۇۋاز ئوقىنىڭ سۈركىلىشىدىن چىققان يىغلىغاندەك ئاۋاز پىراقتىنلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قاسىمكا، ئوبدان تۇرۇۋاتامدىلا؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىن ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ چاكىنا بولۇپ كەتكەن بىر بوۋاي چىقىپ بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

— بۇياق گۈلسارەنىڭ ساۋاقدىشى ئىكەن، يوقلاپ شەھەردىن كەپتۇ، — دېدى ھېلىم مېنى كۆرسىتىپ.

— يولدا جاپا تارتقانسەن ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي قولۇمنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ چىڭ-چىڭ سىقىپ، — بىزنى سەھرالىق دېمەي يوقلاپ كەلگىنىڭگە رەھمەت.

بوۋاينىڭ ياخشى مۇئامىلىسى كۆڭلۈمدىكى قورۇنۇش، ئەنسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ،

ئۆزۈمنى خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. جوۋازخانىنىڭ شۇنچە قاراڭغۇ بولۇشىغا باقماي كالىنىڭ بېشىغا بىر ئەسكى چاپان چۈمكەپ كۆزى توسۇپ قويۇلغانىدى. جىنازىغىلا ئوخشايدىغان بۇ قېرى كالا ھېرىپ مادارىدىن كەتكەنىدى.

ــ چۇھ... ــ بوۋاي قولىدىكى مايلىشىپ سارغىيىپ كەتكەن يۇلغۇن تايىقى بىلەن كالىنىڭ ساغرىسىغا نوقۇپ قويدى. كالا پۇشۇلدىغىنىچە جوۋازنى ئايلىنىپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇققا تۇتاشتۇرۇلغان ئاچىنىڭ بېشىغا يوغان-يوغان تاشتىن ئۇچى ئېلىنىپ قويۇلغان بولۇپ، كالا ئۇنى سۆرەپ ماڭغاندا غىچىرلىغان ئاۋاز چىقاتتى.

ــ ئۆيگە چىقىڭلار باللىرىم، ــ دېدى ئۇ كونىراپ ئۆڭۈپ كەتكەن يەكتىكىنىڭ پەشلىرىنى پوتىسىغا قىستۇرۇۋېتىپ، ــ ئازلا قالدى، مەن ھەيدىۋېتىپ ئارقاڭلاردىنلا چىقىمەن.

كەچ كىرگەنىدى. مىس تاۋاققىلا ئوخشاپ قالغان قۇياش تاغ كەينىگە ئاستا-ئاستا مۆكمەكتە. يىراقتىن پادىچى باللارنىڭ ناخشىسى، ۋارقىراش، جارقىراشلىرى ئاڭلانماقتا. قويلارنىڭ مەرەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھەيۋە بىلەن ھاڭراشلىرى دەممۇ دەم قىستاپ كېلىۋاتقان كەچكى گۇگۇمنىڭ پەيزىنى بۇزماقتا ئىدى.

ــ مەن قايتاي، ــ دېدى ھېلىم جوۋازخانىدىن چىقىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ــ كەچ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. دۇكاننىڭ بەزى چالا ئىشلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە موتىسىكلىتنىڭ چىرىغى كۆيۈپ كەتكەن، كەچ قالسام...

ئۇ گۈلسارەنىڭ ۋە مېنىڭ شۇنچە تۇتقىنىمىزغا قارىماي كەتتى.

ــ بىمەھەل چاغدا چاقىرمىغان مېھمان بولۇپ كېلىپ سىلەرنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، ــ دېدىم مەن خالىي قالغاندىن كېيىن.

ــ بۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، ــ گۈلسارە بېشىنى چايقىدى، ــ سىز دېگەن چاقىرىپمۇ ئەكەلگىلى بولمايدىغان مېھمان. بىراق، نېمىشقا بۇ تەرەپلەرگە كېلىدىغانلىقىڭىزنى ماڭا بۇرۇنراق ئېيتمىغانىدىڭىز؟

ــ سىزنى بىر ھەيران قالدۇراي دېدىم شۇ.

ئۇ مېنى ئۆيگە باشلىدى. ئۆينىڭ ئىچى بايا بىز كۆرگەن جوۋازخانىدىن قېلىشمايتتى. تام ئوچاقتىن كۆتۈرۈلگەن ئىس بىلەن تاملار، تورۇسلار قارىدىغانىدى. تورۇستىكى لىمغا سېلىنغان كونا قارلىغاچ ئۇۋىلىرى چۆلدەرەپ قالغانىدى. چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان قارا چىراغ ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

ــ بۇ مېنىڭ ئانام بولىدۇ، ــ دېدى گۈلسارە قازانغا كۆكتاتلارنى سېلىۋاتقان ئايالنى كۆرسىتىپ.

ــ ياخشى تۇرۇۋاتامدىلا ئانا.

ــ يامان ئەمەس، ــ ئۇ مېنىڭ ئەھۋال سورىشىمغا ئاشۇنداق قىسقىلا جاۋاب بېرىپ باشقا گەپ-سۆز قىلمىدى. گۈلسارە سۇپىدىكى توپا بۇخسۇپ تۇرغان كىگىزنىڭ ئۈستىگە بايا ھويلىغا ئېلىپ چىققان كۆرپىنى سالدى. مەن كۆرپە ئۈستىدە خۇددى

ئۆز ئۆيۈمدىكىدەك بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردۇم. ئۆي ئىچىدىن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرىدىغان نامراتلىق ھىدى پۇراپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن گۈلسارە سەل خۇدۇكسىرىگەندەكمۇ قىلاتتى.

كۆك چامغۇر سېلىپ ئېتىلگەن سۈيۈق ئاشنى ئىشتىھا بىلەن ئىچتىم، پۈتۈن بەدىنىم لەسسىدە بوششىپ، ئاجايىپ راھەتلەندىم. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن بوۋاي ناھايىتىمۇ ئۇزۇن دۇئا قىلدى.

— تاغ يېرى دېگەن شەھەرگە ئوخشىمايدۇ ئوغلۇم، — بوۋاي ساقال-بۇرۇتلىرىدىكى ئاش يۇقۇندىسىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ماڭا نەزىرىنى ئاغدۇردى، — بۇ يەرنىڭ .پارقىراپ كۆزنى چېقىپ يانىدىغان توكى يوق. سۈرەت چىقىدىغان ساندۇقچىسى يوق. بىزنىڭ تۇرغان-يۈتكىنىمىز مانا مۇشۇ. سىبنى ياخشى كۈتۈۋالالمايدىغان بولدۇق، كۆڭلۈڭگە ئالما.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە.

بوۋاي ناھايىتى پاراڭچى ئادەم ئىكەن. بىز بىرەر سائەتچە تاغدىن-باغدىن پاراڭلاشتۇق. ئۇ ياستۇققا جەينىكىنى قويۇپ، بىر كۈن كەچكىچە جۇۋاز ھەيدەپ تالچىققان بېلىنى سوزۇپ يانپاشلىغىنىچە قىزىق-قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بەردى. گەرچە ئۇ جۇۋازچى بولسىمۇ جەمئىيەت ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىكەن. ئىككىمىزنىڭ كۆزقاراشلىرى ئاساسەن بىر يەردىن چىقتى.

— باي بولارمىز دەپ جۇۋازخانامدىكى كالىدەك ھاردىم-تالدىم دېمەي نەچچە يازلارنى ئۆتكۈزدۇق. لېكىن كۆرۈپ تۇرۇپسەن ئوغلۇم. چوقىمىز ھېچ ئاپتاپ كۆرمىدى. سەن دەپ باقە بېيىشقا ئاز قاپتۇقمۇ؟

— خېلى كۆپ يول باردەك تۇرىدۇ.

— شۇنداق، تاپقىنىمىز جەرىمانىدىن، بالا ئوقۇتۇشتىن ئاشمىدى. ھەي...

ئۆي ئىچىگە نەزەر سالدىم. گۈلسارە بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئايال بىر بۇلۇڭدا قاچا-قۇچىلارنى شالاقلىتىپ يۇيۇۋاتاتتى. ئەتراپ تىمتاس ئىدى. تۈڭلۈكتىن ئاسماندىكى چېچىلىپ ياتقان ياقۇتلاردەك چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار توپى كۆرۈنەتتى. يىراق-يىراقلاردىن ئىتنىڭ ئەنسىز قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

— دادا، ياتايلىچۇ، — دېدى گۈلسارە بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، — سەنمۇ چارچىدىڭ. ئىنىپتىخارمۇ بۈگۈن يول يۈرۈپ ھېرىپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئارام ئېلىۋالسۇن، قالغىنىنى ئەتە پاراڭلاشساڭلارمۇ بولىدىغۇ.

بوۋاي بېشىنى لىڭشىتتى. يېتىپ قوپىدىغان ئۆي مۇشۇ بىر ئېغىز بولسا كېرەك، ھەممەيلەن شۇ ئۆيدە تىقىلىپ ياتتۇق. مەن قارا چىراغنىڭ ئىسى لەيلەپ يۈرگەن ئۆي ئىچىدىن گۈلسارەنىڭ ھىدىنى ئايرىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ، خېلىلا كۈچىگەن بولسامۇ، ھەددىدىن زىيادە چارچاش تۈپەيلى بىردەمدە ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىمنى سەزمەيلا قاپتىمەن.

# 4

ئەتىسى ۋاخچە تۇردۇم. تويۇقسىز بىرىنىڭ ئىشەك ھاڭرىغاندەك سەت ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئەتراپقا قارىسام ئۆيدە ھېچكىم يوق، ۋارقىرىغان ئاۋاز ھويلىدىن كېلىۋاتاتتى. مەن ئورنۇمدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ھويلىغا چىقتىم. بەئەينى ياۋا قوتازدەك كېلەڭسىز گەۋدىلىك، چىرايى كۆمۈردەك قارا، كۆزلىرى قارا، تاماكىنى بېسىپ چەككەنلىكتىن بەقەمدەك قىزارغان، بۇرۇتى قۇلىقىغا ياماشقان، سەھرادىكى يالغۇز ئاياغ يولدا ئۇچرىتىپ قالسا دېۋىمىكىن، دەپ ئادەمنى سۈر باسىدىغان بىرى قاسىمكامغا قولىنى شىلتىپ ۋارقىراۋاتاتتى.

— يىغىنغا بار دېسە سايەڭنىمۇ كۆرسەتمەيسەن لەقۋا. جەرىماننى دېسە چاشقان تەشكەن سويمىدەك قاراپ تۇرامسەن؟ خىيالىڭدا غوجاكاڭنىڭ بۇرۇتىغا چالما تىزاي دەپسەندە.

— ياق. ياق جېنىم ئوكام، مەن راستىنلا ئۇقماپتىمەن. يىغىن ئېچىلىدىغانلىقى ھەققىدە ماڭا ھېچكىم خەۋەر قىلمىدى، خۇدانىڭ نامىدىن قەسەم قىلىمەنكى...

— ماڭا قەسەم ئەمەس، شاراقلاپ تۇرىدىغان، چوشقىنىڭ قۇلىقىدەك چوڭ، ئانار چېچكىدىن ئۇچى لازىم. تېز بول جۇۋازچى، مېنىڭ ۋاقتىم قىس، سەپرايىم ئۆرلىمەستە ئىشنى ساقايتىۋەت، بولمىسا...

— سىلەر يىغىننى ئوغرىلىقچە ئاچامسىلەر؟ — ئۇنىڭ يولسىزلىقىدىن غەزىپىم كەلگەن بولسىمۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ مىجەزىنى تولۇق چۈشەنمىگەچكە ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ شاپ بۇرۇتتىن سورىدىم.

— ئەزالارنىڭ ھەممىسىنى خەۋەرلەندۇرۇپ ئاندىن ئاچىمىز، — ئۇ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ماڭا ئالايدى.

— ئەمىسە قاسىمكامغا خەۋەر قىلىشنى تاپشۇرغان كىشىنى تۇتسىڭىز ئىش ئاسانلا ھەل بولىدىغۇ. ئەمچەكنى تاپالماي باشقا يەرگە ئۇسۇپ يۈرگەندەك ئىش قىلىسىڭىز ئۆزىڭىزگىمۇ سەت ئەمەسمۇ؟

— نەدىن كەلگەن كىسپۇرۇشسەن، غوجاكاڭنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىدىغانغا، — ئۇ يەرنى قاتتىق تېپىپ چىچاڭشىپ كەتتى، — ئېغىزىڭ ئەجەب سېسىق ئىكەنغۇ سېنىڭ؟!

— مەن دېگەن گېزىتخانىنىڭ مۇخبىرى. ئىسمىم ئىپتىخار.

— مۇخبىر؟ گېزىتخانىنىڭ مۇخبىرى؟... — ئۇ خۇددى بېشىدىن مۇز ئارىلاش بىر چېلەك سۇ قۇيۇۋېتىلگەندەك ئەندىكىپ كەتتى، — مۇخبىرمەن دەڭ ئىپتىخارجان ئوكام، ئاپلا، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، راستىنلا ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ. كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. راست، قاسىمكامغا خەۋەر قىلىشنى كەنت بوغالتىرىغا تاپشۇرغانىدىم. شۇ دەلتىنى تۇتاي، — شاپ بۇرۇت ئۆزۈن يىل كىيىلگەن ئىشتانىدەك پېتىدىن چۈشۈپ ئارقىغا ياندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— جەرىماننى مەن تۆلۈۋېتەيمۇ-يا؟

— ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ مۇخبىر ئۇكام. ھە راست، مۇشۇ ئىش گېزىتكە چىقىپ كەتمىسە، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى تولىمۇ ياغاچقۇلاق. جەرىمانە دېمىسە ھەتتا يوتقاندىنمۇ چىقىشمايدۇ، — ئۇ ھويلىدىن چىقىپلا خۇددى قويۇندەك پىرقىراپ بىردەملا كۆزدىن يىتتى.

— ئوغلۇم، بۇ قارا ئېيىق مۇخبىر دېگەن سۆزدىن ئەجەب قورقىدىكەن، سەن دېگەن مۇخبىر نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم ئۆزى؟ — قاسىمكام ھەيران بولۇپ سورىدى.

— بۆرىمۇ ھەرقانچە ۋەھشىي بولغىنى بىلەن ئوتتىن قورقىدۇ. بۇ بەگ-غوجاملارمۇ ئۆزلىرىنى جاھاندا بىر ساناپ، سىلىدەك ئاق كۆڭۈل، بوزەك كىشىلەرنى قاقشىتىپ يۈرگەن بىلەن قىلىپ يۈرگەن ئەسكى ئىشلىرىنىڭ ئاشكارا بولۇشىدىن قورقىدۇ. مۇخبىر دېگەن جەمئىيەتتىكى ياخشى-يامان ئىشلارنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ، ھەق-ئادالەتنىڭ يولىنى يورۇتقۇچىدۇر.

قاسىمكام بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن كۈلۈپ قويۇپ جۇۋازخانىغا كىرىپ كەتتى. مەن سىرتقا چىقتىم. ئەتراپ تىپتىنچ ئىدى. چەكسىز دۇنيا ئاسمانىنىڭ تېگىدە خۇددى ئاقما دەرياسىدىكى ئېقىن ئىزىدەك تىپتىنچ سوزۇلۇپ ياتاتتى. مەيىن شامال توختىغان، ھاۋا قېتىپ قالغاندەكلا ھەرىكەتسىز ئىدى. مەن ئۆينىڭ كەينىدىكى تۆپىلىككە ياماشتىم، ئايىغىم ئاستىدا يۇمشاق قۇملار پەسكە سىيرىلاتتى. مەن چىغ كۆتەكلىرى، يۇلغۇن شاخلىرىغا يامىشىپ تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىققىنىمدا بىر گۈزەل سۈرەت كۆز ئالدىمدا قۇچاق يايدى.

كۈن ئەمدىلا ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرگەنىدى. شەرق تەرەپتىكى ئاقباش بۇلۇتلار ئۇياتچان قىزنىڭ مەڭزىدەك سەھەر قۇياشىنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇراتتى. خۇددى بىرى يۇيۇپ تاراپ، گىرىم قىلىپ قويغاندەكلا پارقىرايتتى. تۆپىلىكنىڭ يان باغرى نېرىسىغا سوزۇلغان ئوتلاق مەيدان بولۇپ، ياپيېشىل ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە بىر قەۋەت ئاقۇچ تۇمانلار لەيلەپ يۈرەتتى. ئوت-چۆپلەرنىڭ ھۆپپىدە ئېچىلغان چېچەكلىرى لېچەك ئىچىدىكى قىزنىڭ كۆزلىرىدەك چاقنايتتى. ئوت-چۆپلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتىدىغان يىلانباغرى چىغىر يولدا ئون ئۈچ، ئون تۆت ياشلاردىكى ئىككى قىز چېلەك كۆتۈرۈپ، ئېقىن بويىغا — سۇغا ماڭغانىدى. ئوت چۆپلۈك دالا، ئۇندىكى چىغىر يول، چېلەك كۆتۈرۈۋالغان ئۇماق قىزلار ۋە ئەتىگەنلىكى تۇمان قوشۇلۇپ ئادەمگە ئاجايىپ بىر سېھرىي تۇيغۇ بەخش ئېتەتتى. خىيال بىلەن تۇرغىنىمدا كۆزۈم تۇمان ئاستىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان چىغىر يولدا بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ كېلىۋاتقان گۈلسارەگە چۈشتى. ئۈستىدە ئۇ دائىم كىيىۋالىدىغان ئاق تەگلىك، قارا چېكىت گۈللۈك كۆڭلىكى بار بولۇپ، ئۇ شۇ تاپ ئوتلاق ئىچىدە گۈلدىن-گۈلگە قونۇپ يۈرگەن گۈللۈك كېپىنەكنى ئەسلىتەتتى. چىرايىدىكى مىسكىنلىك ئىپادىلىرى ئۇنى يەنىمۇ مۇلايىم، نازاكەتلىك قىلىپ كۆرسىتەتتى.

— گۈلسارە! — مەن ئۇنى چاقىرىپ ۋارقىرىدىم، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مېنى كۆردى ۋە قولىنى پۇلاڭلاتتى. مەن خۇددى تايغاندەك سەكرەپ پەسكە — گۈلسارە تامان ئېتىلدىم.

ئوت-چۆپلەر يۇزىدىكى شەبنەم بىلەن شىمىنىڭ يوپۇرماقلىرى تىزىمغىچە سۇ بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە شالاڭ ھاۋادا ھاسىراپ تىنىقىم ئۇلاشمايلا قالغانىدى.

— قانداق؟ بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى كۆڭلىڭىزگە ياقتىمۇ؟

— ئۇنى بىر دېمەڭ، تاغ ھاۋاسى نېمىدېگەن ساپ-ھە! ماڭا قەۋەتلا يېقىپ قالدى...

— لېكىن سىزنى ئۆمۈرۋايەت مۇشۇ تاغ ئارىسىدا قال دېسە، بۇنداق ساپ ھاۋامۇ ياقماي قالار؟ — دېدى گۈلسارە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھاۋاسى ياقماي كۆلى ياقسىمۇ ھېسابقۇ.

گۈلسارە لېۋىنى يېنىككىنە چىشلەپ قويدى. بىز چىغىر يولدا ئۈن-تىنسىز ھالدا خېلى ئۇزۇن ئايلاندۇق. مەن چىغىر يول بويىدىكى بىر ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— بۇ نېمە؟

— بۇنى ئادىراسمان دەيمىز، — دېدى ئۇ مەن كۆرسەتكەن ئۆسۈملۈكتىن بىرنى يۇلۇۋېلىپ، قولىدا ئوينىغاچ، — كۆز كەلگەندە يۇرت-يۇرتتىن ئادەملەر كېلىپ بۇ ئۆسۈملۈكنى يىغىپ كېتىدۇ. كونىلارنىڭ دېيىشىچە قۇرۇتۇلغان ئادىراسمان بىلەن قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئىسرىقلىسا كۆز تەگمەيدىكەن.

— مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلغانلىقىڭىزدىن پەخىرلەنسىڭىز ئەرزىيدىكەن گۈلسارە. راستىنى دېسەم، مېنىڭ سىزگە سەل تارلىقىم كېلىۋاتىدۇ جۇمۇ.

— سىز شۇنداق دېگەن بىلەن، باشقىلارنىڭ نەزەرىدە بۇ يەر ئىت باغلاپ قويسىمۇ تۇرمايدىغان جەزىرە. لېكىن بىز تۇرىمىز، چۈنكى تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز دېگەندەك، بىزمۇ كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن بۇ زېمىندا كۆكلىيەلەيمىز، — گۈلسارە بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا، كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر خىل ئىپتىخارلىق نۇرى چاقناپ كەتتى.

## 5

ھەش-پەش دېگۈچە تەتىل ۋاقتىمۇ توشۇپ قالدى. بىز يەنىلا يۇرت-يۇرتتىن ئۇۋىسىنى ئىزدەپ كەلگەن قارلىغاچلاردەك مەكتەپكە جەم بولدۇق. ئەپسۇس، گۈلسارە بىلەن ئىككىمىزنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتىمىز قاياقتىندۇر كەلگەن بىر شامال بىلەن توزغاقتەك توزۇپ كېتىدىغان بۇ كۈن ھەرگىزمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

مەكتەپكە يىغىلغان كۈنىمىز خۇددى قارا باسقاندەكلا بىر ئىش يۈز بەردى.

يۈك-تاقلىرىمنى جايلاشتۇرۇپ، ياتاقتىكى دوستلىرىم بىلەن مەكتەپ مۇنچىسىغا باردىم. راسا يۇيۇنۇپ، تېنىم يېنىكلەپ نەچچە كۈنلۈك سەپەر جاپاسىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدىم. مۇنچىدىن چىقىپ ياتاققا كەلگەندە بىر ياتاقدىشىم ھېلىلا گۈلسارەنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن كىيىملىرىمنى ئالماشتۇردۇم-دە، ئۇنى ئىزدەپ ھويلىغا چىقتىم.

گۈلسارەنى سىنىپىنىڭ كەينىدىكى تال باراڭلىق يولنىڭ بويىدىكى سېمونت ئورۇندۇق ئۈستىدە مۈگدىشىپ ئولتۇرغان يېرىدىن تاپتىم.

— گۈلسارە، قاچان كېلىۋالدىڭىز؟

ئۇ مېنىڭ سوئاللىرىمنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، بىر ئۇۋقتىمغا تىكىلگىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى مۇشتۇمدەك ئىششىغانىدى.

— گۈلسارە، يىغلىغاندەك تۇرىسىزغۇ. سىزگە بىر ئىش بولدىمۇ؟

ئۇ يىپى ئۈزۈلە يلا دەپ قالغان مارجاندەك ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى. شۇئان ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، يەلكىلىرى تىترەپ كەتتى ۋە كىچىك بالىدەك پاكىزە يىغلىۋەتتى. ئۇ شۇنچىلىك ئېزىلىپ ئىچ-ئىچىدىن يىغلىدىكى، مەن تاپىنىم ئاستىدىكى يەرنىڭ بۇ يىغىدىن تىترەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم.

— پۇل... پۇلۇم يوقاپ كەتتى ئىپتىخار، — دېدى ئۇ يىغىدىن بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ تۇرۇپ، — بۇ يىللىق مەكتەپكە ئۆتكۈزىدىغان ئىككى مىڭ يۈەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئوغرى ئالدى. مەن قانداق قىلىمەن؟ مەكتەپكە نېمىنى تۆلەيمەن؟ قانداق ئوقۇيمەن؟

خۇددى بىرى كالتەك بىلەن بېشىمغا قاتتىق ئۇرغاندەك كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، تۇرغان يېرىمدە قېتىپلا قالدىم. ئىككى مىڭ سوم! بۇ ئاز پۇلمۇ؟ يەنە كېلىپ مەن كۆرگەن گۈلسارەنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ پۇل خۇددى يۈرەكنى سۇغۇرغاندەك مۇشەققەت. تاغنى يۆتكىگەندەك جاپا بىلەن تېپىلغان ئەمەسمىدى؟ نېمىشقا كەلگۈلۈك مۇشۇلارغىلا كېلىدىغاندۇ؟

— ھەممە يەرنى ئاختۇردۇڭمۇ گۈلسارە، سەن... — مېنىڭ يەنە باشقا گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭ دىل يارىسىغا تۇز سەپكۈم كەلمىدى. نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنىمۇ ئويلاپ يېتەلمىدىم. راستىنى دېسەم ئۇ شۇتاپ قۇرۇق تەسەللىگە ئەمەس، مەكتەپكە ئۆتكۈزىدىغان پۇلغا بەكرەك ئېھتىياجلىق ئىدى.

— ئىپتىخار، — دېدى ئۇ توختاۋسىز تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە، — مەن ئىلگىرى ئائىلەم ھەققىدە ساڭا سۆزلەپ بەرمىگەنىدىم. بۇ قېتىم ھەممىنى كۆردۈڭ. ئەمدى مەن ئاتا-ئانامنى بازارغا ئاپىرىپ ساتساممۇ ئىككى مىڭ سومغا ئالمايدۇ. سەن بىلىسەن، مەن ئىستىقبال ھەققىدە شۇنداق شېرىن خىياللارنى قىلاتتىم. لېكىن ئۆز خىيالىمنىڭ ئۆزۈمنىڭ قولىدا سۇغا چىلىشىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ئەمدى پۇشايمان قىلساممۇ، ھەتتا ئۆلۈۋالساممۇ، كۆز چىققان جايىغا كەلمەيدۇ. مانا، ئالدىڭدا تۇرۇۋېتىمەن، مېنى نېمە قىلساڭ قىل، مەن رازى! مېنىڭ بېشىمنى سەنلا سىلىيالايسەن. ماڭا ياردەم قىل، نامراتلىق ئىلكىدە قۇرتتەك تولغىنىۋاتقان ئاتا-ئانامنىڭ ھەققى ئۈچۈن بولسىمۇ رەھىم شەپقىتىڭنى ئايىمىغىن...

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن گۈلسارە، كىچىككىنە زەربە بىلەن ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويساڭ قانداق بولىدۇ؟ سەن جىگەرلىك قىز ئىدىڭغۇ.

— ئەمسە قانداق قىلىمەن؟

— مېنى كەچۈرگىن، — مەن ئۇنى ئورۇندۇققا ئاستا ئولتۇرغۇزدۇم. بېشىم تازا قاتتى. شۇ تاپ ئۆيگە خەت يېزىپ پۇل ئەكەلدۈرگەن بىلەنمۇ ئۈلگۈرمەيتتى. قولۇمدا بولسا ئۆزۈم ئۈچۈن تۆلىگۈدەكلا پۇل بار ئىدى. باشقا ساۋاقداشلىرىمنىڭمۇ ئەھۋالى چاغلىق. شۇنداق ئىكەن، بۇ تاغدەك قىيىنچىلىق ئالدىدا نېمە قىلىش كېرەك؟ مەن بىر پەس ئويلىنىپ ئاخىر يېقىندىلا تونۇشقان پاختا-كەندىر شىركىتىدە ئىشلەيدىغان ئىككى ئاغىنەم بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىش قارارىغا كەلدىم.

— ماڭا قارا گۈلسارە، تولا غەم تارتىپ كەتمە. شارتلا سۇغۇرۇپ يانچۇقۇڭغا سېلىپ قوياي دېسەم مەنمۇ ئوقۇغۇچى. ئاتا-ئانامنىڭ قولىغا قاراشلىق ئوقۇغۇچى بولغاندىكىن مەندىمۇ ئارتۇق بىر نەرسە يوق. ئەمدىكى گەپ، ئىككى ئاغىنەم بار. مەن دەرھال شۇلارنى بىر يوقلاپ كېلەي، بەلكىم ياردىمى تېگىپ قالار. ئەتىگىچە پۇلنى تاپالىساق، مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ كېيىن ئۆيدىن پۇل ئەكەلدۈرۈپ قەرزلەرنى تۆلىۋېتەرمىز.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئاغىنىلىرىمنى ئىزدەپ باردىم. ئەپسۇس، بۇ ئاغىنىلەر پاختا سېتىۋېلىش ئۈچۈن قايسىدۇر بىر ناھىيىگە كېتىشكەنىكەن. شۇنداق قىلىپ گۈلسارەنى نائۈمىد قويدۇم. باشقا تونۇشلارنى ئۇچرىتىپ پۇل سورىغان بولسامۇ ئۇلار بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە ھال كۈنىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، ئىدارىسىدىن مائاش تارقاتمىغىلى بىر-ئىككى ئاي بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى قۇرۇق قول قايتۇردى. گۈلسارەنىڭ ئۈمىدسىزلىك تولغان كۆزلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم يۈرىكىم پىچاق تىققاندەك ئېچىشىپ كېتەتتى.

— كەچۈرگىن گۈلسارە، ھېچ ئامالىنى قىلالمىدىم... — بۇ سۆزنى ئېيتىش ماڭا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى.

— ھە... — ئۇ لېۋىنى يېنىك چىشلىدى. تىك كەلگەن قامىتى يادەك ئېگىلدى، — سېنى ئاۋارە قىلدىم، ئېپتىخار، — دېدى ئۇ ۋە بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئاستا مېڭىپ ياتىقى تەرەپكە يول ئالدى.

— گۈلسارە، — ئۇنى چاقىرىپ توختىتىۋالدىم، — مېنىڭچە مۇنداق قىلساقمىكىن، مۇئەللىمگە ئەھۋالنى ئېيتىپ كۆرسەك، سىنىپتا ئاز-تولا يىغىش قىلىپ...

— ياق ئېپتىخار. ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئەھۋالى ماڭا بەش قولدەك ئايان، مەن بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارغا ئېغىرىمنى سالسام قانداق بولىدۇ؟ ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىمگە ئۆزۈمنى مىڭنى تىللىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم.

## 6

ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۆچىرەتتە تۇرۇپ تىزىمغا ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىۋاتقانلارنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرى زالنى تىترىتىۋەتكەنىدى. مەن تىزىملىتىپ بولۇپ، قايتىپ چىقىۋېتىپ سەپ ئىچىدە گۈلسارەنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ بىر تۇتام پۇلنى تۇتقىنىچە ئېغىر خىياللار قوينىدا ئۇيقۇغا كەتكەندەك مىدىر-سىدىر قىلماستىن توپ ئىچىدە تۇراتتى. ئۇ مېنى كۆرمىدى. لېكىن مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ مېنىڭ يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتۇرغان، كېچە-كۈندۈز ۋەسۋەسىگە سالىدىغان نۇرلۇق كۆزلىرىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكىنى، چىرايىنىڭ تاتىرىپ ئاق لەيلى گۈلىگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. غەم-ئەندىشە ئادەمنى نېمە قىلمايدۇ دەيسىز؟

گۈلسارەنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى. ئۇ بىر كېچىدىلا ئۈششۈك تەگكەن سېرىن گۈلدەك ھەم سارغايغان، ھەم قورۇغانىدى.

— گۈلسارە.

ئۇ مېنى كۆردى ۋە قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— پۇلنى ھەل قىلدىڭمۇ؟

— بىر دوستۇمدىن قەرز ئالدىم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. گۈلسارەنىڭ دوستلىرى ماڭا ئايان. ئۇلاردا شۇنداق ياخشى كۆڭۈل بولغان بىلەن ھەدىگەندە چىقىرىدىغان مۇنچە كۆپ پۇلى يوق ئىدى. بىر كېچىدىلا ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ سوم پۇل بېرىپ تۇرىدىغان دوستىنىڭ پەيدا بولۇشى كۆڭلۈمنى غەش قىلدى. ئۆزۈم سەۋەبىنى بىلمىگەن بىر تىتىلداشنىڭ ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇ تاپتا بىرى بىلەن راسا مۇشتلاشقۇم، تاملارغا ئۇسكۈم، دەل-دەرەخلەرنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋەتكۈم كېلەتتى. ئاچچىق موخۇركىنى ئۈزمەي چېكەتتىم.

ئادەم نېمىدېگەن ئاجىز مەخلۇق-ھە! نېمىشقا ئادەم ئۆزى ئارزۇ قىلغىنىغا ئېرىشەلمەيدىغاندۇ؟ ناۋادا مەندە شۇ چاغدا گۈلسارەگە يەتكۈدەك پۇل بولغان بولسا، ئۇنىڭغا دەل ۋاقتىدا ياردەم بېرەلىگەنلىكىمدىن پەخىرلىنىپ بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرگەن بولار ئىدىم. ئىچىم ئاچچىققا تولماس ئىدى. كېيىنكى پاجىئەلەر ئاجىز ئىككى يۈرەكنى ئامبۇردەك قىسىپ يىغلاتمىغان، قەلب دالاسىدىكى مۇنبەت تۇپراقتا ئارمان گۈللىرى پۈرەكلەپ، جاھانغا خۇش پۇراقلار چېچىلغان بولاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن گۈلسارەنىڭ مىجەزى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك جىمىپ كەتتى. سىنىپ ئىچىدە، باغچىلاردا، تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا، ياتاق بىناسىنىڭ ماڭا تونۇش بولغان بالكونلىرىدا ئۇنىڭ شوخ، قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق كۈلكىلىرى ئاڭلانمايتتى. قاچانلا قارىسام ئۇنىڭ چېھرىدە

ئاجايىپ بىر مسكىنلىك ھۆكۈم سۈرەتتى، ئاشۇ ئىش مەڭگۈ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بۇ دەل مەۋسۇمنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر شەنبە كۈنى ئىدى. مەن تەنتەربىيە مەيدانىدىن كېلىۋېتىپ يولنىڭ چېتىدىكى سېمونت ئورۇندۇقتا بىر نۇقتىغا تىكىلگىنچە ئولتۇرغان گۈلسارەنى كۆرۈپ قالدىم. كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياشلار قۇيۇلماقتا ئىدى. گىرەلەشتۇرۇپ تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان قولى دىر-دىر تىترەيتتى.

— گۈلسارە، نېمە بولدۇڭ؟

ئۇ مېنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئىنتىكلا كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

— نېمە بولدۇڭ گۈلسارە، يىغلاۋېتىپسەنغۇ؟

— تەقدىرىمدىن يىغلايمەن ئېپتىخار. پېشانەمنىڭ تەتۈرلۈكىگە، نامرات بىر ئائىلىنىڭ قىزى بولۇپ قالغىنىمغا يىغلايمەن...

— ئۆيدە بىر ئىش بوپتۇمۇ؟

ئۇ بېشىنى چايقىدى. ئېمىشقىكىن گۈلسارەنىڭ چىرايى بەكلا ئوساللىشىپ كەتكەنىدى.

— ماڭا قارا گۈلسارە، — دېدىم ئۇنىڭ مۇزدەك بارماقلىرىنى ئالقىنىم ئارىسىغا ئېلىپ، — مەن سېزىۋاتىمەن، يېقىندىن بۇيان مەندىن قېچىپ يۈرۈۋاتىسەن؟ ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نېمىكەن، ئۆتكەندە ئۆزۈمنىلا ئويلاپ ساڭا ياردەم قىلالمىدىم. ئەسلى مەندىكى پۇلنى ساڭا بېرىپ، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن پۇلۇم يوقاپ كەتتى، دەپلا تۇرۇۋالسامۇ بوپتىكەن. بۇ ئەقىل ماڭا بەك كېچىكىپ كەلدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۆز-ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ كېلىۋاتىمەن. گۈلسارە، مېنى كەچۈرگىن، ئىككىمىز بۇنداق ئايرىلىپ يۈرسەك، مەن ئۆزۈمنى باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدىكەنمەن.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ئېپتىخار، سەندىن رەنجىشىم يوق. مەن بۇنى چۈشىنىمەن، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ بارماقلىرىنى ئاستا سۇغۇرۇۋالدى.

— بۈگۈن مەكتەپتە تانسا بولىدىكەن، بىرگە بارايلى گۈلسارە.

— كەچۈرگىن، — ئۇ تولىمۇ ئوڭايسىزلاندى، چىرايى ئاناردەك رەڭلەندى، — بۈگۈن بىر دوستۇمنىڭكىگە بېرىشقا دېيىشىپ قويغانىدىم. باشقا كۈنى بارايلى، بولامدۇ؟

ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەستىن لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاققا تەرەپكە كېتىپ قالدى.

7

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانچە يىراقلاشتى. ئېمىشقىدۇر گۈلسارە مەندىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئىككىمىزنىڭ باشقا ساۋاقداشلار ئېيتىپ يۈرگەن «ھېلىقىدەك» مۇناسىۋىتىمىزگە تۇيۇقسىزدىن قىراۋ چۈشكەنىدى.

بىر كۈنى ياتاقتا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. ياتاقدىشىم مىرزات كىرىپ مېنى نوقۇدى.

uyghurkitap.com

— هوي كىتاب سارىڭى، پەستە بىرى سىنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولۇۋاتسا، غېمىڭدە يوق كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرسەنغۇ...

مەن دېرىزىدىن پەسكە قارىدىم. ياتاقنىڭ ئالدىدىكى تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان يولدا گۈلسارە تۇراتتى. ئۇ بىر ئىشقا تىت-تىت بولۇۋاتسا كېرەك، پات-پاتلا سائىتىگە قاراپ قوياتتى.

مەن دەرھال پەسكە ئۆزۈمنى ئاتتىم.

— ئىپتىخار، — ئۇ مېنى كۆرۈپ زورىغا كۈلۈمسىرىدى، — يۇرتقا قايتاي دېۋىدىم. سەن بىلەن خوشلىشىۋالاي دەپ...

— ساراڭ بولدۇڭمۇ گۈلسارە، ئوقۇشنىڭ تازا ئالدىراش ۋاقتىدا نېمىدەپ كەتمەكچى بولۇپ قالدىڭ؟

— ساڭا ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن، ئۇن بەشكۈنلۈكلا كەتمەكچى، رۇخسەت سورىدىم.

— نېمىشقا رۇخسەت ئالدىڭ؟ ئۆيدە بىرەر ئىش بوپتۇمۇ؟

— ساڭا كېيىن دەيمەن، — دېدى ئۇ ۋە ماڭا قاراپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن قولىنى سۇندى، — خوش ئەمسە، كۆرۈشكۈچە ئامان بولغىن.

— خۇداغا ئامانەت گۈلسارە، ئاق يول بولسۇن.

بۇ ئايرىلىشىمىزنىڭ شۇنچىلىك ئۇزۇن، تويتوغرا بەش يىل داۋاملىشىشىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ ناۋادا ئادەم تەقدىر-قىسمەتنىڭ يامانغا ئۆرۈلگىنىنى ئالدىن بىلگىنىدە ئىدى، ئۇنىڭدىن ئەبەدىي ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتىم. مەن شۇ چاغدا ئۇنى كەتكۈزمىگەن، ئوتتۇرىمىزغا چۈشكەن ھەرقانداق قىراۋنى يۈرىكىم بىلەن ئېرىتقان، ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ سورىغان رۇخسىتىنى بىكار قىلدۇرۇۋەتكەن بولاتتىم. ئادەمنىڭ ئاجىزلىقى — كۆزى كۆرۈپ يەتكىنىنىڭ نېرىسىنى بىلەلمەسلىك ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ھەپتە ئۆتتى، بىر ئاي ئۆتتى. گۈلسارە قايتىپ كەلمىدى. كۆڭلۈم تەشۋىش، سېغىنىش ئىچىدە ئۆتمەكتە، كۈتۈش بىلەن ئۇزاتقان ھەر بىر مىنۇت مېنى ئازابلىماقتا، سىنىپ ئىچىدە ئۇنىڭ ئورنىدا ھەر خىل ئوسەك سۆزلەر كۆپىيىپ، يۈرىكىمگە خەنجەر بولۇپ ئۇرۇلماقتا ئىدى.

بىر شەنبە كۈنى ئىدى. قوشنا مەكتەپتىكى بىرنەچچەيلەن ياتاقدىشىم ھاشىمنى ئىزدەپ كېلىشتى. ياتاقتىكىلەر ئۇلارنىڭ شەرىپىگە ئاددىي بولسىمۇ سورۇن ھازىرلىدۇق. ھاراقلار ئىچىلدى. بىكارلانغان شىشىلەر چېقىلدى. ئۇنئالغۇدىن ياڭراۋاتقان مۇزىكىغا جور بولۇپ كەيپىيات بارغانچە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى.

— ھە ئىپتىخار، بۇ سېنىڭكى، — ساقىيلىقنى ئۈستىگە ئالغان ھاشىم بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلغان بىر رومكا ھاراقنى ئالدىمغا ئېلىپ كەلدى، — قىزنىڭغۇ قاچۇرۇپ پادىغا قوشۇۋەتتىڭ، ھاراقنى بولسىمۇ چىڭراق تۇتۇپ ئىچ بۇرادەر.

ياتاقتىكىلەر پاراقىدە كۈلۈشتى. نومۇس كۆچىدىن بوغۇلۇپ تىلىمغا گەپ كەلمىدى.

رومكىغا قارىدىم. چايقىلىپ، لىپىلداپ تۇرغان ھاراق ئىچىدە كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ ئېقىۋاتقان گۈلسارەنى كۆرگەندەك بولدۇم. نېرۋام بەك قاتتىق ئۆرلىگەچكە پالاقىدە يىقىلىپ چۈشتۈم. نېمە بولغىنىمنى پەقەتلا بىلمەيتتىم.

بەزى كېچىلىرى گۈلسارەنى چۈشەپ قالاتتىم. كۇئېنلۇن تاغلىرى ئېتىكىدىكى ۋەيرانە كەنت، تامىلىرى ئىسلاشقان ئەسكى ئۆي، جوۋازخانا، ئۇنىڭدىكى كۆزى ئېتىپ قويۇلغان، قوۋۇرغىلىرى پىچاقنىڭ بىسىدەك چىقىپ تۇرىدىغان ھارغىن كالا. جوۋازدىن تۆمۈردەك قېتىپ كەتكەن كۇنجۇرىلەرنى ئېلىۋاتقان قاسىمكام چۈشۈمدە ئايان بولاتتى. گۈلسارە ئاشۇ مەنزىرىلەرگە ھەمراھ ئىدى.

بىر قېتىم ئۇنى پۇت-قولى كىشەنلەنگەن ھالدا ھېلىقى قاپقارا ئەترەت باشلىقىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ سازايى قىلىنىۋاتقان ھالەتتە چۈشەپ قاپتىمەن. نەچچە كۈنگىچە كېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. تۇتقان-قويغىنىمنى بىلمەي ساراڭلاردەكلا يۈردۈم. ئاھ رەھىمسىز تەقدىر، تۇرمۇشۇمغا، قەلبىمگە ئۇنى شۇنچە چوڭقۇر كىرگۈزۈپسەنۇ، يەنە شۇنچە تېز تارتىۋاپسەن. ئۇنىڭ مېھرىنى دىلىمغا شۇنداق مەھكەم ئورناشتۇرۇپسەنكى، ئۇنى ئۇنتۇش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدىكەن. مەن بۇ باغلاقتىن بوشىناي دەيمەن. ئەكسىچە مەن بارغانسېرى چىڭ باغلىنىماقتىمەن. ئەنە شۇنداق تۈنجى مۇھەببەتنىڭ جۇدالىق مىنۇتلىرى ئازابقا تولغۇزغان غەمكىن كۈنلەرنى بۇرۇقتۇرمىلىق، ئۈمىدسىزلىك، سېغىنىش، ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇش ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم. ئەمدى مېنى جەمئىيەت كۈتۈپ تۇراتتى.

## 8

ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە، گۈلسارە بىلەن تويۇقسىز ئۇچراشتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشىمنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدىم.

خىزمەت بىلەن X ناھىيىسىگە بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدىم. بۇ يەردە كۇرستا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم دىلمۇرات ئۇچراپ قالدى.

— پېگى يىلنى بىللە ئۆتكۈزەيلى، — دېدى ئۇ مېنى قايتىشتىن توسۇپ، — ياخشى كۆرۈشۈپ قالدۇق. بىزنىڭ يۇرتنىڭ تاماشىسىنىمۇ كۆرۈپ باقسىن.

مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرغۇم كەلمىدى. كەچقۇرۇن ئۇ مېنى «ناپولېئون مەيخانىسى» دەپ ۋېۋىسكا ئېسىلغان كاتتا رېستورانغا باشلاپ باردى. ھايال ئۆتمەيلا يېنىمىزدا چىرايلىق قىزلار پەيدا بولدى. ئۇلار بىزدىن نېمە تاماق يەيدىغىنىمىزنى، قانداق شاراب ئىچىدىغىنىمىزنى مۇلايىملىق بىلەن سوراشقا باشلىدى. دىلمۇرات تاماق تىزىملىكىنى ئېلىپ بۇيرۇتۇشقا باشلىدى. مەن بولسام ھەشەمەتلىك بېزەلگەن رېستورانغا كۆز يۈگۈرتكەچ، مۇشۇنداق چەت بىر ناھىيىدىمۇ بۇنداق كاتتا رېستوراننىڭ پەيدا

بولغانلىقىغا ھەيران بولۇپ ئولتۇراتتىم. ئوشتۇمتۇت مېنىڭ كۆزلىرىم بىر تونۇش چىرايغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى. ئۇ... ئۇ گۈلسارەمىدۇ؟ بۇ مۇمكىنمۇ، بۇ راستىلا مۇمكىنمۇ؟ ئۇمۇ بىزگە قارىدى ۋە مېنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. تەئەججۇپ تەپچىرىگەن چىرايلىق كۆزلىرى چوڭ-چوڭ ئېچىلىپ، باش باھاردا ئېچىلغان غۇنچىنى ئەسلىتىدىغان قىپقىزىل لەۋلىرى پىچىرلىدى:

— ئىپتىخار!؟

— گۈلسارە، بۇ سەنمۇ؟

شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. تومۇرلىرىمدا قانلار ئۇركەشلىدى. يۈرىكىم ھاياجاندىن سىرقىراپ، كۆز چاناقلىرىمغا مۆللىدە ياش كەلدى. قەلبىم چىرايلىق گۈلنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرۈپ قىن-قىنىغا پاتماي قالغان، لېكىن گۈلنىڭ چىرايلىق تەشنەكتە ئەمەس، گەندە ئازگىلىدا ئېچىلغىنىنى كۆرۈپ مەيۈسلەنگەن كىشىنىڭ كۆڭلىدەك غەشلىككە تولدى. خۇشاللىقىمنىڭ تېگىدە يىغا قاينايتتى. يۈرەكلەر ئۇچرىشىشنىڭ شادلىقى ۋە مۇشۇنداق يەردە ئۇچرىشىپ قالغانلىقىمىزغا ئۆكۈنۈپ تىپچەكلەيتتى.

— سىلەر تونۇشامسىلەر؟ — دىلمۇرات تېڭىرقىغان ھالدا مەندىن سورىدى. مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— قېنى ئەمىسە، كونا تونۇشلارنىڭ يېڭى يىل بايرىمى ئۈچۈن ئىچەيلى، — دېدى دىلمۇرات. مەن گۈلسارەگە قارىدىم. ئۇمۇ تىترەپ تۇرغان قولىغا رومكىنى ئالدى. رومكا ئىچىدىكى قىزىل سۇيۇقلۇق ئۇنىڭ كۆڭلىدەك داۋالغۇيتتى، ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالغانىدى.

— خوشە، — رومكامنى ئۇنىڭكىگە ئۇرۇشتۇردۇم. رومكىلاردىن ئىڭرىغاندەك بىر خىل سادا كەلدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگەن ھالدا ھارىقىمنى گۈپلا قىلىپ ئىچىۋەتتىم. شۇ ئارىدا نېرىقى ئۈستەلدە ئولتۇرغان بىرى دىلمۇراتنى چاقىرىپ قالدى. ئۈستەل ئالدىدا گۈلسارە بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق.

— بەش يىلدىن كېيىن ئۇچرىشىپ قالغان يېرىمىزنى قارا، — دېدىم مەن گۈلسارەگە قادىلىپ تۇرۇپ، نېمشقىدۇر شۇ تاپتا قەلبىمدە بىر ئاچچىق ئېقىن يامراپ كېتىۋاتاتتى. گۈلسارە ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ يەردە مېھمان كۈتمەسلىكى كېرەك ئىدى. قەلبىمنى خۇددى ھالال ئايالنى باشقا بىرى بىلەن ئەسكى ئىش ئۈستىدە تۇتىۋالغان ئەرنىڭ ئاچچىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان غەزەپ ئىگىلىگەنىدى.

— ئىپتىخار، — دېدى ئۇ رومكىلار بوشىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، — مېنىڭ ساڭا گېپىم بار ئىدى، بىر دەملىككىلا...

مەن ئىندىمىدىم. ئۇ مېنىڭ يېڭىمنى تارتقىنىچە چەتتىكى بىرئىشىكنى ئاچتى. بۇ چاقچاقىغانىنا بىر ئۆي ئىدى. بىر كىشىلىك كارىۋات، بىر تومپۇچكىدىن باشقا تۈزۈككەرەكمۇ بىسات يوق ئىدى. تورۇستىكى قىزىل لامپۇچكا ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

گۈلسارە ئۈشكىنى ئۈچىدىن تاقىدى. ئاندىن مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ بويىنۇمغا گىرە سېلىپ، ئوتتەك قىزىق لەۋلىرىنى لېۋىمگە باستى.

— بۇنداق قىلما گۈلسارە، — مەن ئۇنى ئۆزۈمدىن ئىتتەردىم.

— مەندىن نومۇس قىلىۋاتامسەن؟ — ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا مەندىن سورىدى.

— ئۇنداق ئەمەس.

— ئەمىسە مېنى سۆيگىلى قوي. بىر قېتىم بولسىمۇ ئۆزۈم ئارزۇلىغان كىشىنىڭ ۋەسلىگە قېنىۋالاي... — ئۇ بارغانسېرى ماڭا يېپىشىپ، بار ئىشتىياقى بىلەن مېنى سۆيۈپ كەتتى. ھاراقنىڭ كۈچىمۇ ياكى ئۇنىڭ سۆيۈشلىرىنىڭ تەسىرىدىنمۇ بىلمەيمەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بوشىشىپ كەتتى.

— توي قىلدىڭمۇ؟ ھازىر نەدە ئىشلەۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن كۆكسۈمگە باش قويۇپ ئولتۇرۇپ.

— ئىككى يىل ئىلگىرى توي قىلدىم، — مەن ئۇنىڭغا خىزمىتىم ھەققىدە قىسقىلا سۆزلەپ بەردىم.

— بەختلىكمۇسەن؟

— بەختلىك دېسەممۇ بولىدۇ. لېكىن دەسلەپ مەن ئارزۇ قىلغان، ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدىكى خىيال قىلغان بەختكە يەتمەيدۇ.

ئۇ تىترەپ كەتتى.

— ماڭا قارا گۈلسارە، — مەن ئۇنىڭ ئىڭىكىدىن ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئۆزۈمگە قاراتتىم، — سەن نەگە كەتتىڭ؟ ساڭا يازغان قانچە-قانچە خەتلىرىم جاۋابسىز قالدى. نېمىشقا ئوقۇشنى تاشلاپ قويسەن؟ نېمىشقا ساڭا تەشنا بىر يۈرەكنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۇتقا تاشلايسەن؟

ئۇ كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ يىغا بىلەن بىردەم سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆتۈنۈش ئارىلاش ماڭا قارىدى.

— ياخشىسى، يۈرەكنى قىيما قىلىدىغان ئۇ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىمنى سورىمىغىن ئېپىتخار. مەن ئۇنى ئەسلەشتىن قورقىمەن.

— ياق، ھېچ بولمىغاندا مەكتەپكە قايتمىغانلىقىڭنىڭ سەۋەبىنى بولسىمۇ بىلىپ باققۇم بار، — ئۇ سۈكۈت قىلىپ بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا سۆز باشلىدى:

— بوپتۇلا، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىدىن سىر يوشۇرۇشنىڭ ئۆزى گۇناھ. ھازىرغىچە بۇ دەرد-ئەلەملىرىمنى بىرىگە سۆزلەپ بېرىپ تەسەللىي تېپىش ئىمكانىيىتىمۇ بولمىغانىدى. تەلىيىم بار ئىكەن، سېنى قايتا كۆردۈم. شۇ تاپتا يۈرىكىم يېرىلمىدى،

ئۇنىڭ بىرىسى بولدى ئىپتىخار. سەن ماڭا ئىچ ئاغرىتىپمۇ ئولتۇرما، چۈنكى مەن پېشانەمدە بارىنى تارتتىم. تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداق بولغانىكەن. ئۇنى تارتمايمۇ ئىلاج يوق...

ئۇ سۆزىنى نەدىن باشلاشنى بىلمىگەندەك بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن جىمجىت ئولتۇردۇم. ئەتراپتىن — قايسىدۇر بۆلۈمدىن قىزلارنىڭ شوخ كۈلكىسى ئاڭلىناتتى. گۇڭگۇر-مۇڭگۇر پاراڭلار، نازلىق ئىڭراشلار قۇلاققا كىرىپ قالاتتى. سىرتتىن ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئەنسىز سىگناللىرى كېلەتتى. ئىشقىلىپ شەھەرنىڭ يېڭى يىل كېچىسى شاۋقۇن-سۈرەن ئىچىدە داۋام قىلماقتا ئىدى.

— ھەممە ئىش ھېلىقى ئوقۇش پۇلىنى يىتتۈرۈۋەتكىنىمدىن باشلاندى، — دېدى گۈلسارە چاچلىرىمنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، — سەن مېنى دەپ خېلىلا كۈچىگەن بولساڭمۇ پۇل تاپالمىدىڭ، بېشىم بەكمۇ قاتتى. ياتاققا قايتىپ كېلىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتىم، ساۋاقداشىمىز گۈلپىيە كىرىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن خۇنسىز چىرايىمغا بىرقاراپلا مېنىڭ بىر ئىشقا دۇچ كەلگەنلىكىمنى بىلىۋالدى. قايتا-قايتا سوراۋەرگەچكە، ئاخىر يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم. ئادەتتە ئۇ توك، قوپالدەك كۆرۈنگىنى بىلەن كۆڭلى يۇمشاق قىز ئىدى. ئۇ ماڭا بىر يول كۆرسەتتى... بۇنداق ئىشلاردا ئۇنىڭ خېلىلا ئېپى بار ئىدى. قايسىدۇر بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان، ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى پۇلدار بىر ئادەم ئۇنىڭغا ئاشىق ئىدى. گۈلپىيەمۇ ئۇ ئادەمنى سىزغان سىزىقىدىن چىقماس قىلىۋەتكەنىكەن، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى سىنىپتىكى قىزلار ئىچىدە پەقەت مەنلا بىلەتتىم. كېيىن ئۇقسام ئۇلار يوشۇرۇنچە نىكاھ قىلدۇرغانىكەن. گۈلپىيە ئىلگىرى ماڭا بىرنەچچە قېتىم ئەگەر خالىسام پۇل دېگەننى سۇدەك خەجلەپ، مېنى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان زىبۇ-زىننەت، ئېسىل كىيىم-كېچەكلەرگە كۆمۈۋېتىدىغان بىرىگە تونۇشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. لېكىن كۆڭلۈمدە سېنى چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرەتتىم، ئۇ چاغدا مەندە ياخشىراق ئوقۇۋالساق مۇھەببەت ئىشىنى كېيىنچە ھامان بىرتەرەپ قىلالايمىزغۇ، دېگەن ئوي بار ئىدى. ئەپسۇس، ئاتا-ئانامنىڭ كۈز كۈنلىرىدىكى ياپراقتەك سارغىيىپ يۈرۈپ راسلاپ بەرگەن پۇلى ھەش-پەش دېگۈچە ئوغرىنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندى. لەنىتى ئوغرى مېنىڭ پۇلۇمنىلا ئەمەس، كەلگۈسى ئىستىقبالىمنى، قەلبىمدە يوشۇرۇن ساقلاپ كېلىۋاتقان مۇھەببىتىمنى — ھەممىنى بۇلاپ كەتكەنىدى.

مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ گۈلپىيە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي گۈلسارە، قارا سېنى، خۇددى كوچىدىكى تىلەمچى ئاياللاردەك گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ، — ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ قۇلىقىمغا شىۋىرلىدى، — ماڭا قارا، سەن ئۆزۈڭنىڭ قىممىتىنى بىل. سەندە چىراي دېسە ئايدەك چىراي بار. مەن-مەن دېگەن يىگىتلەرنى ھەر سەنەمگە دەسسىتەلەيسەن. جېنىم ئاداش، ئەگەر قوشۇلساڭ

ساڭا ياردىمىنى ئايىمايدىغان بىرى بار.

— ئۆزۈڭ ياردەم قىلالامسەن گۈلپىيە؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن ئاداش، مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا ئوقۇغۇچى تۇرسام، ئۆزۈمنىڭ دەردىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ ماڭا.

ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى.

— ئەمدى ئىككىلىنىپ يۈرمە، — دېدى ئۇ مۈرەمدە يېيىلىپ تۇرغان چاچلىرىمنى تۈزەشتۈرگەچ، — خىيالىڭدا گۈلپىيە مۇشۇ يولدا ماڭغاچقا مېنىمۇ ئۆز سېپىگە قوشۇۋالماقچى دەپ ئويلىساڭ كېرەك. بىلگىنكى، بۇ يولنى تۇتقۇچى مەن بىرلا گۈلپىيە ئەمەس، مەكتەپتىكى قىزلارغا نەزەر تاشلاپ باققىنا، ئاياللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ھەسسىلەپ-ھەسسىلەپ قىممەتلىشىپ كېتىۋاتقاندا مودا كىيىملەرنى كىيىپ، زامانغا لايىق ياسىنىپ پارقىراپ يۈرۈشمەمدۇ؟ مەن دەيمەن، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى قوۋۇرغىسىدىن ماي تېمىپ تۇرىدىغان بايلاردىن ئەمەس. پەقەت ئۇلار كاللا ئىشلەتكەن، ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلاردىن پايدىلانغان، چۈشەندىڭمۇ؟

مەن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ئۇنىڭ گېپىگە ئىندىمىدىم.

— گەپىڭ بولىدىغان يېرىنى دېسەم، سېنى تونۇشتۇرماقچى بولغان يەر ئانچە يىراق ئەمەس. بىر ئىدارىنىڭ كاسسىرى. مېنىڭ بايقۇشۇمنىڭ يېقىن دوستى. ئايالى ئۆلۈپ كەتكىنىگە بىرنەچچە يىل بولغان ئادەم. سەن ئەقلىڭنى ئىشلىتىدىغانلا بولساڭ، ئۇنى باشقۇرۇپ سىزغان سىزىقىڭدىن چىقمايدىغان قىلىۋېتەلەيسەن.

— بىراق تۆلىنىدىغان بەدەلچۇ؟ ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى ئويلىماي بولامدۇ؟

— ھەي ئەخمەق دوستۇم، بىز قىزلار ھامىنى بەدەل تۆلىگۈچىلەرمىز. ئۇنىڭغا تۆلىمىسەك بۇنىڭغا تۆلەيمىز. بۇ شۇنداق جاھان. شۇڭا بۇ ھەقتە تولا غەم يەپ كەتمە.

ئويلاپ كۆرسەم ماڭا بۇنىڭدىن باشقا يول قالمىغاندەك بىلىندى. شۇنىڭ بىلەن گۈلپىيەگە باش ئەگدىم. ئۇ خۇشاللىق بىلەن گىرىم بۇيۇملىرىنى تەييارلاپ مېنى بىر قۇر پەردازلىدى. ئاندىن بىز ھېچكىمگە تۇيدۇرماي مەكتەپتىن چىقىپ كەتتۇق. بۇ مېنىڭ ئەگرى يولغا قاراپ تاشلىغان تۇنجى قەدىمىم ئىدى. كېيىنكى كۆلپەتلەر دەل شۇ قەدەمدىن باشلاندى.

## 9

تاشمەت كاسسىر خېلىلا ھاللىق ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئازادە مېھمانخانىسى ئاجايىپ ياسالغانىدى. تاملاردا قېلىن دەر پەردىلەر ئېسىلىپ تۇراتتى. دۇخاۋا قاپلىق سافاغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، سۇمبۇل ھىدى كېلىدىغان قېنىق چايدىن ئوتلىغاچ شامالدۇرغۇچتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كېلىۋاتقان مەيىن شامالغا يۈزلىنىپ ئولتۇرغاندا ئادەم ئۆزىنى سېھىرلەنگەندەك ھېس قىلاتتى. مېھمانخانىدا شۇنداق بىر سېھىر باركى، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى ئاستا ـ ئاستا شامدەك ئېرىپ، خىيالى غۇۋالىشاتتى.

— ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى تاشمەت توڭلاتقۇدىن مۇزدەك گاز سۇيىنى ئېلىپ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچقاچ، — قېنى ئۇسسۇزلۇق ئىچىڭلار قىزلار، مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي...

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا سىرتقا قاراپ پالاقلاپ چىقىپ كەتتى.

— ماڭا قارا، — دېدى گۈلپىيە بىقىنىمنى چىمدىلاپ، — بۇ قاقباشلار بىز قىزلارنىڭ ئالدىدا بەئەينى بىر گاداي. ئۇلار ئەخمەقلىقتە شۇنچىلىك چېكىگە يەتكەنكى، بىزنى يۇدۇپ ھەرەمگە ئاپار دېسەكمۇ ياق دېمەيدۇ. چۈنكى بىزدە ئۇلار ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسە بار ئەمەسمۇ.

— لېكىن...

— لېكىن ـ پېكىننىڭنى قوي ئاداش، بىز ئاشۇنداق ئەخمەقلەرنىڭ يانچۇقىنى سېغىپ ئىچىپ ئوقۇشىمىزنى تاماملىۋالساق بولدى. خىزمەت تاپقاندا بولسا بۇنداقلارغا ئايىغىمىزنىڭ بوغقۇچىنىمۇ تۇتقۇزمايمىز. ئازراقلا كۈچىسەك يىگىت دېگەن «توي قىلايلى» دەپ ئالدىمىزغا ئۆچرەتتە بىلەن كېلىدۇ.

سىرتتىن تاشمەت بىلەن باكىرنىڭ كىرىپ كېلىشى بىزنىڭ پارىڭىمىزنى ئۈزۈپ قويدى.

— ھەي، ماڭا ھايت دەۋەتمەيلا تاشمەتنىڭ قوندىقىغا قونۇپسىلەرغۇ، — دېدى باكىر سەل ـ پەل رەنجىگەندەك قىلىپ، — ياكى بوغالتىرنىڭ قوش كۆرۈنۈۋاتامدۇ، نېمە؟

تاشمەت سىرتتىن توخۇ كاۋىپى، تونۇر كاۋىپى، پىشۇرۇلغان تۇخۇم ۋە ھەرخىل سوغۇق سەيلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئۈستەلنى توشقۇزۇۋەتتى. مەن ئالدىمدىكى رومكىدا چايقىلىپ تۇرغان ئانارنىڭ سۈيىگە ئوخشاش قىپقىزىل سۇيۇقلۇقنى كۆرۈپ سەل چۆچۈدۈم.

— سىلەرنىڭ لايىقىڭلاردا بولماي قالدى بۇ تەييارلىق، — دېدى تاشمەت رومكىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — گۈلسارە قىزنىڭ مېنى يوقلاپ كېلىپ، ئۆيۈمنى قۇياشتەك يورۇتۇپ ماڭا كۆڭۈل بەرگەنلىكىگە رەھمەت. قېنى، دوستلۇقىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشى ئۈچۈن بىر قەدەھتىن كۆتۈرەيلى. خوشە!

— مەن ئىچىپ باقمىغان.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ — گۈلپىيە ماڭا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈردى، — سەن دېگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. خۇددى كۆك قەرىندىكى ئەركىن ئۇزۇپ يۈرگەن بۈركۈتسەن. ئالدىڭدا بىر ھەيۋەتلىك چوققا قەد كۆتۈرگەندە، «مەن قونۇپ باقمىغان ئېگىز ئىمەن» دەپ چوققىغا ئۇچۇپ چىقىشقا پېتىنالمىساڭ، سېنى قانداق بۈركۈت دېگىلى

بولسۇن.

— بەلەن گەپ، ئادەم دېگەندە قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلىپ باشقا ئېلىپ چىقىدىغان جاسارەت بولۇشى كېرەك.

ئۇلار ھەر نېمىلەرنى دېيىشتى، ئىلاجسىز رومكىنى قولۇمغا ئالدىم. چۈنكى مەن بۇ يەرگە ھەم مېھمان بولغىلى، ھەم تاشمەتنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلغىلى كەلگەنىدىم. بۇ ياردەمگە تولىمۇ ئېغىر بەدەل تولىمەي تۇرۇپ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمنىمۇ بىلەتتىم. ئاھ، كىم مېنى قول ئىلكىدە يوق نامراتنىڭ قىزى بولسۇن دەپتۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆز-ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنەتتىم. دادامنىڭ يىل بويى يەر تېرىپ، بىكار ۋاقىتلىرىدا جوۋاز ھەيدىسىمۇ تورلۇك ئالۋاڭ-ياساق تۆپەيلى تاپقىنى گېلىدىن ئاشمايدىغان، قولى ئىككى تەڭگە كۆرمەيدىغان بىچارە ھالىتىگە ئۆكۈنەتتىم. دادامنى، بىزنىڭ ئائىلىنى شۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان كىم بولغىيتتى؟ — دەپ خىيال قىلاتتىم.

— خوشە.

باكىرنىڭ يەنە بىرقېتىم تەكلىپ قىلىشى بىلەن رومكامنى ئېگىز كۆتۈردۈم. تاشمەت ئورنىدىن تۇرۇپ قولىدىكى رومكىسىنى مېنىڭكىگە يېنىك تەگكۈزدى. رومكىلار جىرىڭلىدى، مەن تاشمەتكە قاراپ كۈلۈپ قويدۇم. ئاندىن كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ قىپقىزىل ھاراقنى خۇددى قان ئىچكەندەك سۈمۈردۈم. ئاھ ئەترگۈل ھىدلىق قاڭسىق سۇيۇقلۇق! ئۇ شۇنچە خۇش بۇي بولسىمۇ، ئېغىزغا كىرگەندە يوندىدەكلا تېتىپ، كۆڭلۈمنى ئېلەشتۈرۈۋەتتى.

— ياشاپ كەت دوستۇم، — گۈلپىيە مېنىڭ بوينۇمغا گىرە سالدى، — ئەمدى تەربىيە كۆرگەن ئادەمدەك ئىش قىلدىڭ.

— سېنىڭ نەزەرىڭدىكى تەربىيە كۆرگەن ئادەمنىڭ ئۆلچىمى شۇنچىلىكما؟ — ئۇنىڭ ئەسەبىيلەرچە قىزغىنلىق بىلەن مېنى ماختاپ ئېيتقان سۆزىدىن رەنجىپ قاتتىقراق تەلەپپۇزدا سورىدىم.

— بولدى، بولدى، مېنى سوراقلاۋەرمىسەڭچۇ.

رومكىلار بىرنەچچە رەت بوشىدى. كەيپىم بىر ئاز قىزىپ، تاشمەتنىڭ سۈركىلىشلىرىگە ئىندىمىدىم. ئۇ خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن مۈشۈك قازان بېشىدىكى قوشناچىمغا سۈركەلگەندەك، ماڭا بازغىپ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماي قالغانىدى.

— ئالدىرىماڭ تاشمەت ئاكا، — دېدى گۈلپىيە ئۇنىڭ قولىقىدىن سوزۇپ تۇرۇپ، — دوستۇم ئازراق پىشكەللىككە ئۇچراپ سىزنى پاناھ تارتىپ ئالدىڭىزغا كەلدى. قىلىدىغان ياردىمىڭىز باردۇ؟

— قانداق پىشكەللىك؟ — ئالدىراپ سورىدى تاشمەت. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر قوشتىن ھېلىلا چىقىرىلغان كالىدەك پۇشۇلدايتتى.

— مەكتەپكە ئۆتكۈزىدىغان ئىككى مىڭ يۈەن پۇلنى ئوغرىغا تارتقۇزۇپ قويۇپتۇ. قارىڭا ئۇنىڭ بىچارە ھالىتىگە. سىز ھەرقانچە پىرقىرىغان بىلەنمۇ بىكار. دوستۇمنىڭ

www.uyghurkitap.com



كۆڭلى جايىدا ئەمەس. قېنى، تاشمەت ئاكىنىڭ مەردلىكى قانچىلىككىن؟

— بۇ... بۇ ئىش راستما؟ — ئۇ مەندىن يەنە بىر رەت ياندۇرۇپ سورىدى. مەن كۆزلىرىمگە ياش ئالغان هالدا بېشىمنى لىڭشىتتىم. تاشمەت سەل ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. گۇلپىيە هالىك شۇنچىلىكمىدى، دېگەندەك مەسخىرىلىك كۈلكىسى بىلەن ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ قاراپ تۇراتتى. تاشمەت خۇددى تىكتاك توپ مەيدانىدىكى تاماشىبىندەك بىردە ماڭا، بىردە گۇلپىيەگە قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

هايال ئۆتمەي تاشمەت كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ئىككى باغلام پۇل تۇراتتى. پۇل تۇتقان قولى سەل-پەل تىترەپ كەتكەندى.

— قېنى ئېلىڭ گۇلسارە، — دېدى ئۇ پۇلنى ماڭا سۇنۇپ، — كۆڭلىڭىزگە كەلمىسە، سىزگە دەيدىغان بىرئېغىز سۆزۈم بار. ئوقۇش پۈتتۈرگۈچە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ مېنى تاشلىۋەتمىسىڭىز. ناۋادا خالىسىڭىز، بىز توي قىلىپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ تاشمەت ئاكا، — مەن بىرنەرسە دېمەي دەپ تۇرۇشۇمغا گۇلپىيە تومۇزغىدەك چىرىلداپ كەتتى، — سىز ئەمدى ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدىڭىز جۇمۇ. دوستۇم سىزنىڭ بۇ قىلغانلىرىڭىز ئۈچۈن سىزنى ھەرگىز نائۇمىد قويمايدۇ.

مەن ئىندىمەستىن يەرگە قاراپ ئولتۇراتتىم. كاللامدا خىلمۇ خىل زىددىيەتلىك خىياللار كېزىپ يۈرەتتى. مەن سېنى خىيال قىلاتتىم. ئىپتىخارغا ئەمدى مەڭگۈ يۈز كېلەلمەيمەن، دەپ ئويلايتتىم.

مۇزىكا قويۇلدى. تاشمەت هاسىرىغان هالدا مېنى ئۆزىگە تارتاتتى. بەللىرىم قاراسلاپ، كۆكسۈم قىسىلىپ نەپەس ئالالماي قالدىم. ئەمما ئۇنى ئۆزۈمدىن ئىتتىرىۋېتەلمەيتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ پۇلى مېنىڭ سومكامدا ئىدى، خەقنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەلىپىگە كۆنمەي ئامال قانچە؟ ئەمدى ئويلىسام مەن شۇ چاغدا تىرىكلا سېتىلغانىكەنمەن..

10

ھەممىسى پاك-پاكىز تۈگىدى. گۇلپىيەنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «تەربىيە كۆرگەنلىكىم» بېشىمغا چىقتى. ئىشلارنىڭ بۇ دەرىجىدە مۇرەككەپ بولۇپ كېتىشىنى بىلگەن بولسام باشتىلا بۇ يولغا ماڭمىغان، كونىلارنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا يوق يېمىگەن بولاتتىم. پۇل تېپىلمىغانىكەن، تەقدىرىمگە تەن بېرىپ يۇرتۇمغا پاكلىقىم بىلەن كېتىۋالغان بولاتتىم. شۇ كۈنى تاسادىپىيلا قولۇمغا ئىككى مىڭ سوم كېلىپ قالدى. تاشمەتنىڭ مەرد، قولى ئوچۇقلۇقىدىن كۆڭلۈم خېلىلا سۆيۈندى. ئەپسۇس، ئاشۇ پۇلغا

مەن ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمنى تېگىشكەندىم. بۇ ئىش كېيىن خېلىلا كۆپ تەكرارلاندى. بوش ۋاقتىم تاشمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىش بىلەن ئۆتۈپ، سەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئۆزۈمنى تارتتىم، بۇنىڭدىن مەن بەكلا ئازابلاندىم. ئەمما، خەقكە قويرۇق تۇتقۇزۇپ قويغاندىكىن ئۇنىڭ ھەرقانداق تەلىپىگە ماقۇل بولماي مۇمكىنمۇ؟ دىلغۇللۇق، ئارامسىزلىق، خۇدۇكسىرەش بىلەن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئۆزۈمنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىمنى، قانداق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى ئويلىسام كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، ئادەمسىز پىنھان يەرنى تاپسام يۇخادىن چىققۇچە يىغلايتتىم. ماڭا تەسەللى بېرىدىغان، دەرد-ھەسرىتىمگە شېرىك بولۇپ كۆڭلۈمنى كۆتۈرىدىغان ئادىمىمۇ يوق ئىدى. ساڭا يۈز كېلەلمەيتتىم. شۇڭا، ئىلاج قىلىپ سەن بىلەن ئۇچراشماسلىققا، سېنىڭ كۆزۈڭگە قارىماسلىققا تىرىشاتتىم.

نويابىر ئايلىرى، سوغۇق بالدۇرلا چۈشكەنىدى. كونىمۇ خىرەلىشىپ قالغان بولۇپ، قېرى كىشىلەرنىڭ كۆزىدەك ئارانلا پىلىلداپ تۇراتتى. ئاچچىق شامال دەممۇ دەم سوقۇپ، ئادەمنىڭ ئىچ-ئىچىگە تىترەك ئولاشتۇراتتى. كىيىملىرىم يېلىڭ ئىدى. ئەتىگەنلىرى سىنىپقا چىققىنىمدا بەزگەك بولغان ئادەمدەك جالاقلاپ تىترەپ كېتەتتىم. ئېغىزىمغا گەپمۇ كەلمەيتتى. مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى كۆرگەن گۈلپىيە ماڭا بىرنەچچە يىل كىيگەن، ھازىر مودىدىن قالغان بىر چاپىنىنى بەردى. چاپانغا قاراپ كۆز ياشلىرىم سەلدەك ئاقتى. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ مىننەتدارلىق يېشى ئەمەس. ئىلگىرى يۇرتتىمۇ بىرنەچچە يىلدا بىر قېتىم ئەترەت باشلىقى باشقىلار ئىئانە قىلغان كونا كىيىم-كېچەكلەرنى چوڭ يىغىن ئېچىپ نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىدىغان، بىر-ئىككى يىلدا بىرەر قېتىم مېنىڭ ئۇچامغىمۇ باي ئائىلىلەردىكى تەگتۈشلىرىمنىڭ نەزىرىدىن قالغان، لېكىن ماڭا ئالەمنى بەرگەندەك خۇشاللىقلارنى بېغىشلايدىغان كونا كىيىم-كېچەكلەر چىقىپ قالاتتى. ئەمدىلىكتە ئويلىسام كونا كىيىملەرنى قوبۇل قىلىش ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ئىشمۇ ئەمەسكەن. مانا، ئالىي مەكتەپ قويندا تۇرۇپمۇ ئاشۇ تەقدىردىن قۇتۇلالمىدىم. بۇ چاپاننى ئالمىسام توڭلايمەن. ئالاي دېسەم باشقىلاردىن نومۇس قىلىمەن. نامراتلىق مېنىڭ ھەممە نېمەمنى — يۈزۈمنىمۇ، نومۇسۇمنىمۇ نابۇت قىلغانىدى.

باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۇيۇقسىز بويۇمدا قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ زەربە ماڭا ناھايىتىمۇ ئېغىر كەلدى. ئىلگىرى ئاقما دەرياسىنىڭ سۈيىنى كۆپ ئىچەتتىم. كونىلار «بۇ سۇدىن بىرتامچە ئىچكەن ئايالنىڭ شالدىنىمۇ بويىدا قالىدۇ» دېيىشىدىغان. شۇ چاغدا ئانام مېنىڭ بۇ سۇدىن ئىچىشىمنى توسايتتى. قولىغا تاياق ئېلىپ: دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىدىغان بولساڭ پاچىقىڭنى چاقىمەن، دەپ ھەيۋە قىلاتتى. لېكىن مەن ئىچەتتىم. ئوغرىلىقچە، خۇددى ھاجىمنىڭ قاپىقىدىكى زەمزەم سۈيىنى ئوغرىلىغاندەك باشقىلارغا كۆرسەتمەي تۇرۇپ ئىچىۋالاتتىم. مانا، شۇنچە تېز بويۇمدا قاپتۇ. مەن شۇتاپ قولىدىكى تاياقنى شىلتىپ ماڭا كايىۋاتقان

ئانامنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئاھ، بۇ دەردكە شىپا بارمۇ؟ بۇ قىسمەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى بارمىدۇ؟ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. كۆڭلىرىم خاتىرىسىنى يوقاتقان كىشىنىڭكىدەك بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. ھېچ ئىشنى خىيالىمغا كەلتۈرەلمەيتتىم. مەن ئەقىل جەھەتتىن تۈگىشىپلا كەتكەنىدىم.

بىر كۈنى گۈلپىيەنى سىرتقا چاقىردىم. بىز سىنىپ بىناسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ تاللىق كارىدور ئاستىدىكى بىر سېمونت ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق. ئۇ ماڭا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن سورىدى.

— مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟ يا تاشمەت خىيالىڭغا كىرىۋېلىپ سېنى بىئارام قىلىۋاتامدۇ؟

— ئۇنىڭ گېپىنى قىلما جېنىم گۈلپىيە، — ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلغىنىمچە يىغلاپ تاشلىدىم، — بېشىمغا تاغدەك ئېغىر كۈن چۈشتى ئاداش، بويۇمدا قاپتۇ!

— نېمە؟ — ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، — بىرەر چارىسىنى قىلمىغانگەيمۇ.

— مەن ئىشلارنى بۇنداق بولۇپ كېتەر دەپ ئويلىمىغانىدىم.

— ئەستا، نېملا قىلغان بىلەن سەھرالىقلىقىڭ چىقىپ تۇرىدۇ-دە سېنىڭ. سۇ كېلىشتىن ئىلگىرى توغان سالىدىغان گەپ ئەمەسمۇ...

— ئەمدى ماڭا بىر يول كۆرسەت گۈلپىيە، — مەن زار-زار يىغلىغان ھالدا ئۇنىڭغا يېلىندىم، — مەن قانداق قىلىمەن؟ قانداق قىلسام بۇ دوملىدىن قۇتۇلىمەن جېنىم ئاداش؟

— ھەي، شۇنداقمۇ قاراملىق قىلامسەن، — ئۇ تىتىلداپ كەتكەنىدى. چۈنكى، بىز بىر كېمىدىكى يولۇچىلار ئىدۇق. ناۋادا كېمىمىز خادا تاشقا سوقۇلسا ھېچقايسىمىز ئامان قالماسلىقىمىز مۇمكىن ئىدى.

— بالىنى ئالدۇرۇۋېتىش كېرەك، — ئۇ كەسكىن بۇيرۇق قىلدى، — لېكىن بۇ يەردە ئەمەس، ياخشىسى سەن يۇرتۇڭغا بېرىپ بۇ بوپىدىن شۇيەردە خالاس بولۇپ كەل. مەكتەپتە بۇنى ھەرگىزمۇ يوشۇرۇپ قالالمايمىز. پاختىنىڭ ئارىسىدا ئوت ساقلىغىلى بولمايدۇ.

— لېكىن رۇخسەتنى قانداق ئالىمەن؟

— ئالىمىز. بۇ ئىشنى سەن ماڭا قويۇپ بەر. ئالدى بىلەن مەن تاشمەت دېگەن لەقۋانى ئىزدەپ كېلەي، قېنى ئۇ ئىتنىڭ بالىسى يا سوت ئالدىغا بېرىشنى، ياكى بالىنى ئالدۇرۇۋېتىشكە كېتىدىغان راسخوتنى چىقىرىشنىڭ بىرىگە تۇرسۇن.

ئۇ مۇرىسىدىكى كىچىك سومكىسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە تاشمەتنى ئىزدەپ كېتىپ قالدى. مەن تەقدىرنىڭ قىلمىشلىرىمغا بۇ دەرىجىدە جازا بەرگەنلىكىگە ئۆكۈنۈپ، كۆز ياشلىرىمنى زادىلا توختىتىۋالالمىدىم. ئۆزۈمدىن ئۆتتى. ئەقىلسىزلىكىم، نامراتلىقىمدىن

ئىختىيار قولۇمدىن كەتتى. ئەمدى شۇنچە كەگرى زېمىن ماڭا تارلىق قىلماقتا، مەن جاھانغا سىغماي قالغاندىم.

يىغلاپ ئولتۇرسام سەن كەلدىڭ. سېنى كۆرۈپ قەلبىم لەختە-لەختە قان بولدى. سەن مېنى مەكتەپتە بولدىغان تانىسغا تەكلىپ قىلدىڭ. لېكىن مېنىڭ شۇ چاغدا كۆڭلۈم بەكمۇ پاراكەندە بولغاچقا تەكلىپىڭنى رەت قىلىپ ياتاققا ماڭدىم. يېنىڭدا يەنە ئازراقلا تۇرسام ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى.

ئارىدىن بىر-ئىككى سائەت ئۆتۈپ گۈلپىيە قايتىپ كەلدى. ئۇ خېلىلا خۇشال ئىدى. خۇش پىچىم قامىتىگە، زىلۋا بويىغا قاراپ ئۇنى ھېچكىم دادىسى دېمەتلىك بىرى بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ يۈرىدۇ دەپ ئويلىمايتتى. ئادەم نېمىدېگەن سىرلىق مەخلۇق-ھە؟!

— مە، — ئۇ مېنى سىرتقا چاقىرىپ بىر باغلام پۇلنى يانچۇقۇمغا تىقىشتۇردى، — بۇ سېنىڭ داۋالىنىش پۇلۇڭ. ئۇنىڭغا شۇنداق يۈرىتىپ قويۇۋىدىم، غىدىڭ-پىدىڭ قىلمايلا بۇ پۇلنى ساڭا ئەۋەتتى.

بىز بىر پەس ئۇيەر-بۇيەردىن پاراڭلاشتۇق. لېكىن گەپ-سۆزلىرىمىز ھېچ قولاشمايتتى. ئۇ جىددىي ئىشىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ئالدىراپ ياتىقىغا ماڭدى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي بىر پەس تۇرۇپ قالدىم ۋە رۇخسەت ئىشىنى قانداق قىلىشنى ئويلاپ دەرھال گۈلپىيەنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم. ياتاققا كىرگىنىمدە، ئۇ يەنە بىر باغلام پۇلنى سومكىسىدىن چىقىرىپ ساندۇقىغا سالماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن. مېنى كۆرۈپ بەكلا ئوڭايسىزلاندى. قارىغاندا ئۇ تاشمەتتى ئىككى كىشىلىك بابلىغان بولسا كېرەك...

## 11

ئەتىسى مۇئەللىمدىن روخسەت ئالدۇق. مەن پوتلامنى ئېلىپ راسا يىغلىدىم. گۈلپىيە ئانام ئېغىر كېسەل ئىكەنلىكىنى، ئېغىزىغا ياسىن سۈيى تېمىتىپ تۇرغانلىقىنى، ئانامنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يالغۇز قىزىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، بۇنى مېنىڭ يۇرتۇمدىن كەلگەن بىر شوپۇردىن ئاڭلىغانلىقىنى ناھايىتىمۇ تەسىرلىك قىلىپ سۆزلىدى. ئاخىر مۇئەللىم فاكۇلتېت مۇدىرىغا تەستىقلىتىپ ئون كۈنلۈك رۇخسەتنى ئاران بەردى. ئەپسۇس، بۇ ئايرىلىشنىڭ مېنىڭ مەكتەپتىن ۋە سەندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. يول بويى گېپىمدىن تۇزۇكرەكمۇ بىرنەرسە ئۆتمىدى. مۇشۇ مەۋسۇم باشلىنىپ بېشىمغا ئارقىمۇ ئارقا كەلگەن دىشۋارچىلىقلارنى ئويلاپ، كۆز ياشلىرىم يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلەتتى. مەن پۈتۈن ئۈمىدىمنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بىللە ئوقۇغان، ھازىر يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ

www.uyghurkitap.com



تۇغۇت بۆلۈمدە پراكتىكانت بولۇپ ئىشلەۋاتقان ساۋاقدىشىم زۈلھەجەرگە باغلىغانىدىم. تاغتۇرانىڭ چاكاندا قاپلىغان دالاسى مېنى ھاياجانغا سالاتتى. مەيىن شامالدا چىغ پۆپۈچەكلىرى يەلپۈنەتتى. قاياقتىندۇر تاغ قۇشقىچىنىڭ چىغلداق ئاۋازى كېلەتتى. ئەتراپ سۈكۈت ئىجىدە مۈگگا پېتىپ ئولتۇرغان بوۋايدەك قېتىپلا قالغانىدى، بۇ يەردىن شەھەردىكى شاۋقۇن-سۈرەنلەرنىڭ ئۇندىن بىرىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى.

ماشىنىدىن چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا كەنت باشلىقى جۇمە باقى بىر ھارۋىنى داراڭلىتىپ ھەيدەپ يېنىمدىن ئۆتۈپ قالدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ھارۋىسىنى توختاتتى.

— ھارماي كەلگەنلا گۈلسارىخان خېنىم، — ئۇ ھىجايغىنىچە ئالدىمغا كەلدى، — قېنى ھارۋىغا چىقىۋالسىلا خېنىم، مەن شۇ تۇرقىدا مەھەللىگە قايتاي دەپ تۇرغان. ھېلىقى مۇخبىر تۇغقانلىرى كەلمەپتىغۇ؟

— ئۇنىڭ ئىشى ئالدىراش، — مەن ئىچىمدە كۈلۈپ قويدۇم. بىز يۈرۈپ كەتتۇق. يېگىدىن شىغىل تۆكۈلگەن يول شۇنچىلىك ئەسكى ئىدىكى، ھارۋا قەدەمدە بىر سەكرەپ مېنى بەكلا ئاۋارە قىلىۋەتتى. بۇ ئاز كەلگەندەك نەدىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر كۆكۈيۈن ئېشەكنىڭ قورسىقىغا قونۇۋېلىپ ئۇنى جىلە قىلىشقا باشلىدى. ئېشەك سەكرەپ، ھارۋىنىڭ شاللىرىغا جالاقلىتىپ تېپەتتى.

— ئوقۇشلىرى قاچان تۈگەيدۇ خېنىم؟ — سورىدى جۇمە باقى كۆزۈمگە يەۋەتكۈدەك قاراپ.

— بىر يېرىم يىلدىن كېيىن.

— شىشىدە ساندۇق ياساپ ئىچىگە سېلىپ قويۇپ قاراپ ئولتۇرغۇدەك ئۇز قىز بولۇپ كەتتىلە، — ئۇ تىللىرىنى چاكىلدىتىپ قويدى، — تېزرەك ئوقۇشلىرى تۈگىسە، يۈرەكنى داغلايدىغان چاغلارمۇ كېتەر ئىدى.

— نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈۋاتىدىلا جۇمەكا، — ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ئۆيلىپ كەتتىم.

— سىلنى ئالاي دەيمنا، — ئۇ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى، — چىرايلىق يۈزلىرىگە قاراپ يۈرەكلەر پىژ-پىژ بولۇپ كەتتى، ئارمىنىمىزغا يەتكۈزەلا جېنىم خېنىم.

— يەنە كاپشىيدىغان بولسىلا ھارۋىلىرىدىن چۈشۈۋالىمەن جۇمۇ.

— ھازىرچە شۇنداق ئۇسكەك كالىدەك سەكرەپ مۆككۈپ تۇرىسىلا، ئوقۇشلىرى تۈگىسۇنچۇ قېنى، سىلنى كۆندۈرۈپ تىرناقتا توختايدىغان قىلىۋالىمىزغۇ.

— تىرناقتا توختايدىغىنى ئۆيلىرىدە بارغۇ.

— نەدىكىنى، ئۇ دېگەن يوتقاندىلا توختايدۇ خېنىم. ئۇنى قانداقمۇ سىلى بىلەن تەڭ كۆرگىلى بولسۇن. گەپنىڭ جىگىنى قىلسام بۇ خوتۇنغا پەقەتلا كۆڭلۈم يوق. بەش بالىنىڭ يۈزىنى دەپلا جىم يۈرۈۋاتىمەن. ناۋادا سىلى ھايت دەپ قويىدىغان بولسىلا، ئۇنىڭ كەشىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قوغلاپ چىقىرىمەن جۇمۇ!

ئۇ يەنە بىردەم ۋالاقشىپ ئاندىن توختىدى. كۆڭلۈم بەكمۇ پەرىشان ئىدى.

بالىنى ئالدىرۇۋېتىشىنىڭ قانچىلىك قىيىن بولىدىغانلىقىنى، نەچچە كۈن ياتىدىغانلىقىمنى، ئېمىلەرنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىنلىكىنى بىلمىگەچكە، بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەنىدىم. قايتىپ كېلىشىمنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئاتا-ئانامغا نېمە دەرمەن دېگەنلەرنىمۇ كۆڭلۈمگە كەلتۈردۈم، ئەمما ھېچ خىيالىمنى توختىتالمىدىم. ئېشەك قەدىمىنى بارا-بارا ئاستىلىتىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ تۇمشۇقى ساڭگىلاپ، قۇلاقلىرى سالپىيىپ تۇراتتى. ھاۋا سىلكىنىپ، غىچىرلىغان ئاۋاز چىقىراتتى. ئاستىمىزدا ئاقما دەرياسى سوزۇلۇپ ياتاتتى. يېڭىدىن سېپىلنىغان بىتون كۆۋرۈك دەريا بېلىگە باغلانغان كەمەردەك. ئىككى قىرغاقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. دەريانىڭ ساھىلىدا ھەرە چىشىدەك چوقچىيىپ تۇرۇشقان نۇرغۇن قوم-شېغىللىق مۇنارلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەن ئاقما دەرياسىغا ھەم سېغىنىش، ھەم نەپرەت بىلەن قارىدىم. ئىختىيارسىز قوللىرىم قورسىقىمنى سىلاپ قويىدى.

مەن ئاقما دەرياسىنى ئىلگىرى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. كىچىكىمدە دوستلىرىم بىلەن كېلىپ دەريا قىنىدىن ھەرخىل تاشلارنى تېرىپ ئۆي ياساپ ئوينايتتۇق. مېنىڭ باللىقتىكى نۇرغۇن خۇشاللىقلىرىم، ئارزۇ-ئارمانلىرىم مۇشۇ دەريانىڭ قوينىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئەمما شۇتاپ قورسىقىمدىكى مېنى ھالاكەت گىردابىغا قىستاپ كەلگەن ھامىلىنى ئويلىسام بۇ دەريانىڭ سۈيىگە ئۆچلۈكۈم كېلەتتى.

ئۆيگە كەلدۇق. جۇۋاز ھەيدەپ چارچىغان دادام ھويلىمىزنىڭ ئالدىدىكى يۇمشاق قوم ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇ ھارۋىنىڭ تاراق-تۇرۇقلىرىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە بىزنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئېمىندۇر دېمەكچى بولغاندەك لەۋلىرىنى قىمىرلاتتى، لېكىن بوغىزىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك زۇۋان سۈرەلمىدى. ئۇ مېنىڭ ۋاقىتسىز كېلىپ قالغانلىقىمغا ھەيران بولۇپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتاتتى. ئەزەلدىن «جەرىمانە» دەپ ھۆركىرەپ يۈرىدىغان جۇمەباقى بىلەن ئەتۋارلىق قىزىنىڭ بىر ھارۋىدا ئۇلتۇرۇپ كېلىشى دادامنى راستىنلا گاڭگىرىتىپ قويغانىدى.

— ھە قاسىم جۇۋاز، قىزىڭ پىيادە قايتىكەن، ھارۋامغا سېلىۋالدىم، بوپتۇمۇ؟

— سىلىنى ئاۋارە قىپتۇق جۇمە ئۇكام. كۆپ رەھمەت، قېنى، ئۆيگە كىرىپ بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ ماڭمامسىلا؟

— ھازىرچە ئالدىراشمەن. كېيىنچە چايىنى چوقۇم ئىچىمىز جۇمۇ، — ئۇ ماڭا مەنىلىك قاراپ قويغاندىن كېيىن ئېشىكىنىڭ بېشىنى تارتىپ ھارۋىسىنى داراڭلىتىپ ھەيدىگىنىچە كېتىپ قالدى.

— قىزىم، ئەجەب بىمەھەل كېلىپ قاپسەنغۇ؟ — دادام بىر ھازا كېلىنى قىرغاندىن كېيىن سورىدى.

— سىلەرنى كۆرگۈم كېلىپ كەلدىم... — ئارانلا شۇنداق دېيەلىدىم، يۈزلىرىم قىزىرىپ چىمىلداپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

## 12

— بەك قاراملىق قىلىپسەن ئاداش، — دېدى زۇلھەجەر قەغەزدەك ئېپپىز لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە، — ئالىي مەكتەپ سەن بىلەن بىز ئۈچۈن ئېرىشىش تولىمۇ قىيىن بولغان جەننەت ئىدى. سەن بولساڭمۇ يېزىمىزدىن شۇ مۇقەددەس يەرگە بارغانىدىڭ، ئىسىت...ئىسىت...

كۆز ياشلىرىمنى زورىغا ئىچىمگە سىڭدۈرۈپ، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ پېتىنالماي كارىۋات ئۈستىگە چىقىپ ياتتىم. زۇلھەجەر مېنىڭ مىسكىنلىك، بىچارىلىك چىقىپ تۇرغان تۇرقۇمغا قاراپ ئىچى سىيرىلدى بولغاي، باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنغىنىچە ئوپېراتسىيە ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈپ يېنىمغا كەلگەندە، نومۇس كۈچى مېنىڭ كېكىردىكىمدىن بوغقانىدى.

ئاھ شۇم پېشانە تۆرەلمە! مەن ئەسلىدە ھالال جۈپتۈمنىڭ قۇچىقىدا پەخىرلىنىپ يېتىپ سېنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇزۇشۇم كېرەك ئىدى. لېكىن مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. سېنى باغرىمدا ئەركىلىتىپ چوڭ قىلسام، ئۆز قولۇمدا تەربىيىلىسەم مەندە قىلچىلىكمۇ ئارمان قالمايتتى. ئەپسۇس، مېنىڭ ئەتراپىمدىكى مۇھىت، مېنى ئوراپ تۇرغان قائىدە-تۈزۈملەر بۇنىڭغا يول قويمايدىكەن. ئەڭ مۇھىمى سەن تاشمەتنىڭ پۇشتى. مېنىڭ موھتاجلىقىم، ئاجىزلىقىم سەۋەبىدىن تۆرىلىپ قالغان، ئەمما مەن قىلچە ئارزۇ قىلمىغان سەن بىچارىنى ئېچىلىشنى كۈتمەيلا قومۇرۇۋەتكەن گۈل نوتىسىدەك تېنىمدىن چىقىرىپ تاشلاش ئالدىدا تۇرىمەن. مېنى كەچۈر جىگەر-پارەم، سېنى مەن ئېرىشىشكە ھەغدا بولغان كەلگۈسى بەختتىن مەھرۇم قىلدىم. ئانىلىق بۇرچ مەندە شۇنداق كۈچلۈك بولسىمۇ، سېنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچۇرۇشقا مەندە ئىمكانىيەتمۇ، ئىختىيارمۇ يوق. ئانام بەكمۇ باغرى تاشكەن دەپ ئويلاپ قالما. مەن باشقىلار ئالدىدا ئىپپەتلىك قىز بولۇپ ياشاش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ سۆز-چۆچەكلىرىگە قالماسلىق ئۈچۈن، سېنى نابۇت قىلدىم. ئاناڭنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى كەچۈر. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئازابلىق كۆڭلىنى چۈشەن!... مۇزدەك سوغۇق كارىۋات ئۈستىدە يېتىپ پەرياد چەكمەكتىمەن. ئاياغ تەرىپىمدىن ئەسۋابلارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلغاندىكى تىترىقلىغان ئاۋازى كەلمەكتە. ئىچ-باغرىم قوچۇپ-قوچۇپ تاشلىغاندەك دەھشەتلىك ئاغرىقنى سەزمەكتە. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ كەتتىم. ۋارقىرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن بارماقلىرىمنى غاراسلىتىپ چىشلىدىم، بالىنى ئېلىۋېتىش ئادەمنى دوزاخ ئوتىدەك قىينايدىكەن. لېكىن مەن ھەممىگە چىدىدىم. چىدىمايمۇ مەندە نېمە ئامال بار دەيسەن ئىپتىخار.

زۇلھەجەر مېنى يۆلەپ بالنىتسىنىڭ كەينىدىكى ياتىقىغا ئېلىپ چىقتى. مەن ئۇ يەردە تورۇسقا قاراپ كەچكىچە ياتتىم. مېنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىممۇ، تۇرقۇممۇ روھىي كېسەلگە ئوخشاپ قالغان بولسا كېرەك، كەچتە ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ يېنىمغا

كەلگەندە چۆچۈپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ گۈلسارە، چىرايىڭ بەكلا ئۇسال تۇرىدىغۇ؟ ... — ئۇ ئىنتىكلا چېكەمنى تۇتۇپ كۆردى. ئاندىن قولۇمنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدى، — مەن بىر دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ساڭا ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلاي جېنىم ئاداش، ئۇ ئىشلارنى ئەمدى ئويلىما. هازىرنىڭ ئۆزىدە ساڭا ئەڭ كېرەكلىكى خاتىرجەملىك. بولمىسا ئۆزۈڭنى تۈگەشتۈرۈۋالىسەن. ئۆزۈڭنى ئاسرىمىساڭ بولمايدۇ. خاتىرجەم يېتىپ تېزرەك ساقىيىپ مەكتىپىڭگە كېتىۋېلىشىڭنىڭ ئىشىنى قىل، مەن ئەمدى ساڭا تاماق ئېتىپ بېرەي-هە.

ئۇ بىردەمدىلا تاماق قىلدى. ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن سېرىق سۇ ئاقتۇرىدىغان، هورى ئۆرلەپ تۇرغان بىر قاچا لەگمەننى ئالدىمغا ئېلىپ كەلدى. لېكىن شۇ تاپتا گېلىمدىن هېچ نەرسە ئۆتمەيتتى. گېلىمنى بوغۇپ تۇرغان نومۇس كۆچى تېخى يانمىغانىدى.

— ئۇنداق قىلما گۈلسارە، سەن تاماق يېمىسەڭ ئەتكەن تامىقىمنى ياراتماپتۇ، دەپ خاپا بولىمەن جۇمۇ. زورلاپ بولسىمۇ ئازراق يېگىن، مۇنداق يېتىۋەرسەڭ سالامەتلىكىڭگە پايدىسىز ئاداش، — ئۇ مېنى تاماققا زورلاپ قاچىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. نېمىشقىدۇر كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك تۆكۈلدى. مەن ھەممە دەردلىرىمنى كۆز ياشلىرىمدىن ئالماقچى بولغاندەك زۆلھەجەرگە ئۆزۈمنى ئېتىپ پاگىمدە يىغلىۋەتتىم. بېشىمغا كۈن چۈشكەندە دوستلۇق مېهرى بىلەن بېشىمنى سىلىغان بۇ دوستۇمنى چىڭ-چىڭ قۇچاقلىدىم. ئۇمۇ ماڭا قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.

— نېمىشقا توي قىلمايسەن زۆلھەجەر؟ ئىشقا ئورۇنلاشقىنىڭغىمۇ خېلى بولدى، بىرەرى بىلەن يۈرۈۋاتامسەن؟ — تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن كۆرپىگە يانپاشلاپ يېتىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم. زۆلھەجەرنىڭ چىرايى ۋىللىدە قىزاردى.

— بىرى بىلەن پۈتۈشكەن، ئۆيدىكىلەر توي تەييارلىقى قىلىشىۋاتىدۇ، — دېدى زۆلھەجەر تىرناقلىرىنى تاتىلاپ يەرگە قارىغىنىچە، — تويىنى كېلەر ئايلاردا قىلارمىزمىكىن.

— بەختلىك مىنۇتلىرىڭغا ئاز قاپتۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ يۇپيۇمىلاق مەڭزىنى چىمدىپ قويۇپ، — ئېيتە، يىگىتىڭ كىم؟

— هېلىم.

— پاھ، تەلىيىڭ باركەن جېنىم ئاداش، ئۇبدان يەرگە چۈشكىلىۋېتىپسەن. سېنى تەبرىكلەيمەن. مەڭگۈ بەختلىك بولغايسەن ئىلاهىم.

ئەتىسى مەن هېلىمنىڭ موتسىكلىتىغا مىنگىشىپ ئۆيگە قايتتىم. كېچىچە زۆلھەجەر بىلەن مۇڭدىشىپ يېتىپ تۈزۈكرەك ئۇخلىمىغاچقا بېشىم ناھايىتىمۇ ئېغىر ئىدى. پۇت-قولۇم تىترەپ تۇراتتى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئانام هويلىدىكى سۇپىغا جاي سېلىپ بەردى. دادام جۇۋازخانىدا ئىدى. ئانام بىر ئىش بىلەن ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ

كەتكەن بولسا كېرەك. هويلىدا كۆرۈنمەيتتى. مەن پېشايۋاندا چۈرۈلۈشۈپ سايراۋاتقان ئىككى قۇشقاچقا كۆز تىككىنىمچە جىمجىت ياتاتتىم. شۇ تاپ ئىچىم قۇپقۇرۇق ۋە مۇزخانىدەك سوغۇق ئىدى. كاللامغا ھېچ نەرسە كەلمەيتتى. قورسىقىمدىكى يۈكتىن قۇتۇلغىنىمغا خۇشاللىنىشىمنىمۇ ياكى ئۆكۈنۈشىمنىمۇ بىلمەيتتىم. بىرچاغدا خىيالىم سەل روشەنلەشكەندەك قىلىپ، كۆز ئالدىمدا چىرايىڭ نامايان بولدى. مەن تىترەپ كەتتىم ۋە ئىپتىخار، ساڭا يۈز كېلەل-



مەيمەن، دەپ پىچىرلىدىم. شۇ ھالدا يېتىپ كۆزلىرىمنىڭ ئاستا-ئاستا ئېلىنىپ، ئۇيقۇغا كەتكىنىمنى سەزمەيلا قالدىم.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا كۆكسۈمنىڭ قاتتىق ئاغرىقىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. بىرى بىقىنىمغا بىرنى تەپتى. ئاغرىق دەستىدىن چىرقىراپ كۆزۈمنى ئاچتىم. قارىسام قولىدا كالتەك تۇتۇۋالغان تۆت ئايال مېنى ئارىغا ئېلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ مۇردىنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايى، بەقەمدەك قىزارغان كۆزلىرى، كىرىشكەن چىشلىرىغا قاراپ ھوشۇمدىن كېتىشكە تاسلا قالدىم.

— ھۇ رەسۋا جالاپ، ئەمەن يۇراپ ئاران كەلگەنىمدىك؟ ئېشىپ-تې-شىپ بىزنىڭ ئادەم ياراپتۇ-دە ساڭا، تويە مانا، — ھىڭگاك چىشلىرى كاسىلداپ تىترەپ تۇرغان بىر ئايال ئۇچلۇق ئۆتۈكى بىلەن كىندىكىمنىڭ ئاستىغا بىرنى تەپتى. ئاغرىقتىن پۇچىلىنىپ كەتتىم.

— ئاچامنىڭ ئۆيىنى بۇزىمەن دەپ چۆچۈرىنى خام سانىما جالاپ، سەندەك قانجۇقلار ھامان تاپ يالاپلا يۇرۇشىسەن. سەندەكلەرگە ياخشى كۈن يوق. ھامان ئاق يەردە قالىسەنغۇ ئاخىر! — قالغان ئاياللارمۇ تىللىغاچ خۇددى قوناق سوققاندەك مېنى كالتەكلەپ كېتىشتى. تاياق زەربىسىدىن بېشىمنى كۆتۈرەلمەيلا قالدىم.

— قولۇڭنى تارتىش! — دادام ھويلىدىكى ۋاڭ-چۇڭنى ئاڭلاپ جوۋازخانىدىن چىقىپ، مېنىڭ تۆت ئايالنىڭ ئارىسىدا كالتەكلىنىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ بۆرىدەك ھۆركىرىدى، — ھەي قان شورىغۇچى مىتە قانجۇقلار، بىچارە قىزىم نېمە قىلدى سەنلەرگە؟

— قىزىڭنىڭ نېمە قىلغىنىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ-ھە؟ — ھەڭگاڭ چىشلىق ئايال دادامنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ باردى، — ۋاي پوق ساقال جوۋازچى. قىزىڭنى باشقۇرالمىغاندىكىن، جوۋۇزىڭنى ھەيدەپ ئىشىڭنى قىل. خاناچاڭنىڭ ئىشىغا ئارىلاشقۇچى بولما. بولمىسا ئىت جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن بىكار.

ئۇلار يەنە ماڭا تاشلىنىپ شىددەت بىلەن كالتەكلەشكە باشلىدى. دادام يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە توخۇ چۆجىسىنى قوينىغا سولىغاندەك مېنى دالدىسىغا ئالدى. ھەش-پەش دېگۈچە دادامنىڭ باش-كۆزلىرىگىمۇ بىرنەچچە كالتەك تېگىپ ئۈلگۈردى.

— جېنىم خانىلىرىم. قىزىم سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا نېمە گۇناھ قىلدى؟ نېمىگە شۇنچە باغرى تاشلىق قىلىسىلەر؟ ھەممىمىز مۇسۇلمان خەق بولغاندىكىن ھەر ئىشنى گەپ بىلەن ھەل قىلمايمىزمۇ، — دادام ئۇلارغا يىلىندى.

— بىلمەس بولۇۋالما قەلەندەر، — دېدى ئالتۇن چىشلىق بىر ئايال كالتىكىنى دادامنىڭ بۇرنىغا تىرەپ تۇرۇپ، — قىزىڭ رەسۋا ئاچامنىڭ ئېرى جۇمە باقى بىلەن تىلىنى بىر قىلىپ، ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشنى پىلانلاپتۇ. بىراۋنىڭ ئېرىنى ئازدۇرۇش گۇناھ ئەمەسمىكەن؟ سەن بۇنى بىلمەي قالامسىنا؟ قىزىڭنى كىچىك بولسىمۇ ئەمەلدارنىڭ قوينىدا تەرلىتىپ ئارىدىن پايدا ئالاي دەپسەندە، شۇ تاپتا قىز تاپقانلىقىڭدىن پەخىرلىنىۋاتقانسەن ھەقچان.

— نېمە، نېمە دېيىشىۋاتىسەن؟ مېنىڭ قىزىم جۇمە جەرىماننى نەدە يۈرۈپ كۆرۈپتۇ؟

— قوناقلىقتا. يەنە نەدە كۆرسە بولاتتى؟ يا جوۋازخاناڭدا سېنىڭ كۆزۈڭچە كۆرسە بولامتى ئەمىسە؟

دادام غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ھاقارەتلەنگەنىدى. دادام نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك يەرنى سىلاشتۇردى. لېكىن ئۇنىڭ قولىغا ھېچ نەرسە چىقمىدى.

— بىلىپ قويۇش، جۇمە باقىنى چۈشەپ تولا ئاۋارە بولۇشما، مەن دېگەن ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئايالى. ئۆزۈڭنى بىلىپ يۈرۈشمەيدىكەنسەن، مەن ھايتلا دېسەم تۇغقانلىرىم سەن قەلەندەرلەرنىڭ كولۇڭنى كۆككە سورۇۋېتىدۇ، بىلىشتىڭما؟

دادام لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەلەسلىشىپ، ئېغىزىدىن كۆپۈك يېنىشقا باشلىغانىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم. لېكىن تاياقنى كۆپ يەپ كەتكىنىم ئۈچۈن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆرە بولالمىدىم. دادامنى يۆلەشكە پەقەت ماجالىم يەتمىدى.

— بىز دېگەنچۇ، — دەپ چاۋۇلدىدى ئالتۇن چىشلىق ئايال قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — چاقىرسا ئېتىمىز، تۇتسا سېپىمىز بار كىشىلەر. سەندەكلەرگە ئوخشاي بوزەك بولىدىغىنىدىن ئەمەس. تېخى جۇمە باقى ئاكامغا «ئوقۇشۇم تۈگىسە توي قىلايلى» دەپسەن، سەن جالاپ ۋاقتىدا ئۆزۈڭنى بىلىپ يۈرمەيدىكەنسەن، ئاۋۋال جېنىڭنى

www.uyghurkitap.com

ئۇيلاپ قوي.

تۆت ئايال دادام بىلەن ئىككىمىزنىڭ بېشىغا توپا چېچىپ، تۈكۈرۈپ يەنە بىر مۇنچە ھەيۋە قىلىشقاندىن كېيىن چىقىپ كېتىشتى.

دادام شۇ يىقىلغانچە ئۆرە بولالمىدى. ئاياق ئىچىمگە ئۆتۈپ كەتكەچكە مەنمۇ بىرەر ھەپتىچە يېتىپ قالدىم. كېيىن مەھەللىدىكى بىرىدىن ئۇقسام، جۈمە باقى بىر ئولتۇرۇشتا مېنىڭ گېپىمنى قىلىپ «قاسىم جۇۋازنىڭ قىزى ئوقۇش پۈتتۈرگەندە توي قىلىدىغان بولدۇق. ئۇ ماڭا ئاشىق ئىكەن...» دەپ پو ئېتىپتۇ. ئەتىسى بىر ئالقانات بۇنى يوغىنىتىپ ئۇنىڭ ئايالى ھۆرمەتنىساخانىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئۆزىنىڭ رىزىق نېسىۋىسىگە كۆز قىزارتىپ ئۆيىنى بۇزماقچى بولغان مەندەك قوڭالتاقنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن تۆت ئاچا-سىڭىل شۇ كۈنىلا بىزنىڭكىگە كەلگەنىكەن. ئۇلار مېنى ئۇرغانىنى ئاز دەپ مەكتەپكىمۇ پاش قىلىش خېتى ئەۋەتكەنمىش. بۇلارنى ئاڭلاپ ئىشىمنىڭ سۇغا چىلاشقانلىقىنى، ئەمدى مەكتەپكە قايتىشىمنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، قايتقان تەقدىردىمۇ ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىپ باراتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن زۇلھەججەر مېنى يوقلاپ كەلدى. مەن يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. دادامنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ دەرھال دوختۇرخانىدا ياتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز دەرھال بىر ھارۋا تەييارلاپ دادامنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردۇق.

— ئالدىن بەش يۈز يۈەن تۆلەڭلار، — دېدى باش دوختۇر دادامنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، — بالنىتسىدا ياتمىسا بولمايدۇ.

«بەش يۈز يۈەن» دېگەننى ئاڭلاپ ئانامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپلا قالدى.

مەن دوختۇرخانىنىڭ پۇل تاپشۇرۇش ئورنىغا باردىم ۋە گۈلپىيە تاشمەتتىن ئېلىپ بەرگەن پۇلنىڭ يېرىمىدا رەسمىيەت ئۆتىدىم. ئىچىم بەكلا سىيرىلىپ كەتتى. ناۋادا بۇ پۇل تاشمەتنىڭ قولىدىن ئەمەس، خىزمەت ئورنۇمدىكى كاسسىرنىڭ قولىدىن ئىش ھەققىمگە بېرىلگەن بولسا مەن پەخىرلىك ھېسسىياتتا دادامنى داۋالىتالىدىم، دەپ ئۆز-ئۆزۈمدىن سۆيۈنگەن بولاتتىم. دادامنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇردۇق. ئانام ھەيرانلىق ئىلكىدە ماڭا قاراپ-قاراپ قويغاندىن كېيىن ھارۋىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتتى. ئۇنىڭ قارىشىدىن شۇنچە پۇلنى نەدىن تاپتىڭ؟... دېگەن مەنە كىلەتتى.

13

بۇ كېچە ھەرھالدا تېپتىنچ ئۆتتى. دادام ھاسىراپ، ئىنجىقلاپ ياتاتتى. تىنىقى ناھايىتىمۇ قىيىن ئىدى. ئارىدا دېجورنى سېستىرا ئۇنى ئىككى قېتىم تەكشۈردى ۋە

ئوكۇل سالدى. تولۇق يوروۇقىدا دادامنىڭ قوشقاچ چاڭگىسىدەك چىگىشلىشىپ كەتكەن ساقىلىغا، تومپىيىپ چىققان مەڭىز سۆڭەكلىرىگە، ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان قوللىرىغا قاراپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئېنىق ئېسىمدە، مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى دادامنىڭ تارتقان مۇشەققەتلىرى، ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ تىل-ھاقارەت، دەشناملىرى، ئائىلىنىڭ تاغدەك ئېغىر يۈكى، جوۋازخانىدىكى ئېغىر ئەمگەكلەرنىڭ ھېچقايسىسى دادامنى يىقىتالمىغانىدى. ئۇ دولقۇنلارنىڭ زەربىسىگە پەسەنت قىلمايدىغان خادا تاشتەك ھەممىگە سۆكۈت قىلغان، ھەممىنى يەڭگەنىدى. مانا كېلىپ قېرىغان، كۆڭلى نازۇكلاشقان، باشقىلارنىڭ تاپا-تەنىلىرىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندا، قىزى توغرىسىدىكى يامان گەپ ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە — يۈرىكىگە كېلىپ تەگدى. خۇددى دەرەخنىڭ ئوق يىلتىزى كېسىپ تاشلانغانىدەك دادام يىقىلدى. يىقىلغان دەرەخنىڭ ئۆرە بولمىقى ئاسان ئەمەس. «تىغ يارىسى يامانمۇ، دىل يارىسى» دېگەنىدەك، دادامغا بۇ ئىش بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىدى.

— قىزىم، — دېدى ئۇ بىر چاغدا قولىنى يوتقاندىن چىقىرىپ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — ماڭا راست گەپنى قىلغىن. جۇمە باقىنىڭ دېگىنى راستمۇ؟

— ئەزبىرائى خۇدا، بۇ بىر تۆھمەت دادا، سەن ماڭا ئىشەن، ئەگەر جۇمە باقىنىڭ دېگىنىدەك ئىش بولسا مېنى يەر يۇتسۇن.

— ساڭا ئىشىنىمەن قىزىم، لېكىن ئېسىڭدە تۇت، جۇمە باقىنىڭ ئىزىدىن ئاتلىغان ئىتمۇ غالجىر بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ پوقىنى يېگەن قاغمۇ ساراڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئەلنىڭ قىساسى كۆپ، ھەققى كۆپ. سەن ئۆمۈر بويى تۇل قالساڭ مەيلىكى كۆڭلۈڭنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇنىڭ سايىسىغا يېقىن يولىما!

دادامنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كۆزلىرى ياشلاندى. مەن ئۇنىڭ مەڭزىگە مەڭزىمنى يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلىدىم.

— دېگىنىڭدەك قىلىمەن جان دادا، ماڭا ئىشەن.

تاڭ ئاتتى. زۇلھەجەر بىر چەينەك ئىسسىق سۇ كۆتۈرۈپ ياتاققا كىرىپ كەلدى.

— قېنى، يۈز-كۆزلىرىڭنى يۇيۇۋال ئاداش، — دېدى ئۇ لۆڭگىنى ھۆللەپ ماڭا سۇنۇپ، — كېچىچە ئۇخلىمىغان ئوخشايسەن؟ بۇ ئىشنى يۇقىرىغا ئەرز قىلساڭ بولمامدۇ؟

— پايدىسى يوق بالام، — دېدى دادام زەئىپ ئاۋازدا، — بۇ يەردىكى قانۇن بىر كادىرنى ھەرگىزمۇ جوۋازچى ۋە ئۇنىڭ قىزى يېگەن تاياق ئۈچۈن جازالاپ بېرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى خۇدايىم بېرىدۇ. مەن ھەممىنى خۇداغا قويدۇم...

مەن دادامنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى لۆڭگە بىلەن ھۆللەپ سۈرتكەندىن كېيىن، زۇلھەجەرنىڭ ياتىقىغا چىقىپ چاي قايناتتىم. دادام بىلەن ناشتا قىلىپ ئولتۇراتتۇق، مەھەللىمىزدىكى ئىمىن ئاكا ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇ بىزگە خېلى يېقىن تۇغقان كېلەتتى. نېمىشقىكىن ئىمىن ئاكىنىڭ ئوڭسۇلى قالمىغان. پۇت-قوللىرى بەزگەك كەتكەنەك

uyghurkitap.com



تىترەپ تىلى گە پىكمۇ تۇزۇك كەلمەيتتى.

— ئە...ئىش چاتاق، — دېدى ئۇ ھولۇقۇپتۇرۇپ، — كېچىدە سىلەرنىڭ ئۆيگە ئوت كېتىپتۇ...

بىز ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدۇق. ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى.

— ئىمىن، نېمە دەۋاتىسىلە، — سورىدى دادام بىر چاغدا ئېسىگە كېلىپ، — ئوت كەتتى دېدىڭلىما؟ نەگە، كىمنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتتى؟

— ئوت ئالدى بىلەن جوۋازخانىغا تۇتىشىپتۇ. كېيىن ھەممە ئۆيلەرنى يالماپ كېتىپتۇ. بىز سەھەر ۋاقتىدا ئاندىن تۇيۇپتىمىز. قوشنىلار خېلى كۆپچىدۇق. لېكىن...

— ئانامچۇ؟ ئانام...

ئىمىن ئاكا لام-جىم دېمەستىن يەرگە قارىۋالدى. مەن ھەممىنى چۈشەندىم. كۆز ئالدىمدا غايەت زور ئوت شارى شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاچلىرىغا، كىيىم-كېچەكلىرىگە ئوت تۇتاشقان ئانام ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ، بىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلغانداك قوللىرىنى ھەرتەرەپكە سۇنۇپ يۈگۈرۈيتتى. لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئوت شارىدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتەلمەيتتى. رەھىمسىز يالقۇن تىللىرىنى سوزۇپ ئانامنى يۇتۇشقا ئۇرۇناتتى. ئۇ ئاخىر بولالمىدى. ئالدى-كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ، كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئۈستىگىلا يىقىلدى. بىر يىقىلغانچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئوت شارى گۈرۈلدەيتتى. ھەممىنى كۆيدۈرۈپ كۆلگە ئايلاندۇرماقچى بولغانداك، تىللىرنى ھەريان سوزۇپ چاراسلاپ كۆيەتتى. ئاسمان-پەلەك كۆتۈرۈلگەن ئىس يىقىن ئەتراپتا قوشنىسى بولمىغان بىزنىڭ ئائىلىدە يۈز بەرگەن پاجىئەنى قوشنىلارغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ بېرەلمەيتتى. بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىدىن تېنىم تىكەنلىشىپ «ئانا...!» دەپ ۋارقىرىغىنىمچە ھوشۇمدىن كەتتىم.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ھوشۇمغا كەلگەن ۋاقتىمدا زۇلھەجەرنىڭ چىرايى كۆزۈمگە غۇۋا كۆرۈندى. ئۇ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. كۆز ياشلىرى يۈزۈمگە يامغۇر تامچىسىدەك چۈشەتتى. مەن ئاستا بېشىمنى كۆتۈرۈپ دادام ياتقان كارىۋاتقا قارىدىم. ئورۇن بوش ئىدى. يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى. ئىتتىكلا زۇلھەجەرگە قارىدىم. ئۇ «تۈگىدى» دېگەندەك بېشىنى ئاستا چايقىدى. مەن يەنە ھوشۇمدىن كەتتىم.

شۇنداق قىلىپ ھاياتىمدىكى ئىككى قاناتتىن ئايرىلدىم. ئۆي-بىساتىمىزنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلدى. ئائىلىسام ساقچىلار تەكشۈرۈۋېتىپتۇمىش. لېكىن ھېچ يىپ ئۇچى تاپالمىغان بولسا كېرەك. دوختۇرخانىدا ساراڭلاردەك ھوشۇمنى بىلمەي ياتقان كۈنلىرىمدە بىرنەچچە ساقچى مېنى يوقلىغاچ ئەھۋال ئۇقۇشقىلى كەپتۇ. لېكىن مەن ئۇلارغا نېمە دەيمەن؟ ئۆيگە ئوت كەتكەندە مەن دوختۇرخانىدا، دادامنىڭ يېنىدا تۇرسام،

ئۇلارنى قايسى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيمەن؟ ئۇلار بۇ ھادىسىنىڭ تېگىنى تاپالىغان تەقدىردىمۇ سۇنغان قاناتلىرىمنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. مەن قايتىدىن كۆك قەرىدە ئەركىن پەرۋاز قىلالمايمەن. دېمەك، نامرات بولسىمۇ مېھرى ئىسسىق ئائىلەم ئەمدى ئەسلى ئورنىدا قايتىدىن ئاپىرىدە بولالمايدۇ. شۇلارنى ئويلاپ ساقچىلارغا ھېچ نەرسە دېگۈم كەلمىدى. مۇمكىن بولسا مەنمۇ ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرالىغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!

ئون كۈندىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۆيگە قايتتىم. زۇلھەجەر ماڭا ھەمراھ بولۇپ بىرگە ماڭغانىدى. يول بويى سارائىلاردەك ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپتىم. زۇلھەجەر يولدا ماڭا بىرمۇنچە نەسىھەت قىلغاندەك قىلدى. لېكىن قۇلىقىمغا ھېچ نەرسە كىرمەيتتى. مەن روھ بىلەن تەن ئايرىلغان، ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا قالغان ئادەمدەك ھېس-تۇيغۇسىز، ئوي-خىيالسىز كېتىۋاتىمەن. كۆز ئالدىمدىن غايەت زور ئوت شارى، ئۇنىڭ ئىچىدە قىلدەك تولغىنىپ چاراسلاپ كۆيۈپ كېتىۋاتقان ئانامنىڭ سىيماسى بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى.

بىز ئاقما دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدۇق. دەريا ئىچى خۇددى تولا يىغلاپ يېشى قۇرۇغان مېنىڭ كۆزۈمدەك قۇپقۇرۇق ئىدى. دەريا قىنىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز-ئېگىز خادا تاشلارنىڭ سايىسى ئاشۇ قەدىمىي ئېقىننىڭ ئىزلىرى ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. تۇيۇقسىز كۆزلىرىم دەريا كۆۋرۈكىنىڭ سالاسۇنىغا يۆلەنگىنىچە يىراقلارغا قاراپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان بىرىنى كۆرۈپ قالدى. مەن سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇ جۇمە باقى ئىدى. مېنى ئوقۇش پۇتتۇرگەندە نىكاھىغا ئالماقچى بولۇپ چۈشكەن جۇمە باقى شۇ ئىدى. مېنى ئايالىنىڭ تايىقىغا قويغان جۇمە باقى شۇ ئىدى. ئائىلەمگە ئوت كېتىشنىڭ سەۋەبكارى، ئاتا-ئانامنىڭ ھاياتىغا زامىن بولغان جۇمە باقى شۇ ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە قان تولدى. تومۇرلىرىمدىكى قان يامغۇر-يېشىن مەزگىلىدىكى ئاقما دەرياسىدەك ئۆركەشلىدى.

— جۇمە باقى ئاكا، سىلى مېنى خوتۇن قىلىپ ئالماقچى بولغانتىلىغۇ، كەلسىلە ئەمدى، — مەن چاقماق تېزلىكىدە ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم.

ئۇ دەسلەپ ھەيرانلىق ھېس قىلىپ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قارىدى. دەل شۇ پەيتتە مەن غالجىر ئىتتەك ئۇنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان بۇرنىنى چىشلىدىم. غەزەپتىن چىشلىرىم كىرىشتى. خۇددى چۇرۇك ئالمىنى چىشلىگەندەك گاچ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئېغىزىمدا بىر پارچە گۆش پەيدا بولدى. ئاغرىق دەستىدىن ۋارقىراپ-جارقىرىغان جۇمە باقى ئىككى قولى بىلەن بۇرنىنى تۇتقىنىچە كۆۋرۈك ئۈستىگە يىقىلدى. ئۇنىڭ ئالقانلىرى ئارىسىدىن قان تەپچىرەپ چىقتى. مەن كۆۋرۈكنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتۈپ، تازا كۆچەپ تۇرۇپ ئېغىزىمدىكىنى دەرياغا پۈركۈپ تۈكۈردۈم.

بىز زۇلھەجەر بىلەن يۈرۈپ كەتتۇق. خېلى يىراقلاپ بارغاندىمۇ جۇمە باقىنىڭ

كالىدەك ھۆركىرەپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ گۇلسارە، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ — سورىدى زۇلھەجەر ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ. مەن ئىندىمىدىم، تومۇرۇمدىكى قان تېخى سوۋۇمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنى چايناپ-چايناپ پۇركۈۋەتسەم، مۇمكىن بولسا مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوت قويسام، كۆلنى كۆككە سورۇسام ئاندىن پۇخادىن چىقارمىدىمكىن-تاڭ. ئۆيگە كەلگەندە كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى. سەن بىلسەن ئىپتىخار، ئۆيىمىز كونا ئىدى. لېكىن مېھرى ئىسسىق ئىدى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىگە باشپاناھ بولۇپ كەلگەن ئۆي كۆيۈپ تۈگىگەن، ئۆيىنىڭ ئورنىدا خۇددى جاڭگالدا ئوتۇنچىلار ياققان گۈلخاننىڭ ئىزىدەك، توپىسى سارغايغان بىر يانغىننىڭ ئىزى قالغانىدى. چالا كۆيۈپ چوچۇلىگە ئايلانغان ياغاچلار، ئىستىن قارىداپ كەتكەن جوۋاز تېشى، سەل نېرىدىكى كۆيمەي قالغان بىر تۈپ ئۈجمىدە تالاپەت يەتكەن بۇ ئائىلىگە ئېچىنغاندەك سايراپ ئولتۇرغان ھېلىقى بىر جۈپ قۇشقاچ... بۇلارنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم-دە، يىغلاپ تاشلىدىم. يۈزۈم سامان چېچىلىپ ياتقان مۇزدەك تۇپراققا تېگىپ تۇراتتى. ئۇن قويۇپ شۇنچىلىك يىغلىدىمكىن، پىغانىم، نالە-زارىم پەلەككە يەتتى. زۇلھەجەر قېنى يىغلىۋال، يىغلاپ ئىچ قارنىڭ بوشاپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس، دېگەندەك مېنى ئىختىيارىمغا قويۇۋەتتى. قانچىلىك يىغلىدىمكىن، نېمىلەرنى دېدىمكىن، بىر چاغدا ئاۋازىم پۈتۈپ، كۆز ياشلىرىم قۇرۇدى. چىكەم ۋە يۈزلىرىمدە توپا بىلەن كۆز ياشلىرىم ئېلىشىپ لاي بولۇپ قاتقانىدى. زۇلھەجەر مېنى يۆلىدى ۋە قول ياغلىقى بىلەن يۈزۈمدىكى لايلارنى سۈرتتى.

بىز كۆيۈپ تۈگىگەن ئۆيىنىڭ خارابىسىگە قاراپ ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتۇق. قانچىلىك ئولتۇرغانلىقىمىزنى بىلمەيتتىم. بىرچاغدا ئىمىن ئاكا يېتىپ كەلدى، ئۇ بىزنى كۆرۈپ قەدىمىنى تېزلىتىپ مېنىڭ ئالدىمدىلا توختىدى.

— قايتىپ كەپسىزدە قىزىم، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا، — كېسەللىكىڭىز سەللىمازا ساقىيىپ قالدىمۇ قىزىم؟

مېنىڭ ئىمىن ئاكىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگۈچىلىكىم يوق ئىدى. كۆز ياشلىرىم يەنە قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— يىغلىماڭ، سەۋر قىلىڭ، — دېدى ئىمىن ئاكا بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — جاننى خۇدا بەرگەن، يەنە ئېلىپ كەتتى. قازاغا رىزا بولمىساق گۇناھ بولىدۇ قىزىم، ئاتا-ئانىڭىزنىڭ نامىزى كاتتا ناماز بولدى. يۇرتتىكى ھەممە ئادەم قاتناشتى. مەن بىلمەن، يېقىندىن بۇيان بۇ يەردە مۇنداق داغدۇغىلىق ناماز بولۇپ باقمىغان. قولۇم-قوشنىلار ھە-ھۇ دېيىشىپ رەھمەتلىكنى يەرلىكىدە قويدۇق. ئۇلارنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي ئىلاھىم.

زۇلھەجەر كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتى، مەنمۇ ئاستا-ئاستا يىغىدىن توختىدىم.

ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات يولۇم ئۈستىدە ئويلىنىشىم كېرەك. ئەمدى مېنى پەرۋاز قىلدۇرىدىغان قاناتلىرىم يوق. چاڭگىللىرىم كۆيۈپ كۇل بولدى. قاناتسىز قۇشنىڭ پەرۋاز قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ قانچە قىلغان بىلەن بىكار. ئەمدى مەكتەپكىمۇ قايتالمايمەن. بۇ يەردىمۇ تۇرغۇم يوق. ھايات يولۇم ئايىسىز كېچىدەك قاراڭغۇ كۆرۈندى.

ئىمىن ئاكىنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇردۇم. ئۇلار ماڭا ئۆز قىزىدەكلا مۇئامىلە قىلىشتى. لېكىن ئىمىن ئاكامنىڭمۇ دەردى ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى. قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىدى. شۇڭا ئاتا-ئانامنىڭ يىگىرمە نەزىرىسىدىن كېيىن بۇ يەردىن كەتمەكچى بولدۇم.

سىم-سىم يامغۇر يېغىپ تۇرغان بىر كۈنى ئەتىگەن مەن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتىم. ئاپتوبۇس قوزغىلىش ئالدىدا زۇلھەجەر بىلەن ھېلىم مېنى ئۇزىتىپ كېلىشتى. زۇلھەجەر ماڭا بىر كونۋېرتنى بېرىپ، ماشىنا قوزغالغاندىن كېيىن ئېچىپ كۆرۈشۈمنى ئېيتتى.

— شەھەر تەرەپلەردە تۇرالمىسىڭىز قايتىپ كېلىڭ، — دېدى ھېلىم كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا، — سىزگە ھەرۋاقىت زۇلھەجەر بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، ياردىمىمىزنى سىزدىن ئايىمايمىز.

بىز كۆز يېشى قىلىشقان ھالدا خوشلاشتۇق. ماشىنا قوزغىلىپ شەھەرگە قاراپ چېپىشقا باشلىدى. مەن تۇرلۇك خىياللار ئىلكىدە كونۋېرتنى ئاچتىم. ئۇنىڭدىن قىسقىلا يېزىلغان بىر ئىلىك خەت ۋە خېلى كۆپ پۇل چىقتى. خەتكە كۆز يۈگرۈتتۈم:

«دوستۇم گۈلسارە، يۇرتتىن ئايرىلغىلىۋاتىسەن، بۇنىڭغا كۆڭلۈم بەكلا يېرىم. ئازغىنا پۇل بار ئىكەن، مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن قوبۇل قىل، بىرەر ئىشىنىڭ بېشىنى تۇتۇۋالغۇچە خىراجەت قىلارسەن، قەيسەر بول. مەيۈسلەنمە. ھاياتنىڭ ئىزلەنگۈچىلەر ئۈچۈن قويىنى كەڭ...»

خەت بىلەن پۇلنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يەنىلا بۇزۇلدى. جاھاندا ھېلىھەم بېشىمنى سىلايدىغان ئاشۇنداق دوستلىرىمنىڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈندۈم.

## 14

يۇرتتىن چىقىپ دەسلەپىدە قاغىلىقتا توختىدىم. ئۇ يەردە بىر ئاشخانىدىن ماڭا قاچا-قۇچا يۇيىدىغان خىزمەت چىقتى. بىراق، بۇ ئىشمۇ ماڭا ئۇزۇن نېسىپ بولمىدى. خوجايىن ياش ئادەم ئىدى. ئوتتۇزلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، بۇرۇتلىرى قاپقارا، ئوتتۇرا بويلۇق، ئادەمگە ھەۋەس بىلەن قارايدىغان، تاپقان پۇللىرىنى ناشۇكۇرلۇك بىلەن ئەيش-ئىشرەتكە خەجلەيدىغان بۇ ئادەم ئاقىۋەت ماڭا تەلەپ قويدى. چىرايلىق

www.uyghurkitap.com

خوتۇنى، بىر-بىرىدىن ئوماق ئىككى بالىسى بار بۇ ئادەم ھېيقماستىن مەندەك بىر ياۋا گۈلنى پۇراشنى خالاپ قالغانىدى. ئۆزى بىلەن بىرگە بولسام ئايلىق ئىش ھەققىمنى بەش يۈز سومغا ئۆستۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى، مېنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ماڭا قانات سۆرەشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە كاۋاپخانىدا ئىشلىدىم. لېكىن ھەممىلا خوجايىن مەندىن نەپ ئېلىشنى، مەندەك ئىگە-چاقىسى يوق قىزدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئويلايتتى. قەلبىمنى چۈشىنىدىغان، دەردىمگە يېتىدىغان بىرەرى چىقمىدى. مەن ھالال كۈچۈم بىلەن ئىشلەپ ياشاشنى شۇنچە خالىسامۇ ئارزۇيۇم سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك يوققا چىقتى.

شۇنداق قىلىپ ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. پات-پاتلا سەن چۈشۈمگە كىرىپ قالاتتىڭ. ئەمما مېنىڭ مۇھەببەتتىن ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن، قەلبىمدە ھەسرەت-نادامەتلەر قالدۇرغان جاراھەت دېگى ساقايمىغان، بارغانلا يېرىمدە باشقىلارنىڭ يامان نىيەتتىكى قاراشلىرىغا ئۇچرىغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەكلا تاشلىۋەتكەنىدىم. ھەممىلا يەردە قازاننىڭ قۇلىقىنىڭ تۆت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلەنگەنىدىم. شۇڭا ساڭا ۋە دوستلىرىمغا خەت يازغۇمۇ كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇمە باقىنىڭ بېشەم ئايالى مېنى سېستىپ خەت يازغان بولسا، ھەرقايسىڭلارنىڭ مەندىن نەپرەتلىنىپ خەتلىرىمنى جاۋابسىز قالدۇرۇشۇڭلاردىن ئەنسىرىدىم. راستىنى دېسەم مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئاز-تولا خۇشاللىق بار دېيىلسە، سىلەر بىلەن بىرگە ئوقۇغان، بىللە بولغان ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنىڭ ئۇنتۇلماس مىنۇتلىرىنى ئەسلەش، مۇھىمى سېنى خىيال قىلىش بىلەنلا ئۆزۈمگە ئاز-تولا خۇشاللىق ۋە تەسەللى تاپالايتتىم. سېنىڭ كۈلكىلىرىڭ، قىزىق-قىزىق پاراڭلىرىڭ قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەيتتى. ئەگەر سەندىن يازغان خەتلىرىمگە جاۋاب ئالالمىسام ئۆزۈمنى قايسى ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىشنى بىلمەيتتىم. ئاۋادا قەلبىمدىكى سېنىڭ سىيمايىڭنى يىتتۈرۈپ قويسام، سېنى ئەسلەش بىلەن ئېرىشىدىغان ئازغىنا شادلىقتىن ئايرىلىپ قالسام ئۇ چاغدا مېنىڭ قەلبىم مۇدھىش شىۋىرغان سوقۇپ تۇرغان قاراڭغۇ جاڭگالغا ئايلىنىشى، ھاياتتىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈشۈم مۇمكىن ئىدى. شۇڭا قەلبىمدىكى ئاشۇ ئەسلىمىلەر ئېرىشتۈرىدىغان بەخت تۇيغۇسىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن سېنى دىلىمدا ياد ئېتىپ پەقەتلا خەت يازمىدىم.

بىر كۈنى شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىنىڭ بىرىدە تاسادىپىيلا گۈلپىيە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بۇ ئۇچرىشىشتىن ھەر ئىككىمىز تېڭىرقاپ قالدۇق. بىز يىغلىشىپ تۇرۇپ ئەھۋاللاشتۇق. بىراق، سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى باشتىن كەچۈرگەن كەچمىشلىرىمنى بىر پەستىلا سۆزلەپ بولۇش مۇمكىنمۇ؟ بىز بىر رېستورانغا كىرىپ تاماقلاندۇق. ئۇ ھېلىمۇ پۇلنى غازاڭنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ خەجلەيدىكەن. ئېسىل تاماقلاردىن بۇيرۇتتى. شامالدۇرغۇچى پىرقىراپ، مەيىن شامال چىقىرىپ تۇرىدىغان خاس بۆلمىدە

ئىككىمىزلا بار ئىدۇق.

— نېمىشقا مەكتەپكە قايتمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ ئاغرىنىپ، — سېنىڭ يولۇڭغا بەكلا قاراپ كەتتۇق. بولۇپمۇ ھېلىقى... ئىسمى نېمىدى ئۇ ئاداشىڭنىڭ؟ ھە، ئىپتىخار... ئۇ بەكلا تولگىشىپ كەتتى دېگىنە، سېنىڭ ئوتتۇرىمۇ بوش ئوت ئەمەسكەن.

ئىسمىڭنى ئاڭلاپ بوغۇزۇم ئېچىشتى. كۆز چاناقلىرىمغا ياش يوگۇردى. ئۆزۈمنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تۇتۇۋالالمىدىم. گۈلپىيە رومكىلارغا ھاراق قۇيدى. مەن رومكىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىدىم. كۆڭلۈمدەك چايقىلىپ تۇرغان قان رەڭگىدىكى سۇيۇقلۇقتا ھېجىيىپ تۇرغان تاشمەتنى، بۇرنىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاۋاتقان جۇمە باقىنى، كالتەكلىرىنى ئويىنىتىپ مېنى دۇمبالاۋاتقان بىر توپ ئايالنىڭ بەدبەشىرە چىرايىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

شۇ ئارىدا مۇشۇ بىرنەچچە يىلدا كۆرگەن ئىتتىڭ كۈنىدىن بەتتەر ئاچ-زارلىق كۈنلىرىم كۆز ئالدىمدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى. مەن تۇرمۇش ھەدىيە قىلغان نۇرغۇن ئاچچىق شارابلارنى بۇرنى-قۇلىقىمدىن چىققۇچە ئىچىپتىمەن. ئاشۇلارنى خىيال قىلىپ قولۇمدىكىنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتىم. ئاندىن گۈلپىيەگە قارىدىم. ئۇ ھېلىمۇ شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپتۇ. كىيگەن كىيىملىرى شۇنچىلىك ئېسىل. قۇلىقىدا ئالتۇن ھالقا، بوينىدا ئالتۇن زەنجىرلىك بۇلاپكا، بارماقلىرىدا ئالتۇن ئۈزۈك... ئۇ ئالتۇنغا كۆمۈلۈپلا كەتكەنىدى.

— ياخشى خىزمەت تاپقان ئوخشايسەن، — دېدىم ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ. — مائاشىڭمۇ يۇقىرى بولسا كېرەك.

— نەدىكى مائاشنى دەيسەن؟ — ئۇ قاشلىرىنى ئۇچۇردى، — ھازىرغىچە بىرەر خىزمەت-پىزمەت دېگەننىڭ پېشىنى تۇتالمىدىم. جەمئىيەتتە بىزدەكلەر سامانداك تۇرسا بىزگە ئوخشاش ئۆز خىراجىتىمىز بىلەن ئوقۇغانلارغا خېرىدار نەدە تۇرۇپتۇ دەيسەن؟ ھازىر مەن بىر رېستوراندا ئىشلەۋاتىمەن. ئوقىتىممۇ، كىرىممۇ خېلىلا ياخشى. خوش، ئۆزۈڭ نېمە قىلىپ يۈرىسەن گۈلسارە؟

مەن ئالدىرىماستىن ئولتۇرۇپ ھەممىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ كەچمىشلىرىمنى زەن قويۇپ تىڭشىدى.

— ئاھ بىچارە دوستۇم، — دېدى ئۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا، — نۇرغۇن كۈلپەتلەر بېشىڭغا كەپتۇ. ھېلىمۇ چىداپسەن، بەرداشلىق بېرىپسەن، ساڭا قايىل بولدۇم گۈلسارە، قېنى ئېيتقىنا، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماي دەيسەن؟

— بىرەر جايدىن ئىش چىقسا قىلارمەن، بالا باققۇچى بولسامۇ مەيلى...

ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي ئەخمەق، نېملەرنى دەۋاتىسەن-ھە، يۈر، مەن ئىشلەيدىغان

رېستورانغا بارايلى، خوجايىنغا سېنى تونۇشتۇراي. مۇلازىملىق قىل.

مەن گۈلپىيەنىڭ زورلىشى بىلەن بۇ رېستورانغا كېلىپ قالدىم. ھەي، بۇ يەردىكى ئىشلار ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ. خوجايىن كۈلۈپ تۇرغىنى بىلەن قارا كۆڭۈل ئادەم. ئۇ بىزگە ئىشەنمەيدۇ. تاپقان پۇللىرىمىزنى سىنىت-پىننىتلىرىغىچە ھېسابقا كىرگۈزۈپ ئاي ئاخىرىدا پەقەت پايدىنىڭ ئون پىرسەنتىنىلا بېرىدۇ. بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشنىمۇ ئويلىغانىدىم. گۈلپىيە مېنى توسۇۋالدى. خىيال قىلسام يەنە سەرسان بولۇپ، كىشلەرنىڭ سەدىقىسىگە قاراپ نەدە يۈرەرمەن، شۇنىڭ بىلەن چىشمنى چىشلەشكە توغرا كەلدى. ئېيتىڭلار، بىزدەك ئاجىز كىشلەرگە ھاياتتا يەنە نېمە يول قالدى دەيسەن؟ لېكىن دەل مۇشۇ يەردە سەن بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدىم...

ئۇ بوينۇمغا گىرە سالغىنىچە مېنى بوشقىنا بىرنى سۆيۈپ قويدى.

— گۈلپىيە ھازىرمۇ مۇشۇ رېستوراندىمۇ؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

گۈلسارە ئىتتىكلا بېشىنى كۆتۈردى. بەختىيارلىقتىن كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە بىر ئازابنىڭ سايىسى چۈشكەندەك بولدى. چىرايىغا ئاجايىپ بىر خىل سۇلغۇنلۇق تەپچىرىدى.

— يېرىم يىل ئىلگىرى ئۇنى ئېتىۋەتتى، — دېدى گۈلسارە پەس ئاۋازدا.

— نېمىشقا؟

— ئۇ يوشۇرۇنچە خىروئىن ئېلىپ ساتقانىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئۈچ يۈز گرام خىروئىن بىلەن قولغا چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن...

گۈلپىيەنىڭ ھەمىشە كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، شامال سۆيۈپ يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان چاچلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى.

— بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچىسەن؟ — ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ سورىدىم، — داۋاملىق مۇشۇ يەردە ئىشلەۋېرەمسەن ياكى باشقىچە ئويۇڭ بارمۇ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ ئۇھ تارتقىنىچە.

— ماڭا قارا گۈلسارە، كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ ئويلىغىنىمنى دەۋالاي، بۇ سەن تۇرىدىغان جاي ئەمەس. مۇنداق بولسۇن، سەن بۇ يەردىكى ھېسابىڭنى ئۈزۈپ، مەن ھۆددە ئالغان زاۋۇتقا بار. ئىش ھەققىدىن غەم قىلما. زاۋۇتىمىز ئادەمگە ئېھتىياجلىق. بىز بىرگە ئىشلەيلى، بولامدۇ؟

— لېكىن مېنىڭ تۇرمۇشۇڭنى ۋەيران قىلغۇم يوق. ئائىلەڭلارغا ئۈچىنچى شەخس بولۇپ قېتىلىپ، تىنچ كۈنلىرىڭنى بۇزۇۋەتسەم ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن، — دېدى ئۇ كېسىپلا، — بىزنىڭ پەدىشەپنى بۇزغان بۇگۈن كېچىدىكى ئىشىمىز مۇشۇ يەردىلا

قالغىنى تۈزۈك. ئەگەر سەن كۆڭلۈڭگە باشقا مۇددىئا كەلتۈرمىگەن بولساڭ، مەن زاۋۇتۇڭدا خۇددى دادامنىڭ جۇۋازخانىسىدىكى كالىدەك ئىشلەشكە رازى.

مەن ئۇنىڭغا ئىسسىم كارتوچكامنى بەردىم:

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ، مەن سېنىڭ يولۇڭغا قارايمەن.

## 15

تۈن كېچە، ئايالىم تېخىچە ئۇخلىمىغان بولسا كېرەك، ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلۈپ، ئېغىر-ئېغىر تىنىۋاتاتتى. ھەرقانچە قىلسامۇ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. سۇ يۈزىدىكى دولقۇنلاردەك، بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان ئەسلىمىلەر مېنى بەكلا چارچاتقانىدى. قۇلاقلىرىم غۇڭۇلداپ تۇراتتى. دېرىزىگە قارىدىم. قارىيىپ تۇرغان ئاسماندا سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار توپى سوغۇق جىمىرلىشىپ تۇراتتى. قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىسى تاڭنى كۈتۈپ تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. كۆز ئالدىمدا بىر سىنىپتا ئوقۇغان ھەممە ساۋاقداشلىرىم بىر-بىرلەپ زاھىر بولدى. ئەخمەت، مىجىت، گۈلسارە، گۈلپىيە... ئاھ سەن تولىمۇ شوخ قىز ئىدىڭ. شوخلۇقۇڭ بېشىڭغا چىقىپتۇ-دە سېنىڭ. بىراق سەن ھەممە غەم-ئەندىشە، تۇرمۇش ھەدىيە قىلىدىغان تۈرلۈك ئاچچىق-چۈچۈك مېۋىلەرنى تېتىشتىن بىراقلا قۇتۇلۇپسەن. لېكىن گۈلسارە ھېلىھەم كىشىلەر ئىسكىدە دوقۇرۇپ يۈرۈپتۇ. ئاھ، شۇ تۈرقىدا گۈلسارە ئۇخلىغانمىدۇ؟ ياق، ئۇ جەزمەن ئۇخلىمىدى. ئايالىمنىڭ توڭلۇق بىلەن ئالىيىپ قاراشلىرى ئۇنىڭ چوقۇم كۆڭلىگە كەلدى. بەلكىم شۇ تاپ ئۇ دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرى ھەققىدە خىيال سۈرۈۋاتقاندۇ.

خىيال بىلەن يېتىپ قاچانلاردا ئۇخلىغانلىقىمنى سەزمەيلا قاپتىمەن. كۆزۈمنى ئاچسام ئۆي ئىچى ئوبدانلا يورۇپ كېتىپتۇ. دېرىزىدىن كىرگەن قىش قۇياشىنىڭ سوغۇق نۇرى ئۈستەلدىكى يوتقاننىڭ قىپقىزىل تېشى ئۈستىدە چاقناپ تۇراتتى. ئاشخانا ئۆيدىن ئايالىمنىڭ بىرنەرسىلەرنى تاراقشىتقان ئاۋازى كېلەتتى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كىيىم-كېچەكلىرىمنى كىيدىم. ئاندىن ئالدىراپ يان ئۆيگە چىقتىم. ئۆي ئىچىدە گۈلسارە يوق ئىدى. رەتلىك يىغىلغان يوتقان-كۆرپىلەر، سۇرتۈلگەن يېزىق ئۈستىلى ۋە ئۇنىڭ قەيىرىدىندۇر كېلىۋاتقان ماڭا تونۇش بولغان ئەتىر ھىدى...

مەن لاسسىدە بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۈستەل ئۈستىدە چىرايلىق قاتلانغان بىرپارچە خەت تۇراتتى. مەن ئىتتىكلا ئۇنى قولۇمغا ئالدىم.

«ئىپتىخار، سىلەرنى ئاۋارە قىلدىم، بۇ يەرگە كېلىپ ئائىلەڭگە پاراكەندىچىلىك ئېلىپ كەلگەنلىكىمدىن تولىمۇ خىجىلمەن. مېنى ئەپۇ قىلغىلار. ئويلىنىپ قارىسام بۇمۇ

www.uyghurkitap.com

ياخشى چارە ئەمەسكەن. شۇڭا مەن كەتتىم! لېكىن ئىپتىخار، سەن ماڭا ئىشەن. مەن «ناپولېئون مەيخانىسى»غا ئەمەس، يۇرتۇمغا كېتىمەن. ھازىرچە قولۇمدا ئاز-تولا بىرنەرسە بار. شۇنىڭغا تايىنىپ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇۋالىمەن. ئۇ يەردە ھېلىم بار، زۇلھەجەر بار. ئۇلار ماڭا ياردەم قىلىپ تىجارەتنىڭ يولىنى ئۆگىتەر. سەن خاتىرجەم بول. مەن ئەمدى ئادەمدەك ياشاش ئىرادىسىگە كەلدىم. ئۆتكەنكە سالاۋات. مەن ھاياتىمنى باشقىدىن باشلايمەن. سىلەرگە خوش دېمەي كېتىپ قالغانلىقىمدىن كۆڭلۈم بەكلا يېرىم، مېنى كەچۈرۈڭلار، سىلەرگە بەخت تىلەيمەن.»

خەتنى ئوقۇپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. ئۇنىڭ شۇنچە تېز كېتىپ قالغانلىقىغا ئۆكۈندۈم. ئۇنىڭغا قولۇمدىن تامامەن كېلىدىغان ياخشىلىقنى قىلالمىغىنىم ئۈچۈن ئەپسۇسلاندىم. كۆز ئالدىمدا تاغتۇرانىڭ غېرىبلىق باسقان خىلۋەت زېمىنى، دۆڭ باغرىغا جايلاشقان ۋەيرانە ئۆي، ئۇنىڭدىكى جۇۋازخانا، قاسىمكامنىڭ كېسەلمەن ئادەمنىڭكىدەك سولغۇن چىرايى، گۈلسارەنىڭ تاياق تۇتۇۋالغان ئاياللار ئارىسىدا قالغان بىچارە تۇرقى بىر-بىرلەپ ئۆتتى. بىر تىللىق، بىر يۇرتلۇق قان-قېرىنداشلىرىنىڭ ھامىلىقىغا ئېرىشەلمەي ھەمىشە كەمسىتىلىپ كېلىپ، ھاياتىدىن ئايرىلغان بۇ خۇدانىڭ مۆمىنلىرىگە، گۈلسارەنىڭ قايىنام ئىچىدە قالغان ياپراقتەك ئازابلىق كۈنلىرىگە ئېچىنىپ كۆز ياشلىرىم تۆكۈلدى.

— يىغلاۋېتىپسىزغۇ. ئايرىلىش تەس كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

بېشىمنى كۆتۈردۈم، ئايالىم بوسۇغىدا مەسخىرە ئارىلاش ھەيىجىپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ چىشلىرىم كىرىشتى. غەزەپتىن كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. مەن چاچراپ بېرىپ ئۇنىڭ تەستىكىگە بىرنى سالدىم. ئالقىنىم لازا سۈيى قۇيغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېغىزى رېزىنكىدەك سوزۇلۇپ، كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى.

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ — ئۇ ئالقىنى بىلەن ئېڭىكىنى تۇتۇۋالغىنىچە ۋارقىرىدى.

مەن ئىشىكنى جالاقلىتىپ يېپىپ ئۆيدىن چىقتىم. كوچىدا ئادەم شالاڭ ئىدى. ئىزغىرىن شامال ھۇشقىيتىپ، ئادەمنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك تېگەتتى. مەن شىلەپەمنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، پەلتويۇمنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويدۇم، ئاندىن ئۇنى ئىزدەپ بېكەتكە قاراپ ماڭدىم. كاللامدا خىلمۇ-خىل ئازابلىق خىياللار ئۇماچ بولۇپ قايناتتى. ئايالىمنىڭ ئۆكتەملىكى تۇپەيلى قوزغالغان غەزىپىم تېخىچە بېسىلمىغانىدى.

بېكەت دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، بىر ئاپتوبۇس بېكەتتىن چىقىپ مېنى ياناپ ئۆتۈپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا، ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن بىر تونۇش چىرايىنى كۆرۈپ قالدىم. نېمە قىلىشنى بىلمەي جىددىيلىشىپ تۇرغان ۋاقتىمدا بىر قول دېرىزىدىن چىقتى، ئۇ بىر قول ياغلىقنى تۇتۇۋالغان بولۇپ، قىزىل قول ياغلىق شامالدا باياقتەك يەلپۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئۇنى تونۇدۇم. ئۇ گۈلسارەنىڭ قول ياغلىقى ئىدى. مەن

ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەچ ۋارقىرىدىم:

— گۈلسارە! ...

ئاپتوبۇس كېتىۋەردى. قول ياغلىق ئېخچە لەپىلدەپ تۇراتتى.

— ئاق يول بولسۇن گۈلسارە، — پىچىرلىدىم ئۆزۈمچە، — يېڭى تاشلىغان ھايات قەدىمىڭ قۇتلۇق بولسۇن...

ئۆز-ئۆزۈمگە پىچىرلاپ تۇرغان شۇ دەقىقىدە، بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى، سۆگەتلىك ئاستىدىكى توسمىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كۆرگەن قاينام ۋە ياپراق ئېسىمگە كەلدى. قاينامدىن قۇتۇلۇپ چىققان ياپراق سۇ يۈزىدە يېنىك چايقالغىنىچە ئۆزىنىڭ قاينام ئۈستىدىكى غالىبلىقىنى نامايىش قىلغىنىچە ئاستا-ئاستا ئاقماقتا ئىدى. ئۇنىڭ چېھرىدە ئېيتقۇسىز بىر خۇشاللىق، خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەمدى ياپراقنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇساپىسى قۇتلۇق بولاتتى...

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل**



تۇرسۇنجان مۇھەممەت 1965-يىل فېۋرال چىرا ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1988-يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن؛ ھازىر «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. ھازىرغا قەدەر يۈزدىن ئارتۇق پوۋېست، ھېكايە، ئەدەبىي ئاخباراتى ئېلان قىلىندى، «ئانا قەدرى» ناملىق پوۋېستى 1991-يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى» ناملىق پوۋېستى 1993-يىلى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا، «ئەل غېمىنى ئەر يەيدۇ»، «كۈمۈش لىپىندا چاقنىغان نۇر» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتلىرى 1994-، 1995-يىللىرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

تۇرسۇنجان مۇھەممەت ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئابدۇشۇكۇر راشىدىن

# سەن بۇلاق، سەن ئانا قۇش

**سەن بىر بۇلاق، سەن بىر ئانا قۇش**

چېھرىڭدە بار مېھرىبان ئۇستاز،
بوغۇنلارنىڭ ئۇماق جىلۋىسى.
قارلە يىلىسى جولا تاشلىغان
ئاپئاق قارنىڭ چېھرىگە ئوخشاش.
سەن بىر خىزىر، سەن بىر پەرىشتە،
يۈرسەڭمۇ گەر ساددا بەك ساددا،
دەپ بىلىمىز سىنى ئەرشتە،
دەپ بىلىمىز تەڭرى-مە بۇدە.
بوغۇنلارنىڭ يۈرىكى سەندە
ھەم يۈرىكىڭ ھەممىدە، مەندە.

سەن بىر بۇلاق،
بىز چاڭقىغان يوچۇن يولۇچى،
بۇلاق ئىزدەپ جەزىرىلەردە.
سەن بىر ئانا قۇش،
ئۇمىد پەرلىك قاناتلىرىڭ بار،
بېقىش ئۇچۇن باچكىلىرىڭنى
ئاھ، قىلمىغان جاپانى ئىنكار،
سەن بار يەردە باھار بار-باھار.

سەن تەڭرى، سەن پەرىشتە،
سەن قۇش، سەن بۇلاق.
زارلانمىغان ئورنىڭدىن قىلچە.

**ئىككى خىل مەنتىقە**

كۆۋرۈك سالسام دەريا-ئېقىنغا،
يولۇچىلار ئۆتەرمىكىن، دەپ؛
بۇزۇپ تۇردى ئۇنى بىر زۇغۇي
مېنى چۈشۈپ كېتەرمىكىن، دەپ.

**ئاتىلار خاتىرىسىگە**

سەن ئەمەسمۇ بەخت ئەلچىسى،
مېھرىڭ بىلەن دىلنى ياپراتقان.
سەن ئەمەسمۇ سۆيگۈ ئىلاھى،
ئاشىقلىقنى ئۈلگە ياراتقان.

سەن ئەمەسمۇ باھار چېچەكى،
كەلگ دالاغا تاراتقان پۇراق.
سەن ئەمەسمۇ ساما ئېتىكى،
بۈركۈتلەرگە ئاچقان كەڭ قۇچاق.

سەن ئەمەسمۇ ئەلنىڭ نەغمىسى،
چېھرىمىزگە كۈلكە تاراتقان.
سەن ئەمەسمۇ تارىخ گۈدۈكى،
ئىقبال ئۈچۈن ئەلنى ئويغاتقان.

سەن ئەمەسمۇ پىداكار ئاتا،
پەرزەنت ئۈچۈن بەختىدىن كەچكەن.
سەن ئەمەسمۇ قەلبىپ كۆي-ناۋا،
چېلىشلاردا يېڭىش ئۆگەتكەن.

ئەخمەت ھامۇت

# سەن ئادەمسەن تەگرىدىن ئۇلۇغ

خىزىر ئەمەس ياكى پەرىشتە،
سەن پۇقراسەن، ئاددىيلا ئادەم.
بىراق ھۆرمەت-قەددىڭ ئەرشتە،
ئىش-ئىزىڭدىن مەمنۇندۇر ئالەم.

سەن توغرۇلۇق يېزىلدى تالاي
شېئىر، داستان، قەسىدە، رومان.
تەرىپىڭنى كۈيلەپ بولالماي
كۆرمىڭ ئەدىب يەنە لال-ھەيران!

ئەي مۇئەللىم، ئەي چىۋەر باغۋەن،
پەرۋىشكارى ئەجداد-ئەۋلادنىڭ.
تارىخ، ھازىر ساڭا قايىل-تەن،
سەن سەردارى پارلاق ھاياتنىڭ.

مېۋەڭ سېنىڭ داھىي، قوماندان،
مېۋەڭ سېنىڭ دوكتور ۋە شائىر.
مېۋەڭ ئىشچى، بىلىملىك دېھقان،
مېۋەڭ سېنىڭ مۇھەررىر، كادىر.

سەندىن رازى تۈنۈگۈن، بۈگۈن،
ياشاپ كەلدىڭ ئەلنىڭ غېمىدە.
ئەجرىڭ بىلەن ئالىم-ياش بوغۇن
پەرۋاز قىلار ئالەم كېمىدە.

پىيادە سەن، يوق تاج-قەسىرىڭ،
مەنىۋىيەت بابىدا بايسەن.
شاگىرتلىرىڭ-ئۆلمەس ئەسىرىڭ،
مىليون قەلبتە مەڭگۈ ياشايسەن.

چوقۇنىمىز، قىلىمىز ئىززەت،
بولساڭمۇ سەن مەنسەپسىز ئاۋام.
ئۆمۈر بويى قىلايلى خىزمەت
بىلدۈرۈپ بىز ساڭا ئېھتىرام.

بۈيۈك خىسلەت-ھېكمەت بار سەندە
بولغاچ بىلىم-مەرىپەتكە تۇغ.
جىمى ئالقىش ساڭا بەخشەندە،
سەن ئادەمسەن، تەگرىدىن ئۇلۇغ...

uyghurkitap.com

ئابدۇشۇكۇر راشىدىن

# سەن بۇلاق، سەن ئانا قۇش

## سەن بىر بۇلاق، سەن بىر ئانا قۇش

چېھرىڭدە بار مېھرىبان ئۇستاز،
بوغۇنلارنىڭ ئۇماق جىلۋىسى.
قارلەيلىسى جۇلا تاشلىغان
ئاپئاق قارنىڭ چېھرىگە ئوخشاش.
سەن بىر خىزىر، سەن بىر پەرىشتە،
يۈرسەڭمۇ گەر ساددا بەك ساددا،
دەپ بىلىمىز سېنى ئەرشتە،
دەپ بىلىمىز تەڭرى-مە بۇدە.
بوغۇنلارنىڭ يۈرىكى سەندە
ھەم يۈرىكىڭ ھەممىدە، مەندە.

سەن بىر بۇلاق،
بىز چاڭقىغان يوچۇن يولۇچى،
بۇلاق ئىزدەپ جەزىرىلەردە.
سەن بىر ئانا قۇش،
ئۈمىد پەرلىك قاناتلىرىڭ بار،
بىقىش ئۇچۇن باچكىلىرىڭنى
ئاھ، قىلمىغان جاپانى ئىنكار،
سەن بار يەردە باھار بار-باھار.

سەن تەڭرى، سەن پەرىشتە،
سەن قۇش، سەن بۇلاق.
زارلانمىغان ئورنىڭدىن قىلچە.

## ئىككى خىل مەنتقە

كۆۋرۈك سالسام دەريا-ئېقىنغا،
يولۇچىلار ئۆتەرمىكىن، دەپ؛
بۇزۇپ تۇردى ئۇنى بىر زوغۇي
مېنى چۇشۇپ كېتەرمىكىن، دەپ.

## ئاتىلار خاتىرىسىگە

سەن ئەمەسمۇ بەخت ئەلچىسى،
مېھرىڭ بىلەن دىلنى يايراتقان.
سەن ئەمەسمۇ سۆيگۈ ئىلاھى،
ئاشىقلىقنى ئۇلگە ياراتقان.

سەن ئەمەسمۇ باھار چېچىكى،
كەڭ دالاغا تاراتقان پۇراق.
سەن ئەمەسمۇ ساما ئېتىكى،
يۈركۈتلەرگە ئاچقان كەڭ قۇچاق.

سەن ئەمەسمۇ ئەلنىڭ نەغمىسى،
چېھرىمىزگە كۈلكە تاراتقان.
سەن ئەمەسمۇ تارىخ گۈدۈكى،
ئىقبال ئۈچۈن ئەلنى ئويغاتقان.

سەن ئەمەسمۇ پىداكار ئاتا،
پەرزەنت ئۈچۈن بەختىدىن كەچكەن.
سەن ئەمەسمۇ قىلىپ كۆي-ناۋا،
چىلىشلاردا يېڭىش ئۈگەتكەن.

ئەخمەت ھامۇت

# سەن ئادەمسەن تەگرىدىن ئۇلۇغ

خىزىر ئەمەس ياكى پەرىشتە،
سەن پۇقراسەن، ئاددىيلا ئادەم.
بىراق ھۆرمەت-قەددىڭ ئەرشتە،
ئىش-ئىزىڭدىن مەمنۇندۇر ئالەم.

سەن توغرۇلۇق يېزىلدى تالاي
شېئىر، داستان، قەسىدە، رومان.
تەرىپىڭنى كۈيلەپ بولالماي
كۆرمىڭ ئەدىب يەنە لال-ھەيران!

ئەي مۇئەللىم، ئەي چۆۋر باغۋەن،
پەرۋىشكارى ئەجداد-ئەۋلادنىڭ.
تارىخ، ھازىر ساڭا قايىل-تەن،
سەن سەردارى پارلاق ھاياتنىڭ.

مىڭلەپ سېنىڭ داھىي، قوماندان،
مىڭلەپ سېنىڭ دوكتور ۋە شائىر.
مىڭلەپ ئىشچى، بىلىملىك دېھقان،
مىڭلەپ سېنىڭ مۇھەررىر، كادىر.

سەندىن رازى تۈنۈگۈن، بۈگۈن،
ياشاپ كەلدىڭ ئەلنىڭ غېمىدە.
ئەجرىڭ بىلەن ئالىم-ياش بوغۇن
پەرۋاز قىلار ئالەم كېمىدە.

پىيادە سەن، يوق تاج-قەسىرىڭ،
مەنئۇبىيەت بابىدا بايسەن.
شاگىرتلىرىڭ-ئۆلمەس ئەسىرىڭ،
مىليون قەلبتە مەڭگۈ ياشايسەن.

چوقۇنىمىز، قىلىمىز ئىززەت،
بولساڭمۇ سەن مەنسەپسىز ئاۋام.
ئۆمۈر بويى قىلايلى خىزمەت
بىلدۈرۈپ بىز ساڭا ئېھتىرام.

بۈيۈك خىسلەت-ھېكمەت بار سەندە
بولغاچ بىلىم-مەرىپەتكە تۇغ.
جىمى ئالقىش ساڭا بەخشەندە،
سەن ئادەمسەن، تەگرىدىن ئۇلۇغ...

ئوسمان هوشۇر

# ئۇ غەۋۋاس تۇر پەن ئوكيانىدا

## دوسكا تۇۋىدە

بورتۇتىدۇ دوسكا تۇۋىدە،
بوردىن ئالار دارامىتىنى.
غەۋۋاس بولۇپ پەن ئوكيانىدا
تىلسىملارنىڭ يارار قېتىنى.

بورتۇتىدۇ دوسكا تۇۋىدە،
بوردىن ئالار چېكىنىسگە رەڭ.
يوقتۇر بوردىن ئۆزگە بايلىقى،
پەن سىرىنى يېشىپ قىلار جەڭ.

دوسكا تۇۋى ئاڭا بىر جەڭگاھ،
دوسكا تۇۋى ئاڭا بىر مۇنبەر.
دوسكا تۇۋى ئاڭا زەر تەخت،
مەسۇم دىلغا چاچار ئۈنچە-زەر.

يوق بېشىدا لېكىن ئۇنىڭ تاج،
چۇشلىرىگە كىرمەس ماشىنا.
قەدىناسى كونا ۋېلىسپىت،
ئۆيى كونا، يوللىرى كونا.

دوسكا تۇۋى ئۇنىڭ ئىزى،
دوسكا تۇۋى ئۇنىڭ مىراسى.
بورتۇتىدۇ چۇشلىرىدە ئۇ،
هەر دەشتىدە مۆھۆر ئىزناسى.

بور تۇتىدۇ دوسكا تۇۋىدە،
پەرۋىشىدە بىھېساب نوتا.
ئىنژىنېرغا، ئالىم، ئەدىبكە
بولار ئۇنىسىز، جاۋابسىز شوتا.

مۇكچىيىدۇ دوسكا تۇۋىدە
قىزىلگۈلدەك قەددى-قامىتى.
لېكىن پەرۋىش قىلار گۈللەرنى،
ئۆزگەرمىگەن ئاشۇ ئادىتى.

نۇرى قاچقان مانا كۆزلەرنىڭ،
نەپەس قىستاپ بەرمەيدۇ ئارام.
خىزىر تۇتقان ئاشۇ قوللارمۇ
مۇھتاجلىققا بولىدۇ قارام.

قولتۇقىدا تاپشۇرۇق دەپتەر،
ئولتۇرسىمۇ قوپسىمۇ بىرغەم.
تارتمايدۇ باش بۇرچىدىن ئىزىنهار،
ۋۇجۇدىغا پاكلىق مۇجەسسەم.

بورتۇتىدۇ دوسكا تۇۋىدە،
ئۇچقۇچىغا بولسىمۇ ئۇستاز.
قانات بەرگەن بۈركۈتلەرگە ئۇ،
لېكىن ئۆزى قىلمايدۇ پەرۋاز.

## ئاقارغان سەھەر

تاڭ سەھەردە جىگدە شېخىدا
جىگدە چوقۇپ تۇرار جىگدىچۇك.
يەتتىمۇ يا ئاڭا مۇسىبەت،
ئاق يېپىندى ئۇ بوگۇن نىچۇك؟

تۇزنىدۇ شاخلاردىن قىراۋ،
تاپالماستىن دارامىتىنى.
كۆزلىرىدە ئاجىز بىر ئۇچقۇن،
قار ياپالماس ھارارىتىنى.

ۋاز كېچەلمەي ئۇلجىسىدىن ئۇ
ئىرغىتىدۇ ياپراقلارنى تېز.

ئۇيغىتىدۇ بۇ سەھەرنىمۇ
قار ئۈستىگە سېلىپ تۈنجى ئىز.

جىگدىچۈك ئاق، جىگدە شېخى ئاق،
يالتىلىغان كۈمۈشسىمان ھەل.
قار تارتۇقلاپ ئاپتۇ بۇ سەھەر،
زېمىن شۇنچە پاكىز، ئاق، گۈزەل...

**ئەكرەم ئابدۇمجىت**

# ناخشا ئېيتار روھى ئىنژېنېر

## ئوقۇتقۇچى ناخشىسى

ناخشا ئېيتار روھى ئىنژېنېر
جەۋھەر يىغىپ تومۇرلىرىدىن.
مىسرالىرى چىقار تاۋلىنىپ،
مۇشەققەتنىڭ تونۇرلىرىدىن.

سەھنىسىدۇر ئاددىي بىر سىنىپ،
پەردازسىزدۇر ھۆسنى جامالى.
تاماشىبىن ئاڭا ياش بوغۇن،
ئالقىشلاردىن يىراق خىيالى.

ھاجەت ئەمەس ئاڭا ھېچقانداق،
يورۇشلەشكەن ساز ۋە مۇزىكا.
چېكەر پەقەت يۈرەك تارىنى
ئالماس كەبى قەلەم ئۇچىدا.

دەريالاردەك ئارمانلىرىنى
كۆرسىتىدۇ ئىشتا مۇكەممەل.
شىرنە يىغىپ بال ھەرىسىدەك،
ياش ئەۋلادقا بېگوزەر ھەسەل.

ئۇ تاغلارغا بۆلەنگەن ئىنسان،
ناخشىلىرى تاغدەك بىغۇبار.
كۆيلىرىدە ئەخلاق مۇجەسسەم،
كۆيلىرىدە ئەجداد ھىدى بار.

## دېھقان

يۈلتۇزنى قۇچاقلاپ، تاغنى قۇچاقلاپ،
ماڭسەن ئەجرىڭنىڭ بوستانلىرىغا.
كۈمۈش رەڭ كەتمىنىڭ بېرەر ھارارەت
غەزەلخان شائىرنىڭ داستانلىرىغا.

ھەر گىياھ قەددىدە چېچەكلەر ئۈمىد،
ھاياتلىق رەڭ تۈزەر ماڭغان ئىزىڭدىن.
چىلان رەڭ تۇپراقنىڭ لېۋىدىكى گۈل
خۇش بۇي ھىد تارالىشار تىنىقلىرىڭدىن.

نۇرغاندا جاپانىڭ كۆكسىگە خەنجەر
ئەقىدەڭ باغرىدىن ئېچىلار چېچەك.
تەشۋىشلەر قوينىدىن مەڭگۈ يىراقسەن،
نۇر سۆيگەن دەريانىڭ دولقۇنلىرىدەك.

سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش سەندە مۇجەسسەم،
ۋۇجۇدتىن ۋۇجۇدقا مېھرىڭ ئاقىدۇ.
ئەجرىڭدىن چاقنىغان جەۋھەرلىرىڭگە
ئاي، قۇياش، يەر مەمنۇن كۈلۈپ باقىدۇ...

## يۇرت سۆيگۈسى

ھىدى بار سېنىڭدە مىليون باھارنىڭ،
كۆزلىرىڭ تەپتىدىن چۆچىگەي قۇياش.
كېلىمەن ئىشقىڭدا يېنىپ ئوت بولۇپ،
بۇ بەلكىم سەزگۈدۇر ئۆزۈمگىلا خاس.

تاغلارنىڭ لېۋىدە سۆيىلەر لېۋىڭ،
باغرىڭنى قۇچاقلاپ ئاقار ئەقىدەم.
ئۇخچىغان كۆيلەرنىڭ دولقۇنلىرىدا
يالتىرار سۇبھىدەك بالىلىق قەدەم.

سەن بىلەن ياڭراقتۇر قۇشلار ناخشىسى،
قۇشلارنىڭ تىلىدا سۆيگۈم مۇجەسسەم.

چايقىلار جىسمىڭدا ئاھۇ كۆز بۇلاق،
چايقىلىپ تۇرىمەن مەنمۇ ھېلىھەم.

كۈمۈش رەڭ چوققىلار باغرىدىكى نۇر
ئۆتەر پاك قەددىڭگە زەررىلەر تاشلاپ.
جەننەتتەك ياپيېشىل ئېتىزلىرىڭنى
مەنمۇ ھەم ئوتتۇز يىل كەلدىم باغاشلاپ.

ئەجدادلار روھىنىڭ يالدامىسى سەن،
مېنىڭ پاك قەلبىمدە بۈيۈك بىر مۇنار.
تاشلىرىڭ چاقنايدۇ جاۋاھىرسىمان،
ھەر چىمدىم توپاڭغا تامغان قېنىم بار.

**ئۆمەر ئىمىن**

# شېئىر ۋە قىتئەلەر

## ئاپئاق چېچىم — ئاق چېچەك

چاچلىرىمدا كۆل ئاچتى قىراۋ
كۈمۈش زەررىلەر چاچقۇ چاچقاندەك.
گويا بولدى ھاياتلىقىمدا
يېڭىباچە بىر باب ئاچقاندەك.

ئاپئاق چېچىم گويا ئاق چېچەك،
چىرايىمغا قاتىدۇ ئىسكەت.
كۈمۈش تاجنى قەدىرلىمەس كىم،
ھاياتلىقتا بۇمۇ ھەم قىممەت.

ئاققا بېقىپ بەزى نادانلار،
قېرىلىقنىڭ ئەلچىسى دەيدۇ.
ياشلىق ئۈچۈن پىشكەل بىلىشىپ،
قار باسقاندەك ۋەھىمە يەيدۇ.

بولسىمۇ چاچ ئاق ياكى قارا،
ئۇنىڭ نىمە كارايىتى بار.
داغ بولمىسا ئەگەر قەلبىڭدە،
شۇ پاكلىقتۇر ساڭا ئىپتىخار...

## قىتئەلەر

1

قىلمىغىن دوستۇڭغا كۆڭلۈڭنى ئالا،
يامانلىق يولىغا قىلما ھەم سالا.
ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىنىڭ ئاتقانلار،
بېشىغا تاپىدۇ ئاخىرى بالا.

2

بەزىلەر غەرەزلىك قىلىپ خۇشامەت،
ئۇنىڭدىن ئۆزىگە تىلەيدۇ ئامەت.
ئامۇ-خاس يېرگەنگەن ساختا كۆلكىدىن،
ھېچقاچان تاپالماس خەيرۇ ساخاۋەت.

3

بىر مەھەل تاپىدۇ ھېيلىگەر بازار،
توزاقتا چۈشكەنلەر قىلار نالە-زار.
ساختىپەز دامىدىن ھەزەر قىل ھەر چاغ،
ھوشيارلىق ھەممىگە بولغان ھامان يار.

4

كەلگەندە قولۇڭغا بەزىدە ئامەت،
ئاجىزنى يۆلگىن قىلىپ شاپائەت.
ياخشىلىق قىل ئەلگە، قىلما يامانلىق،
غۇم ساقلاپ كىشىگە تۇتما ئاداۋەت.

5

سەن ئەقىل ئىشلىتىپ، ئەل كۆيگەنگە كۆي،
بەن بەخت ئىزدىسەڭ ئەل سۆيگەننى سۆي.
چىراغقا پەرۋانە ئاشىق بولغاندەك،
ئىلىگىنىڭ ئىشقىدا جاننى ئاتاپ كۆي.

مۇھەممەتجان راشىدىن

## تاتلىق تىلەكلەر

### كۆلۈپ يۈر

كۆلۈۋېدىڭ، چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭ، كۆلۈپ يۈر،
نەگە بارساڭ كۆلكەڭنى ئۆزۈڭ بىلەن ئېلىپ يۈر.
جامالىڭدىن كۆكلەمنى كۆرۈپ تۇرسۇن يۈرىكىم،
مېنى، گۈلۈم، كۆلكەڭنىڭ بىر ئاشىقى بىلىپ يۈر.
تەبەسسۇمىڭ ئوخشايدۇ شولىسىغا جەننەتنىڭ،
قېلىشمىغىن بۇلبۇلدىن، كۈندە خەندان ئۇرۇپ يۈر.
داۋانلاردىن قورققانلار قانداق ئاشقاي تاغلاردىن،

تاپىنىڭغا سانچىلغان تىكەنگىمۇ كۆنۈپ يۈر.
شەپەق سۆيگەن تاغلارنى، بىلسەڭ، قۇياش كۈلدۈردى،
نەدە يۈرسەڭ قۇياشتىن سەنمۇ ئۈلگە ئېلىپ يۈر.
مەنمۇ كۈلەي، سەنمۇ كۈل، تەنھا قالسام يىغلايمەن،
بىللە كۈلگەن ۋىسالدۇر، شۇڭا بۇندا كېلىپ يۈر.
ھاياتلىقنى بۇ ئالەم ئالدى بىزنىڭ سۆيگۈدىن،
ئۇرۇق كۆرسەڭ تېرىپ قوي، كۆچەت كۆرسەڭ سۆيۈپ يۈر.
بىر نان پىشقان تونۇردا تۆھپىسى بار ئوتۇننىڭ،
ئۇنىڭ تېگى خۇشاللىق، سەنمۇ شۇنداق كۆيۈپ يۈر.
كۈلكىلەردە بايرام بار، بايراملاردا تەنتەنە،
نەدە كۈلكە-خۇشاللىق شۇندا مېھمان بولۇپ يۈر.
زەئىپ چىراي، كۆز ياشتا تەدە بولسۇن گۈزەللىك،
بۇ تۆت كۈنلۈك ئالەمدە كۈلۈپ ھۇزۇر سۈرۈپ يۈر.
كۈلۈۋېدىڭ قاقاقلاپ، ئوخشاپ كەتتىڭ بۇلبۇلغا،
كىرلىرىنى يۈرەكنىڭ كۈلكەڭ بىلەن يۇيۇپ يۈر.
قويغان خېنەڭ ئۆچمىسۇن ئالقىنىڭدىن قىشتىمۇ،
كۈندە باغدا يۈرگەندەك دائىم ئوسما قويۇپ يۈر.

## ئىزدەيمەن

مەن سۆيگىلى ئالەمدىن چىن ئىنساننى ئىزدەيمەن،
بىر-بىرىدىن بۈركۈتتەك خىل ئىنساننى ئىزدەيمەن.
ۋۇجۇدىڭنى ئاختۇرسام، ئەجەبلەنمە، بۇرادەر،
ئەڭ ئاۋۋالى سېنىڭدىن بىر ۋىجداننى ئىزدەيمەن.
يۈرەكلەرنىڭ ئوتىغا كەلدى جاھان قاقلىنىپ،
ھايات ئۈچۈن ھەركىمدىن بىر گۈلخاننى ئىزدەيمەن.
ئادەملەردىن ئادەملەر جەننەت ھىدى ئالسۇن دەپ،
كۆڭۈللەردىن كۆڭۈلگە گۈلىستاننى ئىزدەيمەن.
ئۆزى ئۆچسە دىللاردىن نۇرى ئەمما ئۆچمىگەن،
ئاداقىچە پىلدىرلاپ يانغان شامنى ئىزدەيمەن.
ساقلانماقمۇ باتۇرلۇق نەپ ئالدىدا نەسلىڭتىن،
بۈگۈن، دوستۇم، مەن شۇنداق قەھرىماننى ئىزدەيمەن.
ھالاللىقتا قولىدا دەستە-دەستە گۈل تۇتقان

ھەر دوقمۇشتىن ھەر سەھەر بىر جانانىنى ئىزدەيمەن.
ھېكمەت دېگەن شۇلار دەپ، پۈتسەم كىتاب بولار دەپ،
شۇ كىتابتىن ئۆزۈمگە شەرەپشانىنى ئىزدەيمەن.
دوستلىرىمغا دۇنيادىن سولمايدىغان باھار، ياز،
دۈشمىنىمگە يازدىمۇ زىمىستانىنى ئىزدەيمەن.
جۇدالىقتا مەڭگۈلۈك ئاسىيلىقنى بىلمىگەن،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك قەدىردانىنى ئىزدەيمەن.
مىننىتى بار ئالقاندىن ئالتۇن، كۈمۈش كۆتكىچە،
مىننىتى يوق تونۇردىن كۆمەچ نانىنى ئىزدەيمەن.
كېرەك ئەمەس مەن ئۈچۈن كىبىرلىكنىڭ ئاق نېنى،
قۇش ئالدىدىن رىزقىم دەپ، ئاشقان دانىنى ئىزدەيمەن.
كۆن چۈشكەندە بېشىمغا كۆڭلۈك تۇتقان يارىمدەك،
قەلىمىمگە مەنمۇ بىر مېھرىبانىنى ئىزدەيمەن.
تەنتەنەمگە تەڭ كۈلۈپ تەبرىك ئېيتقان ئانامدەك،
ئاراڭلاردىن تۇمەنلەپ پاسبانىنى ئىزدەيمەن.

**روزى ھاپىز**

## يار

(ئىبراھىم قۇربانىنىڭ غەزىلىگە مۇخەممەس)

گۈزەل سەنئەت ۋىسالىڭ مەن ئۈچۈن بىر قەددى شامشاد، يار.
تىلىڭدىن ئاقىدۇ شەربەت زىلال ئابىھايات، يار.
پىراقىڭ ئوتىدا قىلما ئەزىز ئۆمرۈمنى بەرباد، يار.
نېچۈن كۆردۈم ۋىسالىڭنى سەنەمچە ئەي پەرىزات يار؛
پۈتۈن جىسمى مىسال ئاتەش، كۆزى ئەينى قاراقات يار.

قېلىشمايدۇ قارا ساچىڭ ئىرەمباغ سايە-بوستاندىن،
كۆزۈڭ شەھلاسى نۇرلۇقتۇر پەلەكتە ماھى-چولپاندىن،
ئىلىپ چىققانىمىدىڭ ياكى چىشىڭنى گەۋھەرى كاندىن؟
ئاتاڭ كۆنمۇ، ئاناڭ ئايمۇ، تۆرەلدىڭ قايسى ئىنساندىن؟
ئەجەب قىينالدى بۇ جانىم دىمەي بولماس ساڭا داد يار.

www.uyghurkitap.com


ئەمىر قىلساڭ ياسايمەن باغ دېڭىز، تاغلارنى مەن تۈزلەپ،
دېگەيمەن راھەتى جانىم مۇشەققەت كەلسىمۇ يۈزلەپ،
كۆرۈشكە قايتا زار بولدۇم جامالىڭ شەمئىنى كۆزلەپ،
نىگان كەتسەڭ يىراقلارغا بارارمەن ئارقىدىن ئىزلەپ،
ئۆتەرمەن مىسلى رۇستەمچە داۋانى بولسا قات-قات، يار.

جاھان زىبالىرى ئىچرە گۈزەللىك پەرۋەرىدۇر سەن،
تۈمەن مىڭ نەچچە يۇلتۇزلار ئىچىدە ئەختەرىدۇرسەن،
سامادا ئىككى ئاي بولسا، ئۇلارنىڭ ھەم بىرىدۇرسەن،
لېۋى غۇنچە، تىلى بۇلبۇل، نەپىس سەنئەت پىرىدۇرسەن،
ئۆزۈڭ تەشنا يۈرەكىمگە ئۇزاتقىن مەينى پات-پات، يار.

كۆزۈڭ جۈپ چەشمە ئەنۋەردۇر، ئۇمىد قاينار بۇلاقىڭدا،
قولۇڭدا قوش بىلەيزۈك ھەمدە زەرھالقا قۇلاقىڭدا،
تېپىلماس ھېچ ئۇۋەت قىلچە گۈزەل ھۆسنى سىياقىڭدا،
كۆزۈمدە يوق كېچە ئۇيقۇ سېنىڭ ئىشقى-پىراقىڭدا،
قۇچاقىڭدا بېرەي جاننى قېشىڭ ئوقياسىدا ئات، يار.

مېنىڭ مۇنداقچە ئەھۋالىم نىگارىم ساڭا ئىزھاردۇر،
مەگەر سەن باقمىساڭ ھالىم ئەجەل جانىمگە تەييار دۇر،
ھاياتىم بارىچە مەقسەت-مۇرادىم كۆركى دىداردۇر،
بۇ دۇنيا پانىي دۇنيادۇر تىرىكنىڭ ئۆلمىكى باردۇر،
ئۆلۈپ كەتسەم مازارىمدا كى تەنھا بىر كېچە يات، يار.

**تەلئەت ناسىرى**

# ئالەم گۈزەل

## ئاتەش

سېنىڭ ئىشقىڭ، سېنىڭ دەردىڭ مېنى قىلدى جۇنۇن — تەلۋە،
يۈرەكىم بىر ئىدى سالدىڭ ئاڭا سەن تۈگمەس غەلۋە.
ئەجەب سىرلىق ئىكەن سۆيگۈ، كۆزۈمدىن ئۇيقۇلار قاچتى،
قورقارمەن جادۇ كۆزلەردىن تەپتىدىن تۇمۇز دەلۋە.

كۆزۈمگە ئىختىيار بەرسەم قاراپ مەلەڭگە تويمايدۇ،
يېنىڭدا ئۆزگىلەر كۆپكەن، سېنى كۆرگىلى قويمايدۇ.
قىيا باققىن ماڭا ياران، يۈزۈمگە يۈگرىسۇن قانلار،
كۆرۈپ غەمكىن چىرايىمنى خالايىق نېمە ئويلايدۇ.

تىرىكمەن ۋە لېكىن ئۆلدۇم، ماڭا كىملەر باقار ئەمدى،
ۋۇجۇدۇمنى ئوتۇڭ ئۆرتەپ شېرىن تۇيغۇ-ئازاب بەردى.
جېنىمنى ئال كېرەك بولسا، مېنىڭدە قالمىدى تاقەت،
بېشىمغا كەلمىگەن كۈنلەر پىراقىڭ ئىشقىدا كەلدى.

## ئالەم گۈزەل

ئالەم گۈزەل، ھەر يان گۈزەل بىز بىلەن،
بىزنى سۆيۈپ قەدىرلىگەن سىز بىلەن.
دىللار قۇياش كۈلۈپ تۇرغان يۈز بىلەن،
ئەتىمىز گۈل بىز قالدۇرغان ئىز بىلەن.

جاڭگاللاردا بولماس كۆڭۈل ئارامى،
ئېلىپ كېلەر سىزگە ئاپەت-بالانى.

نادانلىقتا تېپىپ پەندىن داۋانى،
قەدىرلەيلى پاك پەزىلەت، ھايانى.

ئاغا-ئىنى، ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداش،
بىللە ئۆسۈپ، بىللە بولدۇق دوست — قاياش
ياشايلى بىز ئىناق، ئىجىل ئەبەدكە
ئېسىل خىسلەت ھەمدەملىك ۋە دىل ئاياش.



**ياسىنجان سادىق**

# قاغا

(ھېكايە)

ھويلىدىكى قاپاق تېرەككە قونۇۋالغان قاغا تاڭ سەھەردىلا سوزۇپ، ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ قېتىم قاقىلدىدى. قاغىنىڭ ئاۋازى ئۇلاغلارغا ئوت سېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەمدىلا تالاغا چىققان مەسۇم ھاڭگىنىڭ ئەرۋاھىنى قىرىق گەز ئۇچۇردى. ئۇ تۇرغان جايىدىلا تاققىدە توختىدى-دە، كۆزۈم كۆرمىدى، قۇلىقىم ئىشىتمىدى، دەپ ئۈچ قېتىم پىچىر-لىۋەتكەندىن كېيىن يەردىن بىر تال كېسەك پارچىسىنى ئېلىپ، قاپاق تېرەكنىڭ ئۇچىغا قونۇۋالغان قاغىغا قارىتىپ ئاتتى:

— يوقال، شۇم ئېغىز! ھۇ قارغىش تەگكۈر...


قاغا قاناتلىرىنى ئۇچۇشقا تەمشەلگەن-دەك كېرىپ قويۇپ، قونغان شاختىن مىدىرلىمىدى. قاغىنىڭ بۇ قىلىقى مەسۇم ھاڭگىنىڭ سەپراينى ئۆرلىتىۋەتتى. ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە يەردىن يەنە بىر خىش پارچىسىنى ئېلىپ قاغىغا ئاتتى.

— يوقال!

قاغا سوزۇپ-سوزۇپ ئۈچ قېتىم قاقىلدىغاندىن كېيىن، ھويلىنى بىر ئايلە-نىۋېتىپ ئۇچۇپ كەتتى. مەسۇم ھاڭگا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاغا ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپكە تىكىلدى.

— ھوي كىشى، نېمانچە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدىلا. بولسىلا، چايلىرى سوۋۇپ قالدى.

مەسۇم ھاڭگا ئايالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەمدىلا بىر قەدەم چامداپ تۇرۇشىغا بېشىغا قاتتىق بىرنەرسە تېگىپ، كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. مېڭىسىدىن كىرگەن چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق قولىنىڭ بارماقلىرىدىن تارتىپ پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە تارقالدى. بېشىغا كىيىۋالغان شاپاق دوپپىسى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتتى. ئەسلىدە قاغىغا ئاتقان خىش پارچىسى قاپاق تېرەكنىڭ ئاچىمىقىدا تۇرۇپ قالغان بولۇپ، شامال دەرەخنى مىدىرلاتقاندا



مەسۇم ھاڭگىنىڭ كاللىسىغىلا چۈشكەنىدى. قانىي كۆرۈپ ئايال بىردىنلا جىددىيلەشتى--دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئېرىنىڭ بېشىنى تۇتتى.

— ۋاي ئانامەي، باشلىرى يېرىلىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

بېشىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ئاران-ئاران تۇرغان مەسۇم ھاڭگىنىڭ بىردىنلا تەلۋىلەر-كى تۇتتى-دە، دەردىنى ئايالىدىن ئالدى.

— ئازراق جاۋىلدا پاسكىنا، — دېدى ئۇ ئايالىنىڭ ئاغزىغا قارسىدە بىر تەستەك سېلىپ، — ھېلى بىكار... ئاناڭنى...

ئايال ناھەقتىن-ناھەق يېگەن بىر تەستەكنىڭ ئەلىمگە چىدىماي ئاغزىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى.

— نېمە بولدى ماۋۇ دېۋانىگە. ھوي ئەبگا، نېمىشقا بىكاردىن بىكارغا مېنى ئۇرسەن. يا تاز كاللاڭنى مەن يېرىۋەتتىمۇ.

مەسۇم ھاڭگا ئېتىلىپ بېرىپ ئايالنى يەنە ئىككى تەستەك سالدى. ئايال دەرھال ئۆيگە قاچتى. مەسۇم ھاڭگا قوغلاپ كېلىپ ئايالىنىڭ يانپىشىغا بىرنى تەپتى. ئايال يەرگە دۈملا چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن قوپماي يېتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

— ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار. مەسۇم بەڭگى ئادەم ئۆلتۈردى.

قىيا-چىيانى ئاڭلاپ قولۇم-قوشنىلار يۈگۈرۈپ كىرىشتى. ئايال قوشنىلارنى كۆرۈپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئېرىنىڭ ياقىسىدىن مەھكەم قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ تىللاشقا باشلىدى.

— ئۇرە ئەمدى، ئۇرمامسەن. بىكار-دىن بىكار ئۇرىدىغانغا ئاناڭنىڭ ئارپىسىنى خام ئۇرۇپتىمەنمۇ-ھە! گەپ قىلمامسەن! ھوي بەڭگى، گەپ قىل دەيمەن.

— ھاي-ھاي، ئايىمخان. ئاغزىلىرىنى بۇنداق يامان قىلمىسىلا، — دېدى قوشنا بوۋاي ئايالنى جىملەپ، — ئاغزىلىرىنى بۇنداق بۇزسىلا مەسۇماخۇن ئۇرماي قانداق قىلىدۇ، « ئەئۇزۇبىللاھى رەببىن ناس، خوتۇنى تىللىمىسا ئېرى تاياق سال-ماس » دەپتىكەن. ماڭسىلا جۇگۇسىلا. مەسۇماخۇننىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىپ، يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇۋەتسىلە. ئەر-خوتۇن ئادەم دېگەن بىر-بىرىگە يول قويۇپ چىرايلىق ئۆتكۈلۈك.

— قايسى ئەر-خوتۇنچىلىقنى دەيلا ياقۇپكا. ئەمدى بىزدە نىكاھ ئۈزۈلدى، — ئايىمخان شۇنداق دېگىنىچە ئېرىنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىپ، ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن ياقۇپ بوۋاي سەل چۆچۈگەندەك قىلدى-دە، مەسۇم ھاڭگىغا قارىدى.

— ئاغزىلىرىدىن گەپ چىقىرىۋەتكەن ئوخشىمامىلا مەسۇماخۇن.

— يوقسۇ، ھېچ ئېسىمدە يوق، — دېدى مەسۇم ھاڭگا قىزىرىپ-تاتارغان ھالدا.

— ھوي بەڭگى، ئاغزىڭدىن گەپ چىقارمىغان بىلەن كاسامغا تەپمىدىڭمۇ؟ — ئايىمخان قوللىرىنى شىلتىپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەركىشى خوتۇنىنىڭ كاسىسىغا تەپسە نىكاھ ئۈزۈلىدىغانلىقىنى ھەرقايسىلىرىمۇ بىلىدىغانلا ھەقچان. مەن ھازىرلا ئانامنىڭ ئۆيىگە كەتىسەم بولمايدۇ.

— راست تەپكەنمىدىلە؟ — سورىدى بوۋاي جىددىي تەلەپپۇزدا مەسۇم ھاڭگىدىن.

— سۆڭگىچىگىرەك تەپكەندەك قىلغان.

— ئەستا ماۋۇ چاتاقنى. سۆڭگىچىگە تەپكۈچە قولنى سۇندۇرۇۋەتسىلە بولماسمە-

ئۇيغۇر كىتابخانىسى www.uyghurkitap.com

دى. قارىھاجىمنى تېپىپ دەرھال نىكاھ يېڭىلىۋالساق ئەمدى.

— كاسسىغا تەيمەپتۇ، سۆڭگىچىگە تېپىپتۇ. شۇڭا نىكاھ ئۈزۈلدى دېگىلى بولماس.

— نېمە دەۋاتىسىلا، سۆڭگەكچىمۇ كاسسىغا تەۋە. ئوخشاشلا نىكاھ ئۈزۈلىدۇ.

— بولدى تالاشماڭلار. قارىھاجىمدىن سوراپ بېقىپراق بىرنېمە دەيلى.

— ئاپلا، بۈگۈن قارىھاجىم يوق.

— نەگە كەتكەندۇ؟

— تۈنۈگۈن شەھەرگە كىرىپ كەتكەن، ئەتە كېلىدۇ.

— ئۆزلىرىمۇ ئاڭلىدىلا ئايىمخان، بۈگۈن قارىھاجىم يوقكەن، — دېدى بوۋاي، — بۈگۈن تۇرۇپ تۇرسىلا، ئەتىگىچە قارىھاجىمدىن بىرگەپ ئاڭلاپ، مەسۇماخۇن بىلەن نىكاھلىرىنى يېڭىلاپ قويايلى.

— ياق، نىكاھنى يېڭىلاپ بولغۇچە ئانامنىڭ ئۆيىدە تۇرمىسام بولمايدۇ.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، سىلى كەتسىلە باللار قانداق قىلىدۇ. باللارغا تاماق ئېتىپ بېرىمەن دەپ مەسۇماخۇن قازان بېشىدا ساقلىنى سۆرەپ يۈرسە سەت تۇرار.

— ھەرقايسىلىرى ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، — دېدى ئايىمخان تىرىنقىنى تاتىلاپ. ئۇنىڭ غەزىپى بېسىلىپ، خېلى پەسكويغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ بۇرنىنى شىلىك-شىلىك تارتىپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مەسۇماخۇن بىلەن ھازىر ئوتتۇرىمىزدا نىكاھ يوق. مەن باللارنى دەپ بۇ ئۆيدە قالغىنىم بىلەن تازا ئوبدان بولماسمىكىن.

— نېمىدىن قورقىلا ئايىمخان. يوتقانلىرىغا مەھكەم بولسىلا بولمىدىمۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، يا مەسۇماخۇن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ياش بالا بولمىغاندىكىن.

— ھەي ي... شۇنداقمۇ دەيسىلە، ناۋادا مەسۇماخۇننىڭ ھاڭگىلىقى تۇتۇپ قالسا...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكى ياشلار پاراققىدە كۈلۈۋەتتى. بوۋاي ئۇلارغا قاراپ قاپىقىنى تۈرۈپ، گېلىنى بىر نەچچە قىردى-دە، ئاندىن سۆز باشلىدى.

— ئۇنداق بولسا سىلى باللار مەكتەپتىن كەلگەندە تاماق ئېتىپ بېرىپ، كەچتە بىزنىڭ مەزلۇم خەقنىڭ قېشىدا يېتىپ قالسىلا. شۇنداق قىلساق بولارمۇ مەسۇماخۇن.

مەسۇم ھاڭگا گەپ-سۆز قىلماي بېشىنى لىڭشىتتى.

جېدەل بېسىققاندىن كېيىن مەسۇم ھاڭگىنىڭ كۆڭلى خېلىلا ئارام تېپىپ قالدى. ئەتىگەن قاغا قاقىلدىغاندا ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان قورقۇش، ۋەھىمىلەر پاك-پاكىز غايىب بولدى. ئاشۇ قاغىنىڭ بېشارەت بەرگەن بالا-قازالىرى بېشىمنىڭ يېرىلىشى بىلەن توگەپ كەتكەي ئىلاھىم، دېدى ئۇ ئاستا شىۋىرلاپ.

جىگدەقۇم ناھىيە بازىرى بىلەن يېزا بازىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى كەڭرى كەتكەن قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر كەنت ئىدى. جىگدەقۇمدا تىرىلغۇ يەر ئاز، جاڭگال كۆپ بولغاچقا، كىشىلەر چارۋا مالنى كۆپرەك باقاتتى. بۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ لەقىمى بار ئىدى. لەقەمسىز كىشى تېپىلمايتتى. مەسۇم ھاڭگىنىڭ لەقىمىمۇ بەزىلەر ئۇنىڭ ئېشەككە بەكمۇ ئوخشىتىپ ھاڭرىيالايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ قويۇلغان دېسە، بەزىلەر دادىسىنىڭ

لەقىمگە ۋارىسلىق قىلغان دېيىشەتتى.

— ھەممىسى ئاشۇ لەنىتى قاغىنىڭ كاساپىتى، ئاشۇ قاغا قاقىلدىمىغان بولسا بۇ جېدەلمۇ چىقمايتتى، — مەسۇم ھاڭگا ئىسمائىل قارىھاجىنى ئىشىك تۈۋىگە ئۇزىتىپ چىققاندا شۇنداق دېدى، — بىر ھېسابتا بۇ جېدەلنىڭ چىققىنىمۇ ئوبدان بولدى. بولمىسا نەچچە كۈنگىچە كۆڭلۈم ئارام تاپمايتتى. ھەممە بالا-قازا مۇشۇ جېدەل بىلەن كېتەر ئىلاھىم.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، — دېدى قارىھاجىمۇ قوشۇلۇپ، — قاغا ئەقىللىك جانىۋار. ئۇ ئابىھاياتنى ئىچىۋالغانلىقى ئۈچۈن قېرىمايدۇ. ئۆز ئەجىلىدە ئۆلمەيدۇ. مۇشۇ جىگدەقومدىمۇ جانابىي رۇسۇللانىڭ جامالىنى كۆرگەن قاغىلار بار. ئۇ ھەرقانداق بالا-قازانى ئالدىن سېزىپ بېشارەت بېرىدۇ. بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، قاغا بەدىنىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئۆلۈم شەپىسىنى يەتتە كۈن ئاۋۋال سېزەرمىش. بۇرنىغا يەتتە كۈن ئاۋۋال ئۆلۈم پۇرارمىش.

مەسۇم ھاڭگا مىڭلىغان قاغىلارنىڭ ئارىسىدا قالغانىدى. قاغىلار خور ئېيتقاندەك بەس-بەستە قاقىلدايتتى. مەسۇم ھاڭگا قاغىلارغا توختىماي چالما ئاتاتتى. قاغىلار بولسا ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلىناتتى. ئۇ قاچماقچى بولۇۋېدى، پۇت-قولى پەقەتلا مىدىرلىمىدى. قاغىلار ئۇنىڭ باش-كۆزىگە قونۇپ، يۈز-كۆزىنى چوقۇلاشقا باشلىدى... ئۇ قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە كۆزىنى ئاچتى. بېشىدا قاراپ تۇرغان ساۋۇت دوكنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنى قارا باسقانىدى.

يۈرىكى تېخىچىلا سىيلىۋاتاتتى. بەدىنىدىن چىپىلداپ سوغۇق تەر ئېقىۋاتاتتى.

— ساڭا بۇ يۇلغۇنلارنى كېسىشكە كىم رۇخسەت قىلدى؟ — ساۋۇت دوكنىڭ سۇرلۇك كۆزلىرى ئۇنى خېلىلا تەمتىرەتتى.

— نېمە كارىڭ. بۇ يۇلغۇنلارنى سەن سالغانمىدىڭ يا؟ ئۆزى ئۈنۈپ قالغان يۇلغۇنلار بۇ.

— ئۆزى ئۈنۈپ قالغان دەپ خالىغانچە كېسىۋەتسەڭ بولامتى ئەمىسە، — ساۋۇت دوكنىڭ ئاچچىقى خېلىلا كەلگەندەك تۇراتتى، — ھېلىمۇ نەچچە يىلدىن بېرى جىگدەقومنىڭ ئورغۇن تېرەك، توغراقلىرىنى كېسىپ سېتىپ خەجلىدىڭ. مانا ئەمدى بۇ يۇلغۇنلارنى كېسىشكە باشلاپسەن. خىيالىڭدا ئوششۇقلۇق قىلىسامىلا ھېچكىم گەپ قىلالمايدۇ، دەپ ئويلاپ قالما. ئىگىسى بار جاھان بۇ.

— چىدىمساڭ سەنمۇ كەس. ئەمما تولا ئاقساقاللىق قىلىپ مەن بىلەن قېرىشما.

ساۋۇت دوك بىلەن مەسۇم ھاڭگا چوقۇشۇشقا تەييار تۇرغان خورازلاردەك بىر-بىرىگە ھۈرپىيىشتى. خىرىس قىلىشتى. ساۋۇت دوكمۇ مەسۇم ھاڭگىغا ئوخشاشلا ئەجدادىدىن تارتىپ تۇغما جىگدەقوملۇق ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ھاپىز دوك ئۆز ۋاقتىدا جىگدەقومدىكى بىردىنبىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ھېسابلىناتتى. جىگدەقومدا مەكتەپ قۇرۇلمىغان چاغدىلا ئۇ بىر ئېغىز ئۆيىنى مەكتەپ قىلىپ ئاجرىتىپ، جىگدەقوملۇقلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ساۋاتلىق قىلغانىدى.

ھاپىز دوك دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ، جان-جانىۋارلارنى جېنىدىنمۇ ئەتىۋار كۆرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە جىگدەقومنى ئوراپ تۇرغان قۇم بارخانلىرىنى چۆرىدەپ نەچچە مىڭ تۈپ كۆچەتنى

www.uyghurkitap.com

تىككەن ۋە جىگدە قۇمنىڭ توغراق، يۇلغۇن
قاتارلىق تەبىئىي ئورمانلىرىنى مۇھاپىزەت
قىلىغانىدى. پېشقەدەملەر ھاپىز دوك
ھەققىدە گەپ بولۇپ قالسا، رەھمەتلىك
ھاپىزاخۇنغا كىچىك ۋاقتىدا ئورمان جىنى
چېپىلىپ قاپتىكەن. شۇڭا، ئورمان، دەل-دە-
رەخلەرنى ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن تامغان
باللىرىدىنمۇ ئەتىۋار كۆرەتتى. دەل-دە-
رەخلەرنى كەسكەن، مال بېقىپ غاجى-
لىتىۋەتكەن ئادەملەرنى كۆرسە تىللاپ،
ئۇرۇۋېتىشتىن يانمايتتى. توۋا، خۇدايىم
جاھاندىكى ئادەملەرگە ھەرخىل ئىشق،
سەۋدالارنى سېلىپ يارىتىدىكەن. رەھمەت-
لىك جىگدەقۇمنىڭ ھەر بىر تال گىياھى،
ھەر بىر قۇرت-قوڭغۇزىغىچە ياخشى
كۆرەتتى. ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي
ئىلاھىم، دېيىشەتتى.

جىگدەقۇمنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ
تۇرغان قۇملۇقنىڭ ئورنى ئەسلىدە تولىمۇ
گۈزەل بىر بوستانلىق ئىكەنمىش، ئاشۇ
بوستانلىقتا ئاتا-بوۋىلىرىمىز تېرىقچىلىق
قىلىپ، مال-چارۋا بېقىپ، باغ بىنا قىلىپ
ياشاپتىكەن. ئۇلار ئورمان، باغ بىنا قىلىشقا
شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپتىكەنكى، ئون تۈپ
كۆچەت سېلىپ قويۇپ، ئاندىن بىر تۈپ
ياغاچ كېسىدىكەنمىش. شۇڭلاشقا بۇ
زېمىننىڭ ئېرىقلىرىدا سۈزۈك سۇلار شىلدىر-
لاپ ئېقىپ تۇرىدىكەن، باغلاردا مېۋىلەر
مەي باغلاپ پىشىپ تۇرىدىكەن. تۈرلۈك-تۈ-
مەن قۇشلار خۇش ئاۋازدا سايرىشىدىكەن.
كىشىلەر باي-باياشادلىق ئىچىدە خۇشال-خۇ-
رام ياشايدىكەن. ئېكىنزارلىقلىرىغا بىر تال
دان چاچسا مىڭ تال ھوسۇل بېرىدىكەن.
بىراق، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ يۇرتتىكى
ئادەملەرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇلار

بەس-بەستە ئۆي ماكانلىرىنى چوۋۇپ،
ئورنىغا بىر-بىرىدىن كاتتا ئۆيلەرنى
سېلىشقا باشلاپتۇ. دەل-دەرەخلەرنى
خالىغانچە كېسىپتۇ. لېكىن كەسكەن
دەرەخنىڭ ئورنىغا بىرەر تۈپتىن كۆچەت
سېلىپ قويۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەپتۇ.
پۈتكۈل يۇرت ئاپئاق قاقاسلىققا ئايلىنىپتۇ.
قۇشلار قونغۇدەك بىر تال شاخ-نوتا
تاپالماي تەرەپ-تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.
ياندۇرقى يىلى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ
زىرائەتلەر قۇرۇپ، مال-چارۋىلار ئۆلۈپ
كېتىپتۇ. ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ ئاغرىق-سى-
لاق، ئۆلۈم-يېتىم كۆپىيىشكە باشلاپتۇ.
لېكىن ئادەملەر يەنىلا بىرەر تال كۆچەت
تىكىپ قويۇشنى، قايتىدىن باغ-باراڭ
قىلىپ، ئورمان بىنا قىلىشنى خىيالىغا
كەلتۈرۈشمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ
يۇرتنىڭ ئاسمىنىدا بىر توپ قاغا پەيدا
بولۇپتۇ-دە، ئۇدا ئۈچ كۈن قاقىلداپتۇ.
تۆتىنچى كۈنى بوران چىقىپ، ئاسماندىن
قۇم يېغىشقا باشلاپتۇ. پۈتكۈل يۇرت قۇم
ئاستىدا كۆمۈلۈپ قاپتۇ. شۇ چاغدا جىگدە-
قۇم تەۋەسى ئۇنۇمسىز زەي-شۈۋەلىك
بولۇپ، بۇ يەردە يەتتە ئۆيلۈك نامرات
كىشىلەر ياشايدىكەن. بۇ زەيلىكتە باشقا
دەرەخلەرنى تىكسە ئاسان ئەي بولمىغانلى-
قى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇرغۇنلىغان جىگدە
كۆچىتى تىككەنىكەن. باشقىلار دەل-دە-
رەخلىرىنى كېسىپ ئايۋان-سارايلارنى
سالغاندا، ئۇلار جىگدىلەرنى كېسۋەتمەي
ئوبدان پەرۋىش قىلىپ تۇرغانىكەن.
ئاسماندىن قۇم ياغقاندا مۇشۇ جىگدەقۇم
تەۋەسىلا خۇددى مۆجىزە يۈز بەرگەندەكلا
ئامان قاپتۇ. ئۇلار بىنام ئىچىپ تىرىكچىلىك
قىلىشقا باشلاپتۇ. زەي-شۈۋەلىكمۇ ئاستا-ئاستى-

تا ئۆزگىرىپ مۇنبەت ئېكىنزارلىققا ئايلىنىپتۇ.
شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر بۇ يۇرتنى
جىگدەقۇم دەپ ئاتايدىغان بولۇپتۇ. بىز
ئەنە ئاشۇ يەتتە ئۆيلۈك جىگدەقۇملۇقنىڭ
ئەۋلادى بولىمىز.

بۇ رىۋايەتنى ھاپىز دوك تۆت ئادەم
بار يەرگە كەلسىلا ئاغزىدىن چۈشۈرمەي
سۆزلەيتتى. ئۇ ھەر قېتىم سۆزلىگەندە
يېڭى مەزمۇنلارنى قوشاتتى. «دەل-دە-
رەخ، گۈل-گىياھلار بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىز،
قېرىنداشلىرىمىزدۇر. دەل-دەرەخلەرنى خالىغان-
چە كېسىۋەتسەك، ۋەيران قىلىۋەتسەك ئېغىر
گۇناھقا پاتىمىز. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاسمان-
دىن قۇم يېغىپ، جىگدەقۇمنىمۇ قۇم يۇتۇۋېتە-
دۇ» دەيتتى ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ. ساۋۇت
دوك دادىسىنىڭ بۇ گېپىگە شەك-شۈبھىسىز
ئىشىنەتتى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا دادىسىغا
ئەگىشىپ كۆچەت تىكتى، پەرۋىش قىلدى.
ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلدى. دادىسى
تۈگەپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇ بۇ ئادەتنى
قەتئىي داۋاملاشتۇردى. كىشىلەرنىڭ
مەسخىرە، تىل-ئاھانەت، تاياقلىرىغا پەرۋا
قىلمىدى. كىشىلەر بىرەر تۈپ دەل-دەرەخنى
كېسىۋەتسە، كۆچەتلەرنى ئۇلاغلارغا غاجى-
لىتىۋېتىپ قورۇتۇۋەتسە، ئېرىنمەي كولاپ
چىقىرىۋېتىپ، كۆز ياكى ئەتىياز پەسلىدە
ئورنىغا كۆچەت تىكىپ قوياتتى. سۇ قۇيۇپ
پەرۋىش قىلاتتى. مەھەللىدىكى ياش-ئۆس-
مۈرلەرگە جىگدەقۇم رىۋايىتىنى تولىمۇ
تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى.
دادىسىنىڭ ھېلىقى گېپىنى ئۆز ئەينى
تەكرارلايتتى.

ئۇ، مەسۇم ھاڭگىنىڭ قۇم بارخانلىرى
ئەتراپىدا يېشىل توساقتەك كۆكلەپ چىققان
يۇلغۇن توتىلىرىنى كېسىۋەتكىنىنى كۆرۈپ،
غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى.

مەسۇم ھاڭگىنىڭ ساۋۇت دوك بىلەن
غىژ-غىژلىششى تۇنجى قېتىم ئەمەس ئىدى.
مەسۇم ھاڭگا ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنىڭ
ئارىسالدى مەزگىللىرىدە ئېشەك ھارۋىسىنى
قېتىپ كېلىپ، جىگدەقۇمنىڭ ئايىغىدىكى
توغراق ياغاچلىرىنى كېسىپ ئوتۇن ئېتەتتى--
دە، ئۇنى ھارۋىسىغا بېسىپ، ئۆيىنىڭ
ئارقىسىدىكى بوش يەرگە دۆۋىلەيتتى.
دۆۋىلىگەن ئوتۇنلىرى بىرنەچچە ماشىنا
كەلگۈدەك بولغاندا شەھەرگە كىرىپ،
ئاشپەز، ناۋايلارنى باشلاپ چىقىپ بىراقلا
ساتاتتى. ساۋۇت دوك ئۇنىڭ بىلەن
نۇرغۇن قېتىم تىللاشتى، ياقىلاشتى. لېكىن
مەسۇم ھاڭگا نىيىتىدىن يانمىدى. توغراقلار-
نى خالىغانچە كېسىپ ئوتۇن ئېتىپ، چۆنتە-
كىنى پۇلغا توشقۇزىۋەردى. شۇ كۈنلەردە
ساۋۇت دوك بىردىنلا جىمىپ قالدى.
مەسۇم ھاڭگىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپمۇ
يۈرمىدى. ئەمما بىرەر ئاي ئۆتكەندە بىر
كۈنى تۇيۇقسىز ناھىيىدىن چىققان بىر
نەچچە كادىر يېزا باشلىقلىرى بىلەن
بىللە جىگدەقۇمدا پەيدا بولدى-دە،
جىگدەقۇملۇقلارنى يىغىپ يىغىن ئاچتى.
جىگدەقۇمنىڭ ئايىغىدىكى توغراقلىق مەخسۇس
قوغدىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن
توغراقلارنى خالىغانچە كەسمەسلىكنى،
ئوغرىلىقچە توغراق كەسكەنلەر سېزىلىپ
قالسا، جەرىمانە قويۇلغاندىن سىرت قانۇنىي
جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.
كادىرلار بىلەن يېزا باشلىقلىرى

كەتكەندىن كېيىن جىگدەقۇملۇقلار بىردىنلا غۇلغۇلىغا چۈشتى:

— ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ قالغان توغراقنىمۇ قوغدايمىز دېگىنى نېمىسى؟

— جىگدەقۇمنىڭ توغراقلىرىنى كېسىۋەتسە، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلارمىش.

— ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق دېگەن نېمە؟

— كىم بىلىدۇ دەيلا؟

— بەلكىم ئاسماندىن قۇم ياغىدۇ دېيىشىدۇ.

— جىگدەقۇم رىۋايىتىگە ئوخشاشما؟

— خۇدا ئۇنداق كۈننى بەندىسىگە كۆرسەتمىگەي.

— ناھىيىدىكى باشلىقلار قۇمدىكى توغراقنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن، بىركىم دېگەن گەپ.

— كىم دېگەندۇ؟

— ساۋۇت دوك. ئۇ ھاكىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، جىگدەقۇم رىۋايىتىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئاندىن ھاكىمنى دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، كىشىلەرنى جىگدەقۇمدىكى توغراقلارنى كېسىشتىن توسۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئۇنداق قىلمىسا، ئاسماندىن قۇم يېغىپ، پۈتكۈل ناھىيە زېمىنىنى يۇتۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپتۇ.

— ئاشۇ ساۋۇت دوكنىزە...

— شۇ ساۋۇتاخۇنلا مۇشۇ جىگدەقۇمنىڭ غېمىنى يەيدۇ.

مەسۇم ھاڭگا بۇ گەپ-سۆزلەرگە پەقەتلا ئارىلاشمىدى. گېزىت پارچىسىغا باشمالتاق قولدەك چوڭلۇقتا تاماكا ئوراپ ئۈزمەي شورىدى. ئاغزى-بۇرنىدىن يۇرقىراپ ئىس چىقتى. ئۇ ساۋۇت دوكنى چايناپ يۇركۈۋەتكۈدەك غەزەپلەندى. توغراقلارنى كېسىپ ئوتۇن ئېتىش نىيىتىدىن پەقەتلا يانمىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ توغراق كەسكىلى كۈندۈزى بارماي كېچىسى بارىدىغان، ئەل-يۇرت شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندە، بىرەر ھارۋا توغراق ئوتۇننى ئۆيىگە ئەپكىلىۋېلىپ بەخىرامان يۈرىدىغان بولدى.

بىر كۈنى مەسۇم ھاڭگا بامدات ۋاقتى بىلەن بىر ھارۋا ئوتۇن ئېلىپ كەلدى. ھويلىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگىلا ئۆزىگە قارىتىپ تەڭلا ياندۇرۇلغان تۆت دانە قول چىراغنىڭ نۇرىدىن كۆزىنىمۇ ئاچالماي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يېزا باشلىقى، كەنت كادىرى ۋە ئىككى ساقچى تۇراتتى. مەسۇم ھاڭگا ھەرقانچە قىلىپمۇ گۇناھىدىن تانالمىدى. ئەمما جەرىمانە قويۇلغان بەش يۈز كوي پۇلغا ئۇششۇقلۇق قىلىپ دولىسىنى چىقىرىپ تۇرۇۋالدى. ساقچىلار جەرىمانىگە ئېغىلدىكى بىر توپېقنى ھېسابلاشتى ۋە مەسۇم ھاڭگىنى ئالدىغا سېلىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئېلىپ كەتتى. ئۇ شۇ كەتكەنچە توپتوغرا ئون بەش كۈندە پەيدا بولدى. جىگدەقۇملۇقلار: «ساقچىلار مەسۇم ھاڭگىنى كىسەك قۇيغىلى سېلىپتۇ. ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق» دېيىشتى. شۇ ئىشتىن كېيىن مەسۇم ھاڭگا خېلى مەزگىلگىچە جىمىپ قالغانىدى.

بىرنەچچە كۈندىن بېرى مەسۇم ھاڭگا ھويلىسىغا يۇلغۇن توشۇۋاتاتتى. مانا بۈگۈن تۇيۇقسىزلا ساۋۇت دوك يەنە پەيدا بولدى. ساۋۇت دوكنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۈرىكىنى غاجىلاپ،

ۋۇجۇدىنى ئازابلاپ كەلگەن قورساق كۆپۈكلىرى بىردىنلا پارتلىدى. ئۇ خۇددى ئۇۋۇغا ئېتىلغان يىرتقۇچ هايۋاندەك ئېتىلىپ كېلىپ ساۋۇت دوكىنىڭ كومشىرىغا بىر مۇشت سالدى. مۇشتىنىڭ زەربىسىدىن ساۋۇت دوك ئارقىسىغا گۈلۈپپىدە يىقىلدى. مەسۇم هاڭگا مۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن ساۋۇت دوكىنىڭ قورسىقىغا مىندى-دە، بىقىنىغا مۇشتۇمى بىلەن گاچىلدىتىپ ئۇرغىلى تۇردى. ساۋۇت دوكىنىڭ ئورۇق، ۋىجىك تېنى تۆگىدەك بەستلىك، بۇقىدەك كۈچلۈك مەسۇم هاڭگىنىڭ ئاستىدا بىر هازا تېپىرلاپ ئاخىر جىم بولدى. مەسۇم هاڭگا ئورنىدىن تۇرۇپ ساۋۇت دوكىنىڭ يۈزىگە شالاقىدە بىرنى تۈكۈردى.

— هە، ئەمدىغۇ بولغاندۇ ساۋۇتاخۇن. خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماڭلا دېسەم ئۇنىمايسىلە، خوپ بولدىمۇ ئەمدى. قويۇڭلا، ئاستا كېتىۋېلىڭلا. ئەرز قىلساڭلىمۇ مەيلى، قورقمايمەن. سىلىنى ئۇرغىنىمنى هېچكىم كۆرمىدى، تېنىۋالىمەن. ئەڭ ياخشىسى، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشماڭلا.

مەسۇم هاڭگا كۆرەڭلىك بىلەن شۇلارنى دېدى-دە، قولىغا پالتىنى ئېلىپ، يۇلغۇنلارنى گۇرسىلدىتىپ يەنە چېپىشقا باشلىدى.

ساۋۇت دوك ياتقان يېرىدىن ئىڭىجىقلاپ ئاران ئەستە تۇردى. كۆزىدىن ئاققان ئىككى تامچە ياشنى ئەلىبىغى بىلەن سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن مەهەللە تەرەپكە ئاقساقلىغىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

مەسۇم هاڭگا ساۋۇت دوكتىن ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغىنىغا خۇش بولۇپ، يۇلغۇنلارنى كۆپ كېسىۋەتكەنىدى. هارۋىسىغا چوقا بىلەن تەڭ باسقان بولسىمۇ، يەنە بىرمۇنچە يۇلغۇن باغلاملىرى ئېشىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ يۇلغۇنلارنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمىدى. هارۋىغا يەنە باساي دېسە بويى يەتمىدى. ئاخىر ئېشىپ قالغان يۇلغۇن باغلاملىرىنى هارۋىنى چۆرىدەپ تىكلەپ تىزدى. ئاندىن هارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تىكلەپ قويۇلغان يۇلغۇن باغلاملىرىنى بىردىن تارتىپ ئېلىشقا باشلىدى. يۇلغۇنلار هارۋىغا بەكمۇ ئېگىز بېسىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن هازىرلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك لەپەڭلەپ تۇراتتى. مەسۇم هاڭگا يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن، پۇتىنى ئېھتىيات بىلەن يۆتكەپ، يۇلغۇنلارنى رەتلىك بېسىۋاتاتتى.

تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا قاغىنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر باستى. بىرنەچچە قاغا ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۇچۇۋاتاتتى. ئۇ قاغىلارنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن قاتتىق ۋارقىراپ، قولىنى شىلتىۋىدى، بىر پۇتى مىدىرلاپ كېتىپ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتتى. ئىككى مېتر ئېگىز- لىكتە بېسىلغان يۇلغۇننىڭ ئۈستىدىن پۇلاڭلاپ ئۆگدىسىغا يىقىلدى ۋە بىرلا چىرقىراپ جىم بولۇپ قالدى.

ئەتىسى كىشىلەر مەسۇم هاڭگىنىڭ جەسىتىنى يۇلغۇنلۇقتىن تاپتى. ئەسلىدە ئۇ قىيپاش كېسىلگەن يۇلغۇن كۆتىكىنىڭ ئۈستىگىلا يىقىلغان بولۇپ، كۆتەك ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن كىرىپ كۆكرىكىنى تېشىپ چىققانىدى. ئۇنىڭ جەسىتىگە قونۇۋالغان قاغىلار ئېرىنچەكلىك بىلەن قاقىلدىشاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

www.uyghurkitap.com



ئەركىنجان ئەمەت

# باقىنىڭ كۈنلىرى

(ھېكايە)

## 1

بەزىدە ئۆزۈممۇ تازا ئاڭقىرالماي بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن بىرەر ئىشنىڭ تەكرارلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىمەن، لېكىن قاچان، چۈشۈمدىمۇ، كىچىك ۋاقتىمۇ ياكى راست بىر ئورۇندا شۇنداق ئوخشاش بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە ئانچە جەزم قىلالمايمەن. تۇيغۇدا شۇنداق بىر ئىشنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىگە نېمە ئۈچۈندۇر ئىشىنىمەن. بۇنىڭ ئەلۋەتتە ھېچقانداق زىيىنى يوق. بىراق، قاچانلاردا كۆرگەنلىكىمنى ياكى شۇ ئىشتا بولغانلىقىمنى پەقەت ئويلاپ تاپالمايمەن. شۇ تاپتا ئىككى چۈمپەردىلىك ئايال بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ لەگپۈڭ يەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىنى مەن كۆرەلمەيتتىم. بۇ بىر كىچىك لەگپۈڭخانا ئىدى. بۇلۇڭدىكى بىر ئورۇندۇققا قويۇلغان ئۈنئالغۇدىن جاز مۇزىكىسى ياڭراۋاتاتتى. ئارىدىن بىرى ئۆرۈلۈپ چۈمپەردىسىنى ئېچىپ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە ئۇلار دەرھال باشلىرىنى بىر يەرگە قىلىۋالدى. شۇ چاغدا چوكىغا قىسىپ ئاغزىمغا ئاپىراي دەپ تۇرغان لەگپۈڭ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇلارنى تونۇمايتتىم. بىراق پەقەت شۇنچىلىك بىر ئىش. كىنونىڭ شىپپىدە ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر كۆرۈنۈشتەك ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداق بىر ئىش بۇ يەردە تەكرارلىنىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ قاچان، قەيەردە سادىر بولغان؟ شۇنچە ئويلىساممۇ ئەسكە ئالالمىدىم. ھەم بەك تېرىكىپ كەتتىم. ئۇلارمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. جاز مۇزىكىسى ياڭراۋاتاتتى. مەن باش قاتۇرۇپ شۇنى ئويلاۋاتاتتىم. مۇزىكىدىن كۈلالچىنىڭ تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن دەز كەتكەن كوزىنى ئۇرۇۋاتقاندەك جىر، جىر قىلغان مېڭىنى زېڭىلدىتىدىغان ئاۋاز كېلەتتى. بىر چىۋىن كېلىپ لەگپۈڭگە قونۇۋالدى. ئارقىدىن بىر پۇتىنى تارتسا بىر پۇتى پېتىپ قېلىپ ئاۋارە بولدى. ئۇنىڭغا، بۇنىڭغا قاراپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتىم.

«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

بۇ يەكشەنبە كۈنى ئىدى. چۈش بولۇشقا خېلى ۋاقىت بار ئىدى. مەن نىشانسىز ئايلىنىپ يۈردۈم. چۈنكى ئاخىرى لەگلەكتىن ئىچىدىن چىقالمىدى. ئۇ شۇنچە تىرىشىپ باقتى. ئۇنىڭ گىرىلدىغان نالىسى ئۆينى بىر ئالدى. لېكىن باشقىلار ئاڭلى-يالمايتتى. قىلىدىغان ھېچقانداق ئىش يوق. ئۆيگە بارسام تېخىمۇ ئىچىم پۇشۇپ كېتەتتى. ئۇلار بىلەن قىلىدىغان ھېچقانداق گېپىم يوق. ئىشقىلىپ بەك ياتلىشىپ كەتتۇق، قاچاندىن بۇيان شۇنداق بولدى؟ بۇنى تازا ئەسلىيەلمىدىم. سىرتتا قۇرغاق شامال چىقىۋاتاتتى. ھەر نەپەسلەنگەندە ئىككى لېۋىمنى قورۇپ، نەپەس چىقارغاندا بوشايتتى. كوچىدا چىرايلىق كىيىنىۋالغان قىزلار ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرەرى بىلەن بىردەم پاراڭلاشقۇمۇ كەلدى. بەزىلەر قاراپ قويۇپ، بەزىلەر كۈلۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. بىراق بىردەمدە بىرەرىنىڭمۇ چىرايىنى ئەسكە ئالالمىدىم. بىرى مۈرىسى بىلەن سوقۇپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ قاراپ باقمىدىم، يېنىمدىن ئۆتكەندىمۇ قاراپ باقمايتىمەن. كۆڭلۈمدە قانداقراق ئادەممۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. مۈرىسىنىڭ يۇمشاق تەگكىنىگە قارىغاندا چىرايلىق بىر قىز بولسا كېرەك، كىم بىلسۇن، يازدىمۇ قىلىن كىيىنىپ يۈرىدىغان دىۋانە خوتۇنمۇ تېخى، يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ كەتكەندۇر... خۇددى... ئۆمۈچۈك تورىدەك...! ئۆمۈچۈكنى «دۆدە» دەپمۇ ئاتايدۇ. كىچىك چېغىمىزدا چىشىمىزنى سانىۋالىدۇ، دەپ ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئاغزىمىزنى ھەم يۇمۇۋالىدىغان.

ئېسىمدە سىنىپنىڭ بۇلۇڭىدا بىر يوغان ئۆمۈچۈك بولىدىغان. مەن دەرسكە قارىماي ئۇنىڭ توردا خۇددى ئەركىنلىك ئىلاھىنىڭ تاجىسىدەك ھەيۋەت تۇرقىغا قاراپ ئولتۇراتتىم. مەن ئۇنىڭ دائىم شۇ يەردە چۈشىنىپ تۇتۇپ يېيىشىگە قاراپ تۇراتتىم. بىر كۈنى يوغان بىر پارقىراق چىۋىن تورغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ گىرىلدىغان سەت ئاۋازى سىنىپنى بىر ئالدى. ئىككىسى قاتتىق ئېلىشتى. مېنىڭ دەرسكە دىققەت قىلماي بولۇڭغا قاراپ تۇرغىنىمنى سىياسەت سۆزلەۋاتقان مۇئەللىم كۆرۈپ قالدى. چىۋىن ناھايىتى سەت ئاۋاز چىقىرىپ گىرىلدايتتى. قوم چايىنىغاندەك چىشنى قىرىشتۇراتتى. مۇئەللىم غەزەپ بىلەن بىر ئالىيىپ بولۇڭدىكى ئۇزۇن سۈپۈرگە بىلەن ئۆمۈچۈكنى، تورى ۋە چىۋىن بىلەن قوشۇپلا سۈپۈرۈپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئۆمۈچۈك تامغا قاراپ قېچىۋىدى. يوغان ئاياغ كېلىپ ماچىدە ئېزىۋەتتى...

ئىختىيارسىز ئايىغىمغا قارىدىم. كۆڭلۈم بىر قىسملا بولۇپ قالدى. خۇددى سېسىق تۇخۇم يەۋالغاندەك، نېمە ئويلىسامۇ ئاخىرى شۇنداق كۆڭۈلسىز چۈشىدۇ. بۇنىڭ قانداق روھىي ھالەت ئىكەنلىكىنى كىم بىلىدۇ. بىر دوقمۇشتا توختاپ مۇزدوغ ئىچتىم. كۆڭلۈم ئېچىلمىدى. يەنە ئىچتىم. بېشىم ئېغىرلىشىپ كەتتى. خۇددى باش سۆڭىكىمگە قوم قويۇپ قويغاندەك، بۇمۇ بىر خىل كېسەللىك روھىي ھالەتمۇ كىم بىلسۇن. ئىشقىلىپ كۆڭلۈم بەكمۇ غەش.

ساقال ئالدۇرۇش مەن ئۈچۈن ئەڭ ئاۋارە بىر ئىش. ئۆزۈم ئالسام ئۇيەر-بۇيېرىمنى

www.uyghurkitap.com

كېيىنۋالاتتىم. ساتىراچخانىدا بولسا جىمجىت چىۋىنىنىڭ گىژىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇش، سېسىق پۇراق، يەنە ئۇستۇرىنىڭ كىتىرلىغان ئاۋازى مېنى زېرىكتۇرەتتى. ئاندىن ساتىراچنىڭ ئىگەكنى موتاپ ئۇۋىلاشلىرى... بۇ ساتىراچخانىغا بۇرۇن كىرىپ باقمىغانىدىم. كىرىشىمگە باشقا ساتىراچخانىلاردىن پەرقى يوقلىقىنى ھېس قىلدىم. ساقلاپ ئولتۇرغانلار بىرنەچچە ئادەم بولۇپ، ساتىراچ بىر ئىكەن. ساتىراچقا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ قاشلىرى تىك، بۇرنى پاناق ھەم قارا ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقى كىشىنى ئەندىشىگە سالاتتى. ئۇ ھازىرلا ساقىلىنى ئالدۇرۇۋاتقان كىشىنى بوغۇزلىۋېتىدىغاندەك تۇراتتى. ئۇ ئادەممۇ ھەم ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. مەن ساقال ئالدۇرۇشتىن يالتىيىپ چىقىپ كەتتىم.

مەن نېمىدېگەن ئۇنتۇغاق. «ھەي، باقەم» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ ھەممىنى ئېسىمگە كەلتۈردۈم. ھازىر خۇددى چۈشۈمدىن ئويغانغاندەكلا تۇراتتىم. ئەمدى ئەتىگەندىن بۇيانقى بىر خىل كۈتۈش تۇيغۇسىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم. بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى، ئۇنى مەن چۈشتە ناخشا-ئۇسسۇل كۆرۈشكە تەكلىپ قىلغان. ئۇ كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى. مۇشۇنداق كۈندىمۇ مەتدە ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىغا كۈلۈۋاتقاندۇر بەلكىم، ياخشى سالاملاشتىم. ئويۇننىڭ باشلىنىشىغا خېلى ۋاقىت بار بولغاچقا ئۇنى تاماققا زورلىدىم. بىز يېقىنلا يەردىكى بىر ئاشخانىغا كىردۇق. خوجايىن مېنى تونۇيتتى، ئالدىمغا كېلىپ تىنچ-ئامانلىق سورىدى. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم خېلى ئۆسۈپ قالدى. مەن نېمە تەييار بولسا شۇنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدۇم. تاماق كەلگەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭدىن نېمە يەيدىغانلىقىنى سورىمىغانلىقىمنى ئەسكە ئالدىم. ئەپۇ سورىسام، ئۇ سۆسلا؛ ئوخشاشقۇ؟ دەپ قويدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئاپئاق ئىدى. كىچىكىدە ئەركىلىتىپ قويۇپ، كېيىن ئىسىم بولۇپ ئۆزلىشىپ قاپتۇ. بۇنى ئۆزى دەپ بەرگەن.

تىياتىرخانا بالدۇرلا ئادەمگە توشۇپ بولۇپتۇ. تەستە ئۆز ئورنىمىزغا بېرىپ ئولتۇردۇق. بىردەمدە سەھنىدە قېنىق گىرىم قىلىنىۋالغان ئېلانچىك كۆرۈنۈپ بىر نېمىلەرنى دەپ كىرىپ كەتتى. بىردەمدە ئېزىلەڭگۇ مۇقام ئاۋازى ئاڭلاندى. كەمچەت تۇماقنى قىڭغىر كىيىۋالغان قىز لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشتى. ماڭا ئۇ ھازىرلا، تۇماقنى تاشلاپ دىسكوغا چۈشۈپ كېتىدىغان تۇيۇلاتتى. ئۆزۈمچە مۇقام ئۇسسۇلغا ماس كەلمەيدىكەن دېگەن قاراشقا كېلىپ قالدىم. ئاپئاق قولۇمنى تۇتۇۋالدى. نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ دېدى. مەن بىردەم تېڭىرقاپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ خىيالى بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن. كانايىنىڭ ئاۋازى بەك قاتتىق ئىكەن، دەپ قويدۇم. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا بىرىنچى قېتىم دىققەت قىلغاندەك قاراپ كەتتىم. ئۇ چىرايلىق ئىدى. ئۆزىمۇ چاققانلا كۆرۈنەتتى. كۆزۈمگە خۇددى سەل قوپاللىق قىلىپ قويسىلا تۈزۈپ كېتىدىغان گۈلدەك ئاجىز كۆرۈنۈپ كېيىممۇ يىتىپ كەتتى. ئۇمۇ باشقا گەپ قىلمىدى. سەھنىگە باشقا بىر قىز چىقىپ بىرنەچچە

قېتىم تەزىم قىلدى. كىشىلەر چۇقان سېلىپ ئالقىش ياڭراتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق چىرقىراق، بىر كانايمۇ دەل بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدا ئىكەن. زال ئىسسىپ ھاۋاسىمۇ بۇزۇلۇپ كەتتى. ناخشىچى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ چىرقىراپ ناخشا ئېيتقاندا مېنى قارا تەر بېسىپ كەتتى. ئاۋازى سەل پەسەيگەندە سەل ئارام ئالغاندەك بولۇپ قالدىم. يەنە بىر كۆتۈرۈلگەندە يەنە شۇنداق قارا تەر قاپلاپ كەتتى. بېرىپلا ئاغزىغا ئايىغىمنى كەپلەپ قويغۇم كەلدى. ئۇنىڭ ساغرىسىنى ئانچە-مۇنچە ئىغاڭلىتىپ قويۇشى تېخىمۇ قولاشمىدى. قىز يەنە قولۇمنى قىسىپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. شۇ تاپتا مېنىڭ بىردەممۇ ئولتۇرغۇم يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ: بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىكەن، دېدىم. لېكىن شۇنچە جەزملەشتۈرۈپ دېگەنلىكىمگە ھەيران قالدىم. چۈنكى مەن دەل يەكشەنبە كۈنى تۇغۇلغانمۇ؟ بۇنىسى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۇ: بۈگۈن چىسلاغا نەچچە؟ دەپ سورىدى. مەن: يىگىرمە، دېدىم. ئۇ بىر نەرسىنى ئويلىغاندەك بىردەم تۇرۇپ كەتتى. ئارقىدىن بىردىنلا چىرايى ئېچىلىپ كەتتى: ئاھا، بىلەمسىز، بۈگۈن يەنە كىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى؟ دېدى. سىزنىڭمۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ ياق، مېنىڭچە بولغاندا ھەرگىزمۇ بۇ كۈنى تۇغۇلۇشنى خالىمايتتىم، دېدى. مەن ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئۇقالمىدىم. ئۆزۈمچە ئۇ ھەييارلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتىم. بۈگۈن 20-ئاپرېل شۇنداقمۇ؟ بۇ يەنە بىر ئادەمنىڭ — ئاتاقلىق ئادەمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئۇ كىم بىلەمسىز؟ دېدى ئۇ، مەن مۈرەمنى قىسىپ بىلمەيدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ چىرايىمغا سەپسېلىپ راست دەۋاتقانلىقىمغا جەزم قىلغاندىن كېيىن: ئۇنداقتا، ئەڭ ياخشىسى بىلمەيلا قويۇڭ، دېدى. بۇنىڭدىن نېمىمۇ چۈشەنگىلى بولسۇن؟ مەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگىن دەپ يېلىنايمۇ؟ ئۇ ئاتاغلىق كىشى بىلەن مېنىڭ نېمە ئالاقەم دەپ ئويلىدىم. ئۇ يەنە: بولۇپمۇ سىزنىڭ بۇرۇتىڭىز، دەپ قويدى. تۇرقىدىن خېلى ئەستايىدىللىق چىقىپ تۇراتتى. مەن تېخىمۇ ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمىدىم، كوچىلاپ سورىغۇممۇ كەلمىدى. پاراڭ شۇنچىلىك بولدى. ئۇمۇ بىر ئاز خاتىرجەم بولغاندەك تۇراتتى.

سەھنىگە بىر ئەر ناخشىچى چىقتى. ئۇ كاستۇم-شىم كىيىۋالغان بولۇپ، قاتۇرۇپ قويغاندەك قېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى قولى ئۇشۇقچە نەرسىدەك جايلىشىدىغان يەر تاپالماي ئاۋارە ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقى خۇددى ئۇ ناخشا ئېيتمىسا باشقىلارنىڭ ياشىمىقى تەستەك تۇيغۇ بېرەتتى. زالنىڭ ئىسسىقى، بەدبۇي تەر پۇرىقى، ناخشىنىڭ يېقىمسىز ئاۋازى... پۇرقىراپ چىقىۋاتقان تەر... تاماكا ئىسلىرى... خۇددى زالدىكى پۈتۈن ئادەم ماڭا باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك، شۇنداق بىئارام بولۇۋاتاتتىم. بىراق ئۇنىڭغا چىقىپ كېتىش تەكلىپى قويمىدىم. ئۇمۇ زوقلىنىش سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن تاماشىبىنلارغا قوشۇلۇپ قىزىقىپ كۆرۈۋاتاتتى. ئۇنى ئۆزۈم تەكلىپ قىلغان تۇرسام. لېكىن مۇنداق بولىۋەرسە ئۇنىڭدىنمۇ بىزار بولۇشۇم چوقۇم ئىدى. بۇ ناخشىلارنىڭ مەن كېچى-

كىمدىن ئاڭلاپ كەلگەن ناخشىلاردىن ھېچ پەرقى يوق ئىدى. ماڭا خۇددى قاپىيە ئېھتىياجىدىن توقۇلغاندەك، بۇ ناخشىلارنى يازغانلارمۇ شەكلى ئۆزگەرگەن ئوردا شائىرلىرى ياكى ھەممىسى بىر قېلىپتىكى مەدھىيىۋازلار، پەسىللىك قۇشلار ئىدى. مەن ئاخىرى بولالماي: چىقىپ كېتەيلى، دېدىم. ئۇ ماڭا بىردەم قاراپ تۇردى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭدى. بىز كىشىلەرنىڭ پۇتلىرىغا پۇتلىشىپ يۈرۈپ تەستە تالاغا چىقىۋالدۇق. بىردىنلا تالاغا چىققاچ قۇياش نۇرى كۆزۈمنى ئاچۇرمىدى. تەرلەرمۇ ئەمدى قۇرۇيدىغان-دەك تۇراتتى. خۇددى بىر دۆۋە ئادەمنى-ڭ تېگىدىن ئۆمىلەپ چىققاندەك بىردىنلا يەڭگىللەپ قالدىم. بىز پىيادىلەر يولىنى بويلاپ ئاستا ماڭدۇق. بىرنەچچە كىچىك ماگىزىنلارنى ئايلىنىپ چىقتۇق. ئېھتىمال ئۇ قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلمەيدىغان نەرسىكەن دەۋاتقاندۇر. بىراق ئۆزۈممۇ قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيتتىم. بىراق مۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسام، ئۇ بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ كېتىپ قالاتتى--دە، ئاندىن ئۆزۈم يالغۇز ئايلىنىشقا توغرا كېلەتتى. تۇيۇقسىز بىرى پېشىمنى تارتىپ توختاتتى. ئۆرۈلۈپ قارىسام بىر قەلەندەر-چاق مەككارلىق بىلەن ھىجىيىپ تۇراتتى. چۆچۈپ كەتكەنلىكىمدىنمۇ كاچىتىغا بىرنى سالغۇم كەلدى. بىراق ئاپپاق ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۇ ۋارقىراپ-جارقى-راپ ئۇششۇقلۇق قىلىشقا باشلىدى. مەن يانچۇقۇمدىن پۇل ئېلىپ بەردىم. ئۇ، پۇلنى مەن ئىختىيارلىقىم بىلەن بەرمەي، بەلكى ئۆزى بۇلاپ ئالغاندەك قولۇمدىن ئېلىپلا قاچتى. ئاپپاق ماڭا قاراپ ھەييارلىق بىلەن كۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئالدىمغا چۈشۈۋېلىپ يانتۇ قاراپ ماڭاتتى. ھەي باقى نەچچە پۇل بەردىڭ؟ سەن نېمانچە مەرد؟ دەپ مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى. مەن نەچچە پۇل بەرگەنلىكىمنى ئويلى-ماپتىمەن. ئىشقىلىپ ئۇ قېچىپ كەتتى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشنى ئويلىغانىدىم. ئۇ يەنە دەپ بەرمىدى. مەنمۇ كوچىلاپ سورىمىدىم. ئۆزۈمنى شۇنداق نورمالسىز ھېس قىلاتتىم. شۇ تاپ، پەقەت پىكىر قىلىۋاتقان كاللاملا بوي ئېگىزلىكىدىكى بوشلۇقتا لەيلەپ تۇرغاندەك، بەدىنىممۇ كۆنۈپ كەتكەن بىر ئادەت يۈزىسىدىن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك تۇراتتى. بىز دوغ ئىچتۇق. ئۇ مېنىڭ ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىچىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ: قايسى چۆلدە ئۇسسۇز قالغانتىڭىز؟ دېدى. مەن تىياتىرخانىدىكى ئەھۋالىمنى ئويلاپ قالدىم.

بىز بىر ئاشخانىغا كىردۇق. بۇ ئاشخانا خىلۋەتتىرەك بولغاچقا جىمجىت ئىدى. ئايرىم ئولتۇرىدىغان يەرلىرىمۇ بار ئىدى. بىز يېرىم ئاش بۇيرۇتتۇق. ئولتۇرغاندىن كېيىن خېلى ھارغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۇ ماڭا قاراپ گەپ قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى. مەن بىرەر تېمىدا گەپ قىلىشىم كېرەك دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئىزھار قىلاي دېسەم يېقىندا توي قىلغۇم يوق ئىدى. ھالبۇكى مۇھەببەت تەلىپى قويۇش بۇ يەردە توي قىلىش تەلىپىنى قويۇش بىلەن باراۋەر ئىدى. لېكىن مېنىڭ

كېيىنمۇ توي قىلغۇم يوقتەك تۇراتتى. يەنە ئېمىشقا بۇ قىز بىلەن ياخشى ئۆتىدىغانلىقىم ھەققىدە ئۆزۈمنى قايىل قىلغۇدەك بىرەر نەرسە دەپ بېرەلمەيتتىم. كىم بىلىدۇ كېيىن قانداق بولۇشىنى. ئۇ ماڭا بىردەم قاراپ تۇردى. مەن تامدىكى چېۋىنلەر رەسۋا قىلىۋەتكەن داغلىق چولپانلارنىڭ رەسىمگە قاراپ ئولتۇردۇم. مەن چېۋىنىنىڭ مۇنداق يوغان چىچىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بىر ئايالنىڭ ئېڭىكىگە شۇنداق ياراشتۇرۇپ مەڭ ياساپ قويۇپتۇ. قىز: مەن بىر گەپ قىلىپ بېرەي، دەپ دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى. مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ماڭا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئۇ، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر مېنى ياتلىق قىلىمىز دېيىشىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە ئەلچى كەلگەندىن كېيىن، شۇنداق دەيدۇ-دە... سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟ دېدى. مەن ئۇنىڭ نېمە مەقسەتتە مۇنداق دەيدىغانلىقىنى بىلىپ قالغاندەك تۇراتتىم. بىراق ئۇنىڭغا ئېنىق بىرەر گەپ قىلىپ بېرەلمەيتتىم. ئاخىر گەپ قىلىشىم كېرەك ئىدى. ناۋادا مۇۋاپىق كۆرسىڭىز بولمىدىمۇ؟ دېدىم. ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا قانچىلىك دەرىجىدە ئامراق ئىكەنلىكىمنى بىلمەيتتىم. كېتىپ قالغاندا بىلىنەرمۇ؟ ئېشقىلىپ ئۇ بىر ئاز مۇتەئەسسىپ بولسىمۇ سۆيۈملۈك ئىدى. ئۇ ھەيران قېلىۋاتقاندەك، سۆزۈمنىڭ راست-يالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالمايۋاتقاندەك بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئەلۋەتتە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەن مۇنداقلا سوراپ قويدۇم، — دەپ قويدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزۈممۇ سەل-پەل يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم. بىراق ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن يەنە نېمە توغرۇلۇق پاراڭلىشىش كېرەك. ئۇنىڭغا بىر قىزىق گەپ قىلاي دېدىم، لېكىن ھېچقانداق يۇمۇرلۇق گەپ تاپالمىدىم. مەن بىر نەرسىنى ياكى بىر خىل روھىي ھادىسىنى ھېس قىلغىلى ئۇزۇن بولدى. ھەر يىلى بىرلا ۋاقىتتا بىرەرى بىلەن تونۇشۇپ قالاتتىم. بۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مەنمۇ ئۇرۇنۇپ كەتمەيتتىم. ئۇرۇنسامىمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمايتتى. بۇ خۇددى ھايۋانلارنىڭ كۆيلەش باسقۇچىغا ئوخشايتتى. ھەم كۆرۈنمەس بىر تەقدىر كونترول قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئۆزۈممۇ بۇ دەۋرىيلىكتىن قۇتۇلالمايدىغاندەك، ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن تاللىيالمايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. ھازىرقى ھېس قىلىۋاتقىنىم بىردەمدىن كېيىن كېتىپ قالاتتى. مەنمۇ ئۇنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتەتتىم. ھەم ئارىدا ھېچقانداق تارتىشىدىغان ئىشلار يوق ئىدى. ئېسىمدە، ئۆتكەندە بىر ئايال بالىسىنى ھەي تۇترۇقسىز بالا، دەپ چاقىرىپ قالدى. قارىسام بۇرۇن مەن ئارىلاشقان بىر ئايال ئىكەن. ھازىر بالىسى يوغانلا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ مېنى شۇنداق ئاتاۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتكەنىدى.

ئەمدى ئۇ ماڭا بىر سوئال بەلگىسى قويۇپ قوياتتى. ھەم مېنىڭ نېمىشقا ئېنىق گەپ قىلمايدىغانلىقىمنى ئۇقالماي كېتەتتى. مەن نېمىدەپ چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك؟ بەلكى بۇنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق، بۇ قۇرۇقتىن قۇرۇق ئورۇنۇشتۇر. ئېشقىلىپ

www.uyghurkitap.com

ياتلىشىش بارا-بارا كېڭىيىۋاتاتتى. تاماق كۆڭۈلسىزلا يېيىلدى. ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇ: مەن سىزگە تېلېفون ئۇرىمەن، دېدى. بۇ ماڭا مەن سىزنى ئۇنتۇپ قالمايمەن، دېگەنـدەك بىلىنىدى. ئۇ بىردەمدىلا كىشىلەر ئارىسىدا يوقاپ كەتتى. ئەمدى بىكاردىن بىكار يالغۇز يۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

## 2

تۈنۈگۈن بەك كەچ ئۇخلىغانلىقىم ئۈچۈن ئەتىگەندە تەستە قوپۇپ ئارقا-ئارقىدىن بىرنەچچە تال تاماكا چەكتىم. توك سائىتىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن تۇرۇۋاتقان بۇ بىنا يول بويىدىلا بولغاچ ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى، كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قوپۇپلا بىر چاشكا سوغۇق سۇ ئىچتىم. ئاندىن ئىشقا ماڭدىم. مېنىڭ دۈشەنبە بىلەن پەقەت خۇشۇم يوق. بۇ كۈنى خۇددى بىر ھەپتىدىكى باشقا كۈنلەرمۇ مۇشۇنداق زېرىكەرلىك ئۆتىدىغاندەك، شۇ بىر كۈندىكى كەيپىياتىم باشقا كۈنلەردىكى كەيپىياتىمنى بەلگىلەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا، مەنمۇ بۇ كۈنى ئاڭسىزلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالىمەن. ئارتۇقچە ئىش-ھەرىكەتلەردە بولمايمەن. مۇشۇنداق قىلغاندا ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىكلەردىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم. كۈنلىرىم ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا ماڭاش كۈتۈپ ئۆتۈۋاتقاندەك بىر خىل ئۆتەتتى. خىزمەتمۇ ئالدىراش ئەمەس ياكى بەزىدە يوق ئىدى. يولدا كېلىۋاتقىچە بىر قىز يېقىملىق كۈلۈپ سالام قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. مېنى ئۇ قىز تونۇيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇنچىلىك ئىشقىمۇ كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى. خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم. مۇشۇنداق زېرىكىشلىك مېخانىك تۇرمۇشتا مېڭەم ھەددىدىن زىيادە سەزگۈرلىشىپ، بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىمگە ئىشەنچسىز تۇيغۇمنى يېتەكچى قىلىۋالغاندەك تۇراتتىم.

ئىشخانا باشلىقى تازىلىق قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنى كۆرسەم بىراز كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالاتتى. ئۇ ئالدىدا غىڭ قىلماي تازىلىق قىلاتتى. كېيىن ئەمگەك بىلەن خۇشى يوق، دەپ مېنى ئەيىپلەيتتى. مەن كىرىپلا سۈپۈرگىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالاي دېسەم، ئۇ، بىر ئىشنى قىلغاندىن كېيىن ئاخىرغىچە قىلىش كېرەك، دېدى. ئۇ ئىشخانىدا بىر ئولتۇرۇۋالسا ھېچ يەرگە چىقىپ قويمايتتى. گېزىت كۆرسە گېزىتنىڭ بېشىدىكى «××گېزىتى» دېگەن يەردىن ئاخىرىدىكى ھاۋارايى مەلۇماتىنىڭ چېكىتلىرىگىچە كۆرۈپ چىقامدىكىن دەيمەن. بەزىدە توختاپ مېنى چاقىرىپ: قارا، ماۋۇ يەرگە مۇنداق دەپتۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟ قارا، يەنە بىر ئوقۇپ بېرەي، دەپ قايتا ئوقۇپ بېرەتتى. ھەم شۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز مېنىڭ تەقدىرىمنى بەلگىلەيدىغاندەك، بەلكى مەن بۇنى تولۇق تونۇپ يېتەلمەيۋاتقاندەك ناھايىتى قوپال ياسالغان كۆزەينىكى ئۈستىدىن ماڭا شۈبھە بىلەن قارايتتى. مەن بولسام ئامالسىز دىققەت قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتىم. كۆڭلۈمدە بۇنىڭ نېمە دىققەت قىلغۇچىلىكى بار، بۇ

دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئەڭ تۇراقسىز
ئىبارىلەرغۇ دېگۈم كېلەتتى. لېكىن دېسەملا
تولا قايناپ ئېرۋىسىنى چارچىتىۋالاتتى.
ئۆزۈممۇ بىر خىل ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ
قالاتتىم. گېزىتنى ئوقۇپ بولۇپلا ئالقاندەك
يوغانلىقتا موخۇركا قەغىزى يۆگەشكە
باشلايتتى. بۇ چاغدا تېخىمۇ كۈلگۈم كېلەت-
تى. مۆلچەرىمچە گېزىتنى شۇ كۈنىلا چېكىپ
بولاتتى. بۇنىڭدا گېزىت مەزمۇنلىرى تېخىمۇ
ياخشى ھەزىم بولىدىغاندەك تۇراتتى.
چۈشتىن كېيىنمۇ يەنە ئوخشاشلا ئىش.
مەن كاللا قاتۇرۇپ كەتمەيتتىم. خەت-
چەك تارقاتقۇچى بىر ئاتكىرىتكا ئېلىپ
كىردى. مەن ھەيران قالدىم. ماڭا
مۇنداق نەرسىلەر كېلىپ باقمايتتى. مەنمۇ
بىرەرىگە مۇنداق نەرسە بېرىپ باقمىغان-
دىم ياكى ئۇنىڭدىن كەلدىمۇيا؟ ھەي
باقەم، سېنى پۈتۈن يۇتۇۋەتكۈم كېلىدۇ،
دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ
نېمىشقا شۇنداق دەيدىغاندۇ؟ ئۇ بۇ بىنادى-
كى باشقا بىر ئورگاندا ئىشلەيدۇ. مەكتەپ
پۈتتۈرۈپ بىرىگە ئەگىشىپ بۇ يەرگە
كەپتۇ. مەن كەلسەم ئۇلار بىر باللىق
بولغانىكەن. ئۆزى شۇنداق پۇزۇر كېيىنىپ
يۈرەتتى. كېيىن قانداق بولدى، ئۇلار
ئاجرىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ
قېشىغا يۆتكىلىپ كېتەتتى. يېقىندا خىزمەتتىن
يۆتكىلىشكە ئورۇن تېپىش ئۈچۈن كەتكەنى-
دى. قارىغاندا شۇ يازغان ئوخشايدۇ. ئۇ
ئادەتتە شۇنداق پۇزۇر كىيىم كىيىپ
يۈرەتتى. يۈرۈش-تۇرۇشىمۇ سالاپەتلىك
ئاق سۆڭەك خېنىملارغا ئوخشايتتى. سىرتتا
سىلداپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆيگە
بېرىپ تاماق يەيتتىم. بۈگۈن بارغۇم
كەلمەي بىر ئاشپۇزۇلدا تاماق يېدىم.
كېيىن بىكاردىن بىكار كوچا ئايلاندىم.
كىشىلەر ھارغىن كۆرۈنەتتى. شۇندىمۇ
ئالدىراش يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن
مال باھاسى، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنىڭ
ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى. مېڭىپ سەل
ھارغاندا بوتكىدىلا ئازراق ھاراق ئىچى-
ۋالدىم. ئەمدى كىنو كۆرۈشۈم ياكى
ياتاقتا بېرىپ كەچ بولۇشنى كۈتۈشۈم
كېرەك ئىدى. خېلى ئۆتكەندىن كېيىن
گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا
كوچىلار تېخىمۇ ئاۋات بولۇپ كېتەتتى.
ئۆزۈممۇ ئەكسىچە خېلى روھلىنىپ قالدىم.
كاللامدا بىر خىيال بار. نېمىشقىدۇر ھەر
كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ بارلىق پائالىيەتلەر-
دىن توختىغاندا ئۆزۈمنى كۆرگەندەك
بولاتتىم. سەككىز سائەت خىزمەت قىلغان،
ئەقىل ئىشلەتكەن ئادەم ئۆزۈم ئەمەس-
تەك، ئۇ باشقا بىرىدەك ئويلاپ قالاتتىم
ئۆزۈمگىمۇ شۇنداق يات بىلىنەتتى. پەقەت
ھارغىن بەدىنىمدىلا بەلگىسى بولاتتى.
شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزۈمدە نېمىشقا بۇنداق
ئۆزلۈك تۇيغۇسى بولمايدۇ؟ دائىم شۇنداق
بىر خىيال. مېنىڭچە، ھازىر ئويلىسام ھەر
ئىككىسى «مەن»، بەرىبىر ئوخشاش
ئىكەن. قىممىتىدىن قارىغاندىمۇ پەرقلەن-
دۈرگۈچىلىكى يوق. ناۋادا مۇشۇنداق
ياشاۋېرىپ نەگە بارىدىغانلىقىم توغرۇلۇق
ئويلانسام تېخىمۇ بېشىم قاتاتتى. بەزىدە
خىزمەتنى تاشلاپ باشقا يەرلەرگە
كەتكۈم ياكى تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ باققۇم

uyghurkitap.com

كېلەتتى. ئۇيلىرىمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تۇرمۇش رېتىمىدا ھېچ قانداق ئۆزگىرىش بولمايتتى. يەنە ئوخشاشلا ياشاپ كېلىۋاتاتتىم. بەزىدە بۇرۇنقى تۇرمۇشۇم تەكرارلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ھايات ماڭا بىر قىر بىلەن يەنە بىر قىر ئارىلىقىدەك ماڭسا تەكرارلىنىۋېرىدىغان يولدەك بىلىنەتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا يوللار بىر ئاز تىنچىدى. شەھەر سىرتىدىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلانغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشنى ئويلىدىم. پۇتلىرىمۇ كۆيۈشۈۋاتاتتى.

3

بۇ كۈنى ئىشخانا بەك ئىسسىق، مۈگدەپلا ئولتۇردۇم. شامالدۇرغۇچنىڭ باشنى ئايلاندۇرىدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇدۇلدا ئولتۇرىدىغان مۇدىر ماڭا گېزىتتىن بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. لېكىن مەن ئۇيقۇسىراپ كەتكەنلىكىمدىن كۆزلىرىمنى تۈزۈك ئاچال-مايۋاتاتتىم. ئۇ ئوقۇپ بولۇپ ماڭا قارىدى. مەندە ھېچقانداق ئىپادە يوقلۇقىنى كۆرۈپ چىچىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىزدەك باللار ئۇلاردەك جاپالىق تۇرمۇشنى، ئۆتمۈشنى كۆرمەپتۇق. شۇڭا ھەممە ئىشتىن خەۋەرسىز بىخۇد يۈرۈيدىكەنمىز. ئۇنىڭچە بولسا بىزمۇ ئاشۇنداق ھاقارەت، تاياق-توقماقلارنى بىر تېتىپ باقساق ئاندىن ئۇنىڭدەك ھازىرقى مەرتىۋە ۋە بەختلىك تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يېتەلەيدىكەنمىز. بۇ ئۇنىڭ ئاي بېشىدا دەيدىغان گېپى. ئاي ئاخىرىدا تۇرمۇشىدىن زارلىنىدۇ. ئۆزىچە ئۆزىنى ئاق سۆڭەك ئەۋلادى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بەزىدە بىزار بولۇپ پېنسىيىگە چىقىپ تىجارەت قىلغۇسى كېلىپ كېتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىككى ئىنىسىنىڭ بايلىقىنى ماڭا ئېيتىپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق چاغدا ئوغلىنى ئۆيلەشكە پۇل سوراپ بارسا ئىنىلىرىنىڭ بەرمىگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. قىزىق، ئىشقىلىپ مەن مۈگدەپ ئولتۇرۇۋەر-دىم. كېيىن، ئۇ چىچىلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئەمدى بىردەم ئۇخلىۋالسامۇ بولاتتى. تېخى ئەمدى ئۇخلىغانىدىم. بىرى مۈرەمدىن تۇتۇپ قورۇدى. مەن بېشىمنى ئەمدىلا كۆتۈرۈشۈم بىلەن كۆزۈمنى ئېتىۋالدى. ئارقىدىن مەززىلىك ئەتىر پۇرىقى نەپىسگە ئۇرۇلدى. ئۇيقۇم تولۇق ئېچىلىپ كەتمىگەچ-كە دەماللىققا ئاڭقىرالمىدىم. تېخىمۇ يېقىن كەلگەندە تونۇدۇم. يۈرىكىم ئىختىيارسىز ئىللىقنا سوقۇپ كەتتى. دىل قايتىپ كەپتۇ. ئۇ كۆزۈمنى قويۇۋەتكەندە دېرىزىد-دىن كىرگەن كۈن نۇرى كۆزۈمنى ئاچۇر-مىدى. كاللام بىر خىل گاراڭلىقتا ئىدى، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەي دېسەممۇ يالغاز-دىن ھىجىيىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇنى سېغىنىپ كەتكەن-دەك ئىدىم. ئىشقىلىپ بىرنەرسە كەمدەك تۇراتتى. ئۇنى قۇچاقلىماقچى بولدۇم. ئۇ بۇنى بىلىپ ئىتتىك ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ۋە بىر قىزچاقنى يېتىلەپ كىردى. بۇ مېنىڭ كىچىك سىڭلىم بولىدۇ، — دېدى. ئۇنىڭ ئالدىمغا مېڭىپ كەلگەن ۋاقتىدىكى قىياپىتى ئاجايىپ ئەركىن-ئازادە ئىدى. مەن بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئاجايىپ يېقىشلىق قىز ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ چىرايلىق

قىزچاق ماڭا ئۇنى بۇرۇن كۆرگەندەك
ھەم بىر مەزگىل ئايرىلىپ كېتىپ يەنە
بىر كۆرۈشكەندەك تۇيغۇ بەردى. كۆرۈش-
كەندە سالام قىلماي قولىنى ئۇزاتتى.
قولۇمنى قىسىپ قويدى. ئۇ ئاچىسىدەك
تولغان بولمىسىمۇ، بەك ئۇماق، جەزبىلىك
كۆرۈنەتتى. ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ كەتتى.
مەن تېخىچە ئۇيقۇدىن تازا ئويغىنالمىغاندەك
تۇراتتىم. دىل ماڭا بىر دۇژنا ئىمپورت
قىلىنغان تاماكا تەڭلىدى. بايا سىڭلىسىنىڭ
كىچىك سومكىسىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئاز
كۆرمەي قوبۇل قىلارسىز، دېدى بۇ ماڭا
بىر خىل ياسالمىلىقتەك بىلىنۋاتىدۇ. مەن
ئاۋارە بوپسىز، دېدىم. ئۇ ھېچقىسى يوق،
دېدى. بۇ سۆزلەر ماڭا قايسى چاغدا
مەن بىرىگە ياكى بىرى ماڭا دېگەندەك
بىلىنىپ كەتتى. ئادەتلەنگەن گەپتەك
تېزلا دېگىنىمگە ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم.
ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مېنىمۇ سېغىنغانلىقىنى
سېزىۋالدىم. كۆزلىرىدىن بىر خىل مەنە
چىقىپ تۇراتتى. ئاخشام ئۇيقۇم قېچىپ
ئۇخلىماي دېگۈدەك تاماكا چېكىپ چىققان-
دىم. ئەمدى نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن
بىرنەچچە كېچىنى ئويلاپ ياتمىغان بولغىي-
دىم دەپ قالدىم. ئۇنىڭدىن تارقىغان
مەززىلىك ئەتىر پۇرىقى قايسى بىر
ئەتىگەنلىكىدىكى ئۇنىئالغۇدىن ياڭراۋاتقان
يېنىك مۇزىكا تىڭشاپ ھوزۇرلۇق بىلەن
شۇ پۇراق ئىچىدە ياتقان ۋاقتىمنى ئېسىمگە
كەلتۈردى. شۇ كۈنى شۇ يېقىملىق پۇراق
مېنى ئەللەيلەۋاتقاندەك زادىلا ئۇيقۇمنى
ئاچالمىغانىدىم. ئۇنىڭ قېشىدا كىچىك بالىسى
يوق تۇراتتى. مەن ئىما قىلىپ ئۇ قېنى،
دېدىم. ئۇ: بالام ئۆيدە قالدى. ئاتا-ئانام-
نىڭ قېشىدا قالدى. سىزگە دېمەپتىمەن
راست، دەپ چۈشەندۈردى. ئارقىدىن:
ھېلىقى ئىشمۇ پۈتۈپ قالدى. ئۇختۇرۇش
قەغىزى كەلسىلا يولغا چىقىمەن، دەپ
قوشۇپ قويدى. ئۇ كېتىدىغان يەر ماڭا
ناھايىتى يىراق بىلىنەتتى. مەن تېخىچە
ئۇنىڭدىن قاچان كەلگەنلىكىنى سورىمىغانى-
دىم. ئازراق ئارىسالدى بولۇپ سورىدىم.
ئۇ: ئەتىگەن كەلدۇق. ئۆيىنى بىر قاتار
يىغىشتۇرۇپ، كىيىم-كېچەكلەرنى ئالماشتۇرۇپ
ئەمدى بىكار بولۇشىمىز. سىزگە سىڭلىمنى
تونۇشتۇرۇپ قوياي دەپ كېلىشىم، دېدى.
مەن ھارمىغايسىزلەر، دەپ قويدۇم.
بالدۇرراق دېيىشىم كېرەك ئىدىغۇ، دەپ
ئويلاپ قالدىم. سىڭلىسى شۇ تاپ ئاچىسىغا
يۆلىنىپ ماڭا قاراپ تۇراتتى. سىز بەك
ئاكامغا ئوخشايدىكەنسىز، دېدى. مەن
ئۇنىڭغا كۈلۈپ قويدۇم. ئۆزۈمگە ھېجىيىپ
قويغاندەك بىلىنىپ كەتتى. دىل: ئۇنىڭ
ئىسمى ياشار، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ
ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردى، ئەسلى
باشتا تونۇشتۇرۇپ قويسام بولاتتى. چارچىغان
ئوخشايمەن، دېدى. كېتەرىدە مېنى
كەچكى تاماققا تەكلىپ قىلىپ قويدى.
سىڭلىسى ياشار: چوقۇم كېلىڭ، دەپ
جېكىلىدى، مەن ئۇلارنىڭ قەدەم تاۋۇشى
يىتكۈچە مەڭدەپ تۇردۇم. ئىشخانا ئىچىدە
ئۇنىڭ يېقىملىق پۇرىقى لەيلەپ تۇرغاندەك
تۇيۇلاتتى.

ئىشتىن چۈشۈپ بىرەر سائەتتىن كېيىن
ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئىشىكنى چېكىشىم-
گە سىڭلىسى ياشار چىقىپ كەلدى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

خۇشال ھالدا قولۇمدىن تارتىپ ئۆيگە باشلىدى. كۆڭلۈم خېلى ئېچىلىپ قالدى. ئۆي بەك سالقىن بىلىنەتتى. دىل ئاشخانا ئۆيدىن چىقىپ: ۋاقتىدا كەلدىڭىز، ھازىرلا تاماق تەييار بولدۇ، دېدى ۋە تاماقخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۇنچىلا خۇشاللىقىدىن بىر ئاز خىجىل بولۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ مۇنچىلا قىزغىن كۈتۈشىگە ئەرزىگۈدەك نېمە ئالاھىدىلىكىم بارلىقىنى ھېچ ئۇقالمىدىم. دىل ماڭا كۆپ قېتىم تاماق ئېتىپ بەرگەنىدى. يەنە باشقا ئىشلارمۇ بار. ئەمما، مەن ئۇنىڭغا ھېچنەرسە قىلىپ بەرمىگەنىدىم. ياشار ماڭا بىردەمدىلا ئامراق بولۇپ كەتتى. ئۈنئالغۇدىن يېقىملىق مۇزىكا ياڭراپ تۇراتتى. ئاشخانا ئۆيدىن مەززىلىك قورۇما پۇرىقى كېلەتتى. ياشار كىرسلودا ماڭا چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەرنى سورايتتى. ئاغزىمغا تاماكىنى ئۆزى زورلاپ سېلىپ ئۆزى تۇتاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ مېنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىمگە سەپ سالاتتى. مەن ئارىمىزدىكى ئىشلار توغرۇلۇق ياشارنىڭ قانچىلىك خەۋىرى بارلىقىنى بىلەلمىدىم. ئۇ: ھالقا چىقىرالامسىز؟ ئاكام بىر شوراپ نۇرغۇن ھالقا چىقىرالايدۇ، دەيتتى. ئامال يوق ھالقا چىقىرىپ بەردىم. دەسلەپ سانىپ ئوينىدى، كېيىن ئۇ ماڭا ئۇدۇل بولۇۋېلىپ ئاغزىمدىن چىققان ھالقىلارنى بىر-بىر بۇزدى. قولىنى بارا بارا ئاغزىمنىڭ ئۇدۇلىغا ئەپكەلدى. ئۇنىڭ قولىنى مەن چىشلىۋالدىم. ئۇ ۋارقىراپ كەتتى. ئەسلى ۋارقىرىغۇدەك قاتتىق چىشلىمىگەنىدىم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: ئاكاممۇ شۇنداق قىلاتتى، دېدى، ئاغرىتىۋەتتىڭىز دېگەنىدەك دومسىيىپ قويدى. ئۇ كۆزۈمگە بەك ئىسسىق كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭغا: ئۆزىڭىز سېلىۋالدىڭىزغۇ؟ دېدىم. ئۇ ئەركىلەپ: نەدە نەدە، دەپ بوينۇمغا ئېسىۋالدى. مەن ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدۇم. ئۇمۇ سۆيۈپ قويدى. مېنىڭ يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ، كۆڭلۈمنى بىرخىل ۋەسۋەسە قاپلىۋالدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى تەبىئىي ھەم ساددا، ئەركىن ئىدى. ئۇ تانسا ئوينايمىز دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىمسام قولۇمدىن تارتىپ تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئوتلۇق ھارارەتنى سېزەتتىم. مېنىڭ پۇتلىرىم كالۋالىشىپ قولۇم تەرلەپ كەتتى. ئۇ بولسا چاققان قارلىغاچتەك پەرۋاز قىلىپ كەتتى.

تاماقمۇ پىشتى. ئۇ لەڭمەن ئېتىپتۇ. باشقا تاماقتىن لەڭمەننى بەكرەك ئوخشىتىپ قوياتتى. ئېسىمدە بىر قېتىم دۆۋە بىر تەخسە لەڭمەن ئېلىپ كىرسە ئىككى تارتىپلا يەپ بولدۇم. ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ ئاچچىق سۇ ئېلىپ چىقىپ قۇرۇق تەخسىنى كۆرۈپ تۆكۈۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپ يەرنى ئىزدەشتۈرگەنىدى. شىرەنىڭ ئۈستىگە تاماق كەلدى. تاماق يېگەچ دىل ماڭا مەنىلىك قارايتتى. تۇرقىدىن سىڭلىمنى ئېلىپ كەلمىسەم بوپتىكەن دېمەكچى بولغاندەك تۇراتتى. ئىلگىرى بىز دائىم تاماقنى سوۋۇتۇپ قوياتتۇق. مەن: بۈگۈن تاماقنى قىزىقىدا يەيدىغان بولدۇم، دېدىم. دىل نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن بىز رەسمىي

سۆزلەشتۇق. ئۇ يۆتكىلىپ بارىدىغان ئورۇنىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى بىردەم سۆزلىدى، سىزنىمۇ يۆتكەپ قويۇش قولۇمدىن كېلىدۇ. بىز بىلەن كېتەمسىز، دەپ سورىدى. ئۇ بۇنى چاقچاق ئارىلاش دېدى. مەن بۇنى تويى قىلىش تەلپىگە يېقىنراق مەنىدە چۈشەندىم. ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق كېلىشكەن ئايال ئىدى. مەن دائىم ئۇنىڭ ئېسىل نەسەبلىك ئاق سۆڭەك ئاياللاردەك سالاپىتىدىن زوقلىناتتىم. مەن بىردەم تۇرۇپ: ماڭا ھەممە يەر ئوخشاشمىكىن دەيمەن، دېدىم. ئۇ ئۇقالمىغاندەك قاراپ: مېنىڭچە ئىستىقبالىڭىز ياخشىراق بولىدۇ، دېدى. مەن يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدىم. ئىشقىلىپ مەن ھەممە يەر ئوخشاش دەپ ئويلايتتىم. ئوخشاشلا زېرىكەتتىم. مېنىڭ ھازىر ئويلايدىغىنىم مۇشۇنداق ياشاپ قانچىلىك بەرداشلىق بېرىش ئىدى. ئۆزۈمگە بىر كۈنى تويۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتىم. مەن بۇنىڭدا ھامان تويغۇمغا ئىشىنەتتىم. مەن ئۇنى سېغىنغان، يالغۇز ئويقۇسىز قالغان چاغلىرىمدا ئۇنى يېنىمدا دەپ ئويلاپ ھەرىكەتلىرىنى ئۆزۈمچە دوراپ كېتەتتىم. ئۇ ماڭا خۇددى بىرىنچى قېتىم قاراۋاتقاندەك قاراپ كەتتى. ئۇ بىر ئاز جىلە بولۇۋاتاتتى. مەن قويۇپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم. ئۇ بىر نۇقتىغا قاراپ ئېغىر تىنىپ تۇرۇپ كەتتى. لېكىن بەزىدە ئۆزۈمنى ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى قورچاقتەك ھېس قىلاتتىم. ئەمدى بىلدىم، مەن ئارانلا قورچاق ئەمەسكەنمەن. ھەي باقەم، باقەم سېنى پۈتۈنلا يوقىتىۋەتكۈم كېلىدۇ. بۇ گەپنى ئۇ دېگەن. ھەر قېتىم شۇنداق دېگەندە مەن راستىنلا شۇنداق بولغاندەك بىئارام بولۇپ كېتەتتىم. ئۇ مېنى قويۇۋەتتى. ھەر ئىككىلىمىز بىر كىمنىڭ ئاۋارە قىلىشىنى خالىمايتتۇق. ئۇ: سىڭلىم تەتىل قىپتىكەن، ئالغاچ كەلگەنىدىم، دېدى. مەن: سىڭلىڭىز چىرايلىق ئىكەن، دېدىم. ئۇ: مەن بۇ يەردە كۆپ تۇرالمايمەن، دېدى. مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن نېمىدەپ تەسەللىي بېرىشنى بىلەلمىدىم. ئۇ كەتسىلا يەنە كۆرۈشۈش تەس بولاتتى. ئۇ يەر ماڭا شۇنداق ئۇزۇن بىلىنەتتى. بۇ يەردىمۇ مۇنداق كېتىۋېرىشنى ئۇمۇ خالىمايتتى. لېكىن مەن: سىزنى ئىزلەپ بارىمەن، دېيەلمىدىم. ئۇنداق يالغان سۆزلىگۈم يوق ئىدى. مەن پەقەت ئارقا-ئارقىدىن تاماكا چېكەتتىم. مۇنداق چېكىشىم بۇنىڭدىن كېيىن تەسكە توختايتتى. ئۇنىڭ ئەتە ئىشقا چىققۇسى يوقتەك تۇراتتى. سىڭلىسى كىرگەندە مەن قايتاي دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ياشار قولۇمغا ئېسىلىپ: ئاكا ئەتە كېلەمسىز؟ دەپ سورىدى. مەن: ئەتە چوڭ ئانامنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلەيمىكىن دېگەنىدىم، شۇڭا كېلەلمەسمەنمىكىن، دېدىم. دىل چوڭ ئانامنىڭ يالغۇز تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا سىڭلىسىغا: ئۇ كېيىن كېلىدۇ. ئەتە ئىشى بار ئىكەن. زورلىمايلى، دېدى.

## 4

كەچتە تېزلا ئۇخلاپ قالدىم. سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرماي تاماكا چەككەچ ئۇنى ئويلىدىم. ئويلىغانسېرى سىڭلىسى ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ بىئارام بولۇپ

كەتتىم. بۇ يەردە ئۇنىڭ پۇرىقى يوق ئىدى. بۇزۇق تۇك سائىتى بىر خىل زېرىكىشلىك غوڭۇلداۋاتاتتى. مەن ئەتىگەن‌دە تاماق يەپ، ئادەتلە نىمىگە ئىدىم. ئۆزۈمچە شارائىت يوق دەپ قارايتتىم.

ۋاقىت توشقاندا ئىشقا باردىم. ئىشخانا مۇدىرى مېنىڭ خېلى بۇرۇن كەلگەنلىكىمدىن رازى بولغاندەك تۇراتتى. ئەتىگەندە بىرەر سائەت جىم ئولتۇرۇپ ئىشقا كىرىشىپ كېتەتتۇق. تاكى ئۇ ئېغىر قوپال كۆزەينەكنى شىرەگە تاراققىدە قويغاندا بۇ ئېغىر جىمجىتلىق بۇزۇلاتتى. ئاندىن يېڭى گېزىت‌لەرنى شاراقشىتىپ ئېچىپ كۆرۈشكە باشلايتتى. ئۇ ماڭا نەچچە ئون يىللاپ ئاندىن چۈشمىگەن داۋازدەك كۆرۈنەتتى. ئۆتكەندە مۇدىرلىقتىن قالدۇرۇۋېتىلدىكەن دېگەن گەپ تارقىلىپ ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا يوقلاپ بارسام سارغىيىپ تۈگىشىپلا كېتىپتىكەن. ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ كۈلگۈم كەلگەنىدى. ئۇ شۇ چاغدا ماڭا ئۇزۇن قاراپ: سەن كەلگۈسى ئىزباسار، ئۆزۈڭ ياخشى يىگىت، شۇغىنىسى ئۆيلىنىۋالساڭ ياخشى بولاتتى، دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭ نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دەيدىغانلىقىنى پەقەت ئۇقالمىدىم. كېيىن كېسەللىكتىن ئالجىغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم، شۇ چاغدا ماڭا ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنگەنىدى. پىلىلداپ قالغان كۆزلىرىدىن داردىن چۈشۈپ كەتكەندەك ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

چۈشتىن كېيىن ئانچە ئىش بولمايتتى. چوڭ ئانامنىڭ قېشىغا بالدۇرراق باراي دېگەنىدىم. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇ كۆزەينەكنى تاراققىدە قويدى. ئاندىن تاقىر بېشىنى بىردەم ھۇزۇرلىنىپ سىلىدى. مەن شۇندىلا خۇش بولاتتىم. ئۇ تارتمىسىدىن شاھماتنى ئېلىپ: كېلە ئۇكا، بىرەر پەدە تارتىشايلى، دېدى. ئۇ دائىم ئوينايتتى. ئۇتتۇۋالسام ۋاقىت توشۇپ كەتسىمۇ قويۇۋەتمەي ئوينايتتى. چېچىلىپ ئۇششۇقلۇق قىلاتتى. بىرەر ئىشىم بولسا بىرەر مەيدان ئۇتتۇرۇپ بېرەتتىم. بۈگۈنمۇ ئىككى مەيدان ئۇتتۇرۇپ بېرىپ ئاندىن رۇخسەت سورىدىم. ئۇ خۇش بولۇپ كەتتى. قانداق تەلىپىم بولسا قوشۇلاتتى. مەن ئۇنى كولدۇرلاتقىنىمغا بىر ئاز خىجىل بولۇپ قالدىم.

چوڭ ئانام خېلىلا قېرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا ئانچىمۇ ئامراق ئەمەس ئىدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنى يوقلاپ تۇراتتىم. ئۇ بەك تىرىشچان ئىدى. باشقىلارغا يۆلىنىۋالمايتتى. مەن ئىشىكنى ئاچقاندا ئىشىك سەت غىچىلداپ كەتتى. بۇ ئاۋاز بىر خىل قەدىناس ئاڭلىناتتى. چوڭ ئانام بۇلۇڭدىكى ئوقۇردا ئولتۇرۇۋېلىپ كىچىك قوزىچاقنىڭ ئوت يېيىشىگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. مەندىن ئۆزۈنىچە تىنچ-ئامانلىق سورىدى. كەلمىدىڭ دەپ كايىدى. مەن باراي دېسەم بارالمايدىكەنمەن، دېدى. كېيىن ئېتىڭ نېمە ئىدى دەپ سوراپ مەن جاۋاب بەرگۈچە يەنە تېپىۋالدى. مەن ئۇنىڭ قاداق قولىنى تاتىلاپ قويدۇم. ئۇنىڭ قولى ھېلىلا ئوت ئالغاچقىمۇ كۆك تۇراتتى. ھويلىدىكى قېرى چىلان دەرىخى شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. كىچىكىمدە دائىم ئۇنىڭدىن غۇلاپ كېتىپ چۈشەپ قالاتتىم. مېنى ئۆيگە باش-

لاپ ماڭغاندا قوزىچاق ئوقۇردىن چۈشۈپ
بىزنىڭ ئالدىمىزدا دالان ئۆينىڭ سۇپىسىغا
چىقىپ ماياقلاشقا باشلىدى. چوڭ ئانام:
چۈشە مەرەز، دەپ ۋارقىرىدى. قوزىچاق
ماياقلىغاچ پەسكە چۈشتى. بۇ تايلاق
ناماز ئوقۇۋاتسام جەينامازدا تۇرۇۋېلىپ
سەجدىگە باش قويغىلى قويمايدۇ، دەپ
ئۇنى قوغلاپ چىقاردى.

مەن تاماكا چەككەچ ئوڭدا ياتتىم.
بۈگۈن قانچە چەكسەم تاماكام يېتەتتى.
شۇڭا خېلى خاتىرجەم تۇراتتىم.

موماي چۆپ ئېتىپ بېرىمەن، دەپ
قويغان نەرسىسنى تاپالماي ئاۋارە بولاتتى.
ئۇ چايدان ئاغزىنى كورىغا تاشلىدى،
كورا ئاغزىنى چايدانغا ياپتى. ئارقىدىن
چايدان ئاغزىنى تاپالماي: بۇ جۇۋاينىمەك
نەگە كەتتى، دەپ غۇدۇڭشىدى. مەن
موماي يالغۇز ياشىغىنىغا ئۇزۇن بولۇپ
كەتتى. ئەجەبا زېرىكمەمدىغاندۇ؟ ناۋادا
مەن ئاشۇنچىلىك ياشاپ مۇشۇ ھالدا
قالسام چوقۇم چىدىيالماي قالغان بولاتتىم،
دەپ ئويلاپ ئويۇمدىن قورقۇپ قالدىم.
نېمىدېگەن زېرىكىشلىك.

تاماق بەك ئوخشاپتىكەن. ئۇ تاماقتىن
كېيىن ئۇزۇن دۇئا قىلدى. قوزىچاق بىزگە
قاراپ پەگادا تۇراتتى.

مەن بالدۇرلا يېتىۋالدىم. بۇ ئۆينىڭ
بۇرۇنقى قايناقلىقنى، كىچىك ۋاقتىمىزنى
ئەسلىدىم. ئۇ چاغدا ئۇ ئۆي شۇنداق
يوغان بىلىنەتتى. چىلان دەرىخى ئاجايىپ
ئېگىز كۆرۈنەتتى. ھازىر ئەكسىچە ئىدى.
چوڭ ئانام ئوقۇردا ئولتۇرۇۋېلىپ قوزىچاققا
قولىدا ئوت بېرىۋاتاتتى. بىردەمدە ئوخلاپ
قاپتىمەن. چۈشۈمدە كىچىكىمدە كىرىشتىن
قورقىدىغان تاشلاندۇق ئۆيگە كىرىپتىمەن.
ئۇ يەردە بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ ئۆمۈچۈك
تورغۇدەك. چىشىمنى سانىۋالمىسۇن دەپ
ئاغزىمنى مەھكەم يۇمۇۋالدىم. ئويلىمىغان
يەردىن قاشلىرىم، كىرپىكلىرىم تۆكۈلۈۋاتقۇ-
دەك، ۋارقىراي دەپ ئاغزىمنى ئاچسام
چىشلىرىممۇ تۆكۈلۈپ كەتكۈدەك. ئۆزۈمنىڭ
تۇرقىنى قىياس قىلىشقا شۇنچە ئۇرۇنسام
ئەسلىيەلمىگۈدەكمەن. ئۆمۈچۈككە ئوخشاپ
قالغانىدىمەنمۇ دەپ ئۆزۈمگە قارىسام،
كۆزلىرىم تورلىشىپ ھېچنەرسە كۆرەلمىگۈدەك-
مەن. ئۆمۈچۈكلەرنى دەسسەپ يانچىۋېتەي
دېسەم غايىب بىر ئاۋاز: ئۆلتۈرمە، دۆدە
دېگەن دۆلەت، دېگۈدەك. بارا-بارا
قىسىلىپ جايناماز پاتقۇدەك يەرمۇ قالماپتۇ.
ۋارقىراي دېسەم كارنىيىمغا قوم كەپلىشىپ
قالغاندەك ئاۋازىم چىقمايدۇ. سەھەردە
بىرىنىڭ پىچىرلاپ بىرنەرسە ئوقۇۋاتقىنى
ئاڭلانغاندەك قىلدى. كۆزۈمنى ئاچماي
خېلى ياتتىم. چۈشۈمنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغان
يەرلىرىنى ئويلاشقا تىرىشتىم. كېيىن
كۆزۈمنى ئاچسام چوڭ ئانام بېشىمدا چىشسىز
ئاغزىنى يوغان ئېچىپ مېنى يوداپ ئولتۇرۇپ-
تۇ. قولىدا بىر تۇتام چاۋار تۇراتتى.
قارىغاندا جۆيلىگەن ئوخشايمەن.

5

بۈگۈننىڭ يەكشەنبە ئىكەنلىكى ئېنىق
ئېسىمدە. بۇنداق كۈنلەردە ئاگسىزلا كۆپ
ئۇخلاپ كېتەتتىم. بۈگۈن دىلىنىڭ ئۆيىگە
بېرىشىم كېرەك ئىدى، بولمىسا ئۇ سىرتقا

چىقماي ئۇلتۇرۇپ قالاتتى. چۈشكە يېقىن ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتىم. ئانچە ئۆتمەي ياشار چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كەتكەندەك بىلىندى. قولۇمنى چوڭلاردەك سىقىپ كۆرۈشتى. دىلنىڭ كۆزلىرى كۆپ ئۇخلىغاچقىمۇ خۇمارلىشىپ قالغاندەك تۇراتتى. تۇرقى تېخىمۇ ئېسىلزادە، لاتاپەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن زوق ئالالايتتىم. قانداقلا بولمىسۇن ئۇلارنىڭ مېنى مۇنداق قارشى ئېلىشىدىن بىر ئاز قىسىلىۋاتاتتىم. كېيىن ئۆزۈمدە ئۇلارنى خۇشال قىلغۇدەك نېمە ئالاھىدىلىك بار دەپمۇ ئويلىنىپ كەتتىم. ئۇلار تاماق ئەتكەنىكەن. ياخشى مېھمان تاماقتا، دەپ دىل ئالدىمغا ئۇگرە ئېلىپ كەلدى. دىلىم يايىراپ كەتتى. بۇ ئۇگرىنى ئاجايىپ بەلەن ئېتىپ بېرەتتى. دۇئا قىلىپ بولغاندا ياشار: ئاكا نېمىدەپ دۇئا قىلدىڭىز، دەپ سورىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن پەقەت ھەرىكىتىنىلا قىلغانىدىم. خىجىل بولدۇممۇ يۈزۈم قىزىرىپ كەتتى، ئۇ: بولدىلا سورىمىدىم، ئاكامنى خىجىل قىلىپ قويدۇم، دەپ بوينۇمغا گىرە سېلىۋالدى. كاسىلىرىم، پاچاقلىرىم تەرلەپ كەتكەندەك بولدى.

- بىز سىرتقا چىقتۇق. ئىسسىق بىر ئاز يانغانىدى. كوچىلار ئادەملەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ مېڭىشلىرى ئاجايىپ ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇنى بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئارقىدا قالغاندا ھېس قىلدىم. ياشار توختىماي گەپ سورايتتى. ئۆزى تۇرغان شەھەر بىلەن بۇ يەرگە سېلىشتۇراتتى. پات-پات ئۇدۇلدىن قاراپ قولۇمنى قىسىپ قوياتتى. مەن ئۇلارغا چوڭ ئانامنىڭ پۈتلىشىپ يېقىلىپ چۈشۈپ يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك قوپۇپ ئىشنى قىلىۋېرىدىغانلىقىنى دەپ بەردىم. ياشار يەنىچۇ، دەپ كۆزۈمگە كىرىۋالدى. ئامالسىز يالغاندىنمۇ قوشۇپ دەپ بەردىم. ئۇ تولا كۈلۈپ ئەتراپقا قاراشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. بۈگۈن ئۆزۈممۇ ئېچىلىپ قالغاندەك تۇراتتىم. دىل ئاز گەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ كەيپى چاغدەك تۇراتتى. ئۇ: باقەم تونۇگۈن دېگەن گەپنى ئويلاپ باقارسەن مەن ساڭا راست دېدىم، دېدى. مەن ئويلاپ قالدىم. شۇنداق ئۇ كېتەتتى. ئەسلىدىنمۇ مېنىڭ بۇ يەردە تارتىنىپ تۇرغۇدەك بىرنەرسەم يوق ئىدى. ئۇ يەردە تۇرساممۇ بۇ يەردە تۇرساممۇ بەرىبىر ئوخشاش ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇ مېنى ھېچنەرسىگە زورلىمايتتى. بىرلا نەرسە مەن نەگە بارماي بەرىبىر ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭ ھېلىقى «ئىستىقباللىق» دېگىنىگە ئانچە قىزىقمايتتىم. ئۇ يەرگە ئۆزۈمنىڭ كېتەلىشىم تەسكە توختايتتى. ناۋادا ئۇ كۆچ چىقارسا ئاسان ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇمۇ ئاتا-ئانىسىغا ئىشىنىپ دەۋاتقان گەپ. مەن ھازىر گەپنى يەنە تەكرارلاشنى ئارتۇقچە كۆردۈم. مېنىڭ ھازىر ئويلاۋاتقىنىم يەنە قانچىلىك مۇشۇنداق ياشاش ئىدى. مەقسەتتىن گەپ ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەزىدە ئويلىسام ئۆزۈمنىڭ بىرەرمۇ ساق ئەزايىم يوقتەك، بىر كۈنى مەن تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇمۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس. مۇمايىچىلىك ياشىسام قانچىلىك قىينىلىپ كېتىشىمنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

بولدىلا بۇلارنى ئويلىسام كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالىدىكەن. ئۇنىڭغا ھېچقانداق سەۋەب كۆرسىتەلمەيتتىم. ھەم سەۋەبلەرمۇ تۇترۇقسىز ئىدى. ياشار ئەركىلەپ خىيالىمنى بۇزۇۋەتتى. ئۇ ئاچىسىنى ئۇنتۇپلا قالدى. مەن ئۇنى يېشىغا قارىغاندا بالدۇر يېتىلگەن دەپ قارايتتىم. ئۇنىڭ مۇرىلىرى تولغان، ۋايىغا يەتكەن قىزلاردەك تولۇق ئىدى. بىز سوغۇق ئىچىملىكلەر دۇكىنىغا كىردۇق. ئۆزۈممۇ ئىككى بوتۇلكا پىۋا بۇيرۇپ ئۇلارغا مارۇژنا بۇيرۇدۇم. بىر ئىستاكان قۇيۇپ قويمايلا ئىچىۋەتتىم. ئۇسساپ كېتىپتىكەنمەن بەك ياقتى. بىز يەنە باشقا پاراڭلارنى قىلدۇق. ئارىلىقتا ياشار ماڭا قاراپ: ئاكا قىزىرىپ كەتتىڭىز، مەن ئىچىۋېتەي دەپ ئېلىپ نەچچە بۆلۈپ ئىچىۋەتتى. بىردەمدە قىزىرىپ كەتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ بەك ئوماقلىشىپ كەتكەنىدى. مەن قايتا بەرمىدىم. ئۇ نارازى بولۇپ: ئۆيدە بىر بوتۇلكىنى ئىچىۋەتسەممۇ دادام گەپ قىلمايتتى، دېدى.

ئۇ يەردىن چىقىپ بىز ئۆيگە قايتتۇق. ياشار ھارغىنىغا قارىماي تانسا ئوينايمىز، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر پەدە ئويندىم. دىل خېلى ھارغان بولسا كېرەك. كىرىسلودا ئېزىلىپ ئولتۇراتتى. يەنە بىر مۇزىكا چىققاندا مەن ئۇنى تارتتىم. ئۇ كۈلۈپ كۆزلىرىدە بىر مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ قوپتى. ياشار ھەدەپ ئاچىسىنى ماختاپ: ئاچام دېگەن تانسا ئوينىسا باشقىلار كۆرىمىز دەپ مەيداننى بوشىتىپ بېرەتتى، دەپ سۆزلەپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن دىل تاماقتا تۇتۇش قىلغىلى ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ياشار يەنە بىر مۇزىكىغا ئوينىۋېتەيلى دەپ، تۇرۇۋالدى. مەن ياق دېيەلمىدىم. دىلنىڭ نېمىنى ئويلىنىشىنى ئويلىسام بىر ئاز بىئارام بولاتتىم. ياشارنىڭ قىزغىنلىقى مېنى جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ مېنى قۇچاقلاپ ئوينىدى. كۆزلىرىدە غۇبارسىز قىزغىن كۈلكە جىلۋە قىلاتتى. مەن ئەكسىچە بىئارام بولۇۋاتاتتىم. مەنمۇ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئامراقلىقىغا خۇشال بولساممۇ گاڭگىراپ قالدىم. كېيىن تاماكا ئىسىدىن ھالقا چىقىرىپ بېرىڭ، دەپ خاپا قىلدى. مەنمۇ ياق دېمىدىم. ئۇنىڭ قىلىقلىرى بەك ئوماق ئىدى. كېيىن ھاردىم. پىۋا ئىزىشكە باشلىدى. مەن كىرىسلوغا يۆلىنىپ كۆزۈمنى يېرىم يۇمۇۋالدىم. ئۇ ئاكامنىڭ ئۇيقۇسى كەپتۇ، دەپ بېشىنى مۈرەمگە قويۇۋالدى. چاچلىرى يۈزۈمنى غىدىقلىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە تەسىر يەتمىسۇن دەپ چىداپ جىم ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ چاچلىرىدىن بىر خىل پۇراق كېلەتتى. مەن بۇ پۇراقنى دىلنىڭ چېچىنىڭ پۇرىقى بىلەن سېلىشتۇردۇم. دىلنىڭ چېچىدىن ئەتىر ۋە چاچ پاراشوكىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. مۇنداق پۇراق ئادەمگە ھەۋەس بېغىشلايتتى. ياشارنىڭ چېچىدىن تەبىئىي، بەدەن پۇرىقى كېلەتتى. بۇ خىل پۇراق كىشىنى تېخىمۇ ۋەسۋەسىگە سالاتتى. ئىككى قىزنىڭ ئۆيىدە ھېيىقماستىن مۇنداق يېتىشىم ئۆزۈمگىمۇ ئېشىپ كەتكەندەك بىلىندى. لېكىن، مېنىڭ بۇ ھالەتنى بۇزغۇم ياكى چېكىگە چىقارغۇم يوق ئىدى. خىيالىمدا ئۆزۈم كېچىكلەپ شۇ قويۇق چاچلار ئارىسىدا ھۇزۇرلىنىپ ئېغىنايتتىم. قۇياش نۇرىدا چاچلار قىزىل، قوڭۇر، قارا ھەم سېرىق رەڭدە جۇلالىنىپ تاۋلىناتتى. كېيىن ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئاشخانىدىكى ياشار بىلەن

www.uyghurkitap.com



دىلنىڭ پاراڭلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى. لېكىن نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئېسىمدە قالمايتتى. كۆزۈمنىمۇ ئاچالمايتتىم. ئۇيقۇلۇق خىيالىمدا مۇنداق بىر كۆرۈنۈشنىڭ قاچاندا روي بەرگەنلىكىنى ئەسلەۋاتاتتىم. بۇ پەردە بىر ئىش تەكرارلىنىۋاتاتتى. قورۇمى-نىڭ پۇرىقى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. قازاننىڭ بىر خىل قاينىغان ئاۋازى، قاچا-قۇچىلارنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭلىرى ئىشقىلىپ مېڭەم سەگەك ئىدى. بىر چاغدا بىر قەدەم تاۋۇشى يېقىنلاپ كەلدى. مەن پەرق قىلىشقا تىرىشتىم. ساپما ئاياغ ئاۋازىنى پەرق قىلىش سەل تەسكە چۈشتى. لېكىن قەدەمنىڭ ئېغىرلىقىغا قاراپ دىل دەپ ئويلىدىم. پۇراقچۇ؟ قورۇمىلار پۇرىقى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ مېنى قۇچاقلىدى. مەن ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئاغدۇرۇلۇپ كەتتىم.

كېيىن راستىنلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ئويغانسام كىرسلودا يېنىچە يېتىپتىمەن. بېشىمدا ياستۇق. ئۇلار بىر-بىرىگە قاراپ ئۈن-تىنسىز ئولتۇراتتى. بەك خىجىل بولۇپ كەتتىم. ئۇلارغا تىكىلىپ قارىيالمىدىم. بىرەر قېتىم كىرىلىۋالغۇم بار ئىدى. جۈرئەت قىلالمىدىم. غەپلەت بېسىپ ئويقۇغا كېتىپ-تىمەن... دەپ قويدۇم. ئۇلار تەڭلا: ھېچقىسى يوق، دېيىشتى. بىر تال تاماكا چېكىشىۋالغاندىن كېيىن ئويقۇم بىر ئاز ئېچىلدى. تاماق كەلتۈردى. لېكىن ئارىدىن ھېچكىم چىش يېرىپ گەپ قىلمىدى. مېنىڭمۇ ئاغزىمغا زادى گەپ قىلمىدى. بىر چاغدا ياشار مارۇژنى ئېلىپ كىرىمەن، دەپ چىقىپ كەتتى. دىل ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويدى. ئۇ ماڭا خۇددى سىز بىر شەخ سىيەتچى ئادەم، دېگەنىدەك بىلىنىپ كەتتى. مەن گەپ تاپالماي: تېزلا كۆنۈپ قالىسەن، دېدىم. ئۇ دەرھال: ئەلۋەتتە، دېدى. چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا ئارقىسىدىن بېرىپ چىڭ قۇچاقلاپ قويدۇم. ئۇ يۈزىنى يۈزۈمگە سۈرۈپ كەتتى...

## 6

ئۇلار كەتكىلى خېلى بولدى. مەن شۇ كۈندىن تارتىپ تاكى كەتكۈچە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارمىدىم. ئۆزۈممۇ ئۇقماي-مەن شۇنداق تەبىئىيلا. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلارنى بەك سېغىنارمەنمۇ دەپ ئويلىغان-دىم. ئەمدى ئويلىسام ئانچە بولمىدى. ئۇلارغىمۇ ۋەدە بەرگەنىدىم. بىراق، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ئاخىرى قانداق مۇناسىۋەت بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلەلمى-دىم. بەزىدە بىرنەرسە كەمدەك تىت-تىت بولۇپ قالاتتىم. ئويلىسام يەنە ئۇمۇ مۇھىم ئەمەستەك بىلىنەتتى. ھەممىدىن يامىنى ئويقۇمنىڭ ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئىدى. ئاندىن بېشىم بىر خىل ئاغرىيتتى. قاتتىقمۇ، بوشراقمۇ ئەمەس. ياتاق ئىسسىق ھەم دىمىق ئىدى. تالا تېخىمۇ. ئويقۇسىز كېچىلەردە بېشىمنىڭ ئاغرىقى بولمىسا زېرىكىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. ئاغرىقىمنىڭ مېڭە نېرۋىلىرىنىدىكى ھەرد-كەتلىرىنى تىڭشاپ يېتىپ تالاي ۋاقىتنى ئۇقمايلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتىم.

كۈنلىرىم بىر خىل كېتىۋاتاتتى. ئۆيدىكىلەر بىلەن قاتتىق بىر تەگەشكەن-دىن كېيىن ئۆيگىمۇ بارماس بولدۇم. ئىشخانىدا مۇدىرنى بىرەر قېتىم ئەخمەق قىلىۋالسام كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالاتتى. بىر كۈنى ئۇنى «سىز داۋاز» دەپ ساپتى-مەن. ئۇ بېشىنى شاققىدە كۆتۈرۈپ گېپىمنى

نەچچە تەكرارلىدى. مەن خاپا بولارمىكىن دېسەم ئەكسىچە دارۋاز توغرۇلۇق سۆزلەپ كەتتى. كېيىن ئاتا-بوۋىسىنى ھازىرقى بىر داڭدار دارۋازلار ئائىلىسىگە ئاپىرىپ چاتتى. مەن ئەمدى تېگىگە يەتتىم دەپ ئويلىدىم. ئۆزىمۇ دائىم يۈرەك زەئىپلىك كېسىلىنىڭ دورىسىنى ئىچىپ يۈرەتتى.

قورققان بالا ئاخىرى كەلدى. ئۇنىڭ پېشىنى پېنسىيە يېشىغا توغرا كەپتۇ دەپ يۇقىرىغا دوكلات يوللىشىپتۇ. ئۇ بىر بالىسىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىپ ئاندىن خىزمەتتىن چېكىنمەكچى ئىدى. ئۇنى ئورنىدىن ئايرىپ خەت-چەك تارقىتىدىغان خىزمەتكە قويدى. ئۇ كونى ئۇ قوشۇملىرى-نى يۆرۈشتۈرۈپ بىر توپ ئارگىنالنى ئالدىمغا تاشلىدى. كۆرۈپ باقمىسام قاتتىق خاپا بولىدىغاندەك ئەلپازى بار ئىدى، ئامالسىز قارىدىم. بىرپارچە ئەرز ئىكەن.

ئۇنىڭدا تۇغۇلغان يىلدىن تارتىپ تاكى ھازىرغا كەلگۈچىلىك بولغان خىزمەت تارىخى بولۇپ، ئۆتكەن ھەرىكەتلەر، ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى، تارتقان خورلۇقلىرى تەپسىلىي يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ ھېچقانداق قابىلىيىتى بولمىغان بىلەن ئەرز يېزىشقا خېلى ئېپى بار ئىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم. ئازراق يەل بېرىپ قويسام، مەغرۇرلىنىپ چوقۇم ھەل قىلىمەن، ئاداققىچە ئېلىشقىنىم ئېلىشقان، دەپ ۋارقىراپ چىقىپ كەتتى. ئارگىنال قىرىق ۋاراقتەك بار ئىدى. مەن ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قاتتىق بوشاپ كەتتىم. كاللامغا نۇرغۇن خىياللار كېلىۋال-دى. ئۇنىڭغا قاراپ ئەمدى بەزى ئويلى-غانلىرىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئىشتىن چۈشكىچە ئورنۇمدا ھېچ ئىش بىلەن شۇغۇللانماي جىم ئولتۇردىم. چۈشتە تۈزۈك تاماق يېمىگەچكە قورسىقىم ئاچقاندەك قىلغانىدى. بىر دەمدىن كېيىن جىمىپ كەتتى.

پېرىم كېچىدە قورسىقىم قاتتىق ئاغرىپ ئويغىنىپ كەتتىم. قورسىقىم ھەم ئېچىپ ھەم تولغاپ ئاغرىۋاتاتتى. پېشىممۇ قۇم قۇيۇپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى. قارىسام يەرگە قۇسۇپ ساپتىمەن. ئاستا قوپۇپ سوغۇق سۇدىن بىر كورۇشكا ئېلىپ ئىچتىم. سۇ ئۇچەيلىرىمدە سوغۇق يىلان ماڭغاندەك سېزىم پەيدا قىلدى. كېيىن ھاراق ئېرىدىمۇ يەنە خۇش كەيپ بولۇپ قالدىم. پېرىم ئۇيقۇلۇق ئورنۇمدا ئۇيان ئۆرۈلۈپ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدىم. ياتاق ئىسسىق ھەم دىمىق. تالا تېخىمۇ شۇنداق. كوندۇزدىكى ئىشلارنى ئويلاشقا باشلىدىم. مۇدىر «دارۋاز» چېچىلىپ چىقىپ كەتتى. ماڭا ھازىر ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغاندەكلا تۇراتتى. ئۇنداقتا ئۇنىڭغا تەزىيە مۇراسىمى ئاچاتتۇق. بەك كۈلگۈم كەلدى. كۈلەي دېسەم قورسىقىم ئاغرىشتىن قورقتۇم. شۇڭا كۈلمىدىم. بىر ئويلاپ راستلا ئۇنىڭغا تەزىيە يىغىنى ئاچقاندەك ھېس قىلدىم. لېكىن كاللام گاراڭ. ھېچقايسىسىنى چەزمىلەشتۈرەلمىدىم. ئىشتىن چۈشۈپ ياتاققا كېتىۋاتسام بىر بوتكىدىن چىققان مۇزىكا قۇلىقىمغا يېقىپ قالدى. كىرسەم باشقا ئادەم يوق ئىكەن. قورساقنىڭ ئاچلىقىغا قارىماي بىر رومكا ئىچىپ باقتىم. ئاجايىپ راھەتلەندۈرۈۋەتتى. ھە راست بىر ساراڭ كىردى. ئۆزى قېرى. قىرىغاندا ساراڭ بولغان ئادەمنى كۆرۈپ باقماپتىكەن-مەن. ئۇنىڭ كىيىنىشىگە قارىغان ئادەمنىڭ كۈلۈپ ئۈچەيى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. يوغان ساقال بىلەن كىچىك بالىنىڭ ھەربىچە

فورمىسى كېيىۋالغان، ئەينىكى يوق يوغان كۆزەينەك تاقىۋالغان. مەن ئۇنىڭغا: تاغا بىر رومكا ئىچىپ قويامسەن دېسەم، لائىلا-ھە، دەپ ياقىسىنى تۇتۇپ ئىمان ئېيتقىلى تۇردى. ئارقىدىن ئالدىمدىكى رومكىنى بۇلاپ دېگۈدەك ئېلىپ گۈپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى. ئاندىن پىرە ئويناپ سەكرەپ كەتتى. كۆڭلۈم بىردىنلا ئېچىلىپ يايراپ كەتتى. ھە راست، يەنە نېمىگەن بولغىيتتى. كاللام ئاغرىپ كەتتى. شۇ چاغ بەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدىم. ئۆمرۈمدە مۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغان بولغىيتتىم. ئۇ ئۈچ رومكا ئىچتى. تولا ئۇسسۇل ئويناپ ھېرىپ ئولتۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭدىن نېمە سورىدىم؟ راست ئۇ گەپ قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ھە راست ئۇنىڭدىن نېمىشقا ساراڭ بولۇۋالغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ يىراق بىر يېزىلىق ئىكەن. ئۇ ئۆتكەن يىلى كۈۋەز تېرىپتۇ. بوران چىقىپ سولىياۋ يوپۇقنى ئېچىۋېتىپتۇ. مىڭ بالادا يەنە قايتا تېرىسا ئەمدى غوزىلىغاندا مۆلدۈر يېغىپ غوزىسىنى تۆكۈۋېتىپتۇ. ئامالسىز ۋەزىپە ئورۇنلىيالماپتۇ. ئەترەت قويلىرىنى پاختا تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىگە تۇتۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەرز قىلىمەن، دەپ شەھەرگىچە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھەر كۆڭلىگە يېقىپ كېتىپ ساراڭ بولۇۋاپتۇ. ئۇنىڭغا قارىسام گېپى راستتەك تۇراتتى. كېيىن ئۇ مەست بولۇپ قالدى. ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يىقىلغان پېتى ئۇيقۇغا كەتتى. راست ئۇ يەنە بىر نېمە دېگەندەك قىلغانىدى. نېمىدېگەن بولغىيتتى. قورساقلىرىم ئېچىپ كەتتى. كارنايلىرىم قورۇپ كەتتى. پۈتۈن بەدىنىم قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىپتۇ. يەيدىغان ھېچنەرسە يوق. مىڭ تەستە قوپۇپ يەنە بىر كورۇشكا سۇ ئىچتىم. بايا ئىچكەن سۇ پۈتۈنلەي تەر بولۇپ چىقىپ كەتكەندەك تۇراتتى. مىڭ تەستە يەنە ئورنۇمغا كېلىپ ياتتىم. بىردەم ئۇخلىغاندەك بولۇپ يەنە ئويغىنىپ كەتتىم. ئەتراپقا قۇلاق سالدىم. توك سائىتىمنىڭ سەت غۇڭۇلدىشىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى. سىرت راستىنلا جىمجىت. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقانىدى. تەرلەپ كەتتىم. ياق بەدىنىمدىن سۇ قۇيۇلۇۋاتىدۇ. يۈرىكىم ئېغىر سوقۇۋاتاتتى. ئەمدى ئورنۇمدىن تۇرالىغۇدەك ماغدۇر قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. يۈرىكىمنىڭ ئېغىر سوقۇشى، مېڭەمنىڭ غۇڭۇلدىشى، ئاشقازىنىمنىڭ ئاچچىق ئېچىشىشى. مەن بولارنى ئونتۇشۇم كېرەك. مېنى ئۇگدىتىپ داۋالاۋاتقاندەك خىيالىي تۇيغۇدا بولۇپ قالدىم. مەن بىر مەيداندا تۇراتتىم. ئەتراپىمدا كۆك كەپتەرلەر قىمىرلاپ يۈرەتتى. ماڭسام ئۇچۇپ كېتەتتى. ئارقامغا قارىسام يول يوق. ئالدىمدىمۇ يوق. ھەممە يەرنى كەپتەر قاپلاپ كېتىپتۇ. ئاسمانغا قارىسام ناھايىتى ئېگىزدە بىر ئادەم خادىمۇ تۇتماي دارۋازلىق قىلىۋېتىپتۇ. قاراپ ھەۋەس قىلدىمغۇ دەيمەن، ئۇنىڭ مېڭىشى ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. شۇڭا شەرەپ تۇيغۇسىدا مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. مەن خىياللاردىن قۇتۇلاي دېدىم. كەڭ ئاسمانغا قارىدىم. ئاسماندا بۇلۇتلار يوق ئىدى. كۆڭلۈمدە ئاسماندا ھېچنەرسە يوق. ھېچنەرسە ئويلىمايمەن دەپ ئويلىدىم. ئاسمان كۆپكۆك، ئاسمان مەن چۆمۈلمەكچى بولغان دېڭىزدىنمۇ سۈزۈك ھەم كۆك. چەت-چەتلىرىگە قارىسام ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. نېمىدېگەن راھەت. ياق بىر نەرسە

تۇرىدۇ. مەن ھېچنەرسە يوق دەپ شۇ يەرگە قارىغان ئىدىمغۇ؟ ھاۋادا بىر نەرسە لەيلەپ يۈرەتتى. مېنىڭچە ئىشخانا مۇدىرى ئەمەس. ھەم ئۇنداق بولۇشىنى خالىمايمەن. ئاپئاق يۇمران بۇلۇتمدۇ؟ ئۇ بىردە يوغىنايتتى. بىردە كىچىكلەيتتى. ئەجەپ ئىچىم سىقىلدى. نېمىشقا كۆرۈنمەيدىغاندۇ؟ ھە بەك تونۇش چىراي، قىيپالىڭاچ. تولغان جەزبىلىك. ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدۇ. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرىدۇ. ھەي باقەم. سېنى... بىرنەرسە تاراقىدە قىلدى. مەن مۇدىرىنىڭ كۆزەينىكى دەپ ئويلىدىم. ئۇ ئارقىدىن تاقىر بېشىنى ئۇزاق سىيلىدى. مەن ئاسماننى يىتتۇرۇپ قويدۇم. كېچە نېمىشقا تاڭ ئاتمايدىغاندۇ؟ مەن يەنىلا ئەمەلىي نەرسە ئويلاي. راست ھېلىقى ساراڭ نېمىشقا بالدۇرراق ساراڭ بولىۋالمىغاندىمەن، دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭدىن ھەي تاغا سەن ساراڭ ئەمەس، نېمىشقا ساراڭ بولۇۋالدىڭ؟ دەپ سورىدىمغۇ دەيمەن. ئۇ نېمە دېگەنىدى. راست، شەھەرگە كېلىپ باقمايتىمەن. بىر كېلىپ كۆڭلۈم ئۆسۈپ كېتىپ ساراڭ بولۇۋالدىم، دېگەن، ئۆزىنى زاڭلىق قىلىپ قاقاقلاپ كۈلگەن. كۈلگەندە كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكەن. ياق يىغلىدىغۇ دەيمەن. سۇ ئىچىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن قوپقۇدەك ماغدۇرۇم يوق. بىرنەرسە ئويلىشىم كېرەك. راست نېمە ئىش بۇ؟! مومامنىڭ جەينامىزىدا ياشار ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تۇرۇۋالغۇدەك... ھەي كاللام نېمە بولدى. باشقا بىر نەرسە ئويلاي. ئۇ مېنى سۆيەتتى. مەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدىم. دىل كىرىپ قالارمۇ؟ ئاكا ماڭا خەت يازغىن، مېنى كۆرگىلى بارغىن. مەن ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدىم. دىل چىرايلىق ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى. بىر قوزىچاق تۈگۈلۈپ شۇنداق ئۇماق ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ نېمە دېگەن ساددا، ئۇماق. نېمە دېگەن تولا تەردۇ. ھەي. خۇدا، مېنىڭ نامىزىمنى چۈشۈرەرمۇ؟ چۆچۈپ كەتتىم. بىرى داردىن يىقىلىپ چۈشتى. ھەي باقەم... مەن تام تەرەپكە سۈرۈلدۈم. لېكىن ھېچ مىدىرىغاندەك قىلمىدىم. خۇددى يوغان ئۆمۈچۈك قامدىۋالغاندەك. مۇستەھكەم تۈكلۈك يۇت قىسىۋالغاندەك. مەن سىقىلىپ كەتتىم. بۇرۇقتۇم بولۇپ كەتتىم. ئەمدى بىرنەرسە ئويلىمىسام، ئۇخلىسام بولاتتى. چوڭ ئانام چىشسىز يوغان ئاغزىنى ئېچىپ يۇداۋاتاتتى. ئۇ ياشاردەك ئوت كۆرۈنەتتى. شېرىن بىر ئۇيقۇ كېلىش ئالدىدا تۇرغاندەك تۇراتتى. ئۆگدىتىپ داۋالاۋاتقاندەك. چۈشۈمدە چوقۇم ھۆر-پەرىلەر بىلەن بىرگە بولىمەن. ئەمدى ھېچنەرسىنى ئەسلىيەلمىدىم. كاللامغا ئۇيقۇغا قانداق غەرق بولۇش توغرىسىدىكى پىكىردىن باشقا نەرسە كەلمىدى. ئۇيقۇ، قەلب يارىسىنى تۈگمەس ئەللەيلىرى بىلەن بەزلەيدىغان، قالايمىقان خىياللاردىن ئازاد قىلىدىغان مېھرىبان ئۇيقۇ. ئەمدى پەقەت كاللام مۇئەللەقتە ئۈزۈپ يۈرەتتى. دىمىقچىلىق، داۋاز. ھەي باقەم، دېگەن ئاۋاز. بەدىنىم پۈتۈنلەي ئۇنتۇلدى. ئەمدى ئازابتىن قۇتۇلغاندەك تۇيغۇغا كەلدىم. قانداق تاتلىق، گۈگۈمدەك كۆزدەك مېھرىبان. مەن ئۇخلىشىم كېرەك، بۇ شېرىن بىر ئۇيقۇ...

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

ماموت زايت

# سۆيگۈ چاقىماقلىرى

## 1

سىخىي ساقىي، جام-شاراب كەلتۈر ماڭا،
نە شاراب، ئابىھايات كەلتۈر ماڭا.
چەككىلى ئىشق نەزمىسگە زەر نەقىش،
ئىقتىدار ھەم ئىجتىھات كەلتۈر ماڭا.
تاۋلىسۇن پىكرىمنى تۇرمۇش ئۇچقى،
بوۋىلاردىن تەلىمات كەلتۈر ماڭا.
ئۆلپىتىم بولسۇن ئىجاد ئۇستازلىرى،
ئەلشىردەك پىر-ھىمات كەلتۈر ماڭا.
تەق بولۇپ تۇرسۇن مۇقام ماھىرلىرى،
نەغمىدە 《ئۇشاق》، 《بايات》 كەلتۈر ماڭا.
ئىشق ئوتىدا جان قۇشۇم ئاغرىق بۇگۈن،
ئۇچقىلى بىر جۇپ قانات كەلتۈر ماڭا.
تۆلىدىم سۆيگۈ، ئىجادقا كۆپ بەدەل،
ئەمدى ياردىن ئىلتىپات كەلتۈر ماڭا.
بەك ئۇزۇندۇر قۇت-ۋىسالنىڭ مەنزىلى،
بۇ سەپەرگە ياخشى ئات كەلتۈر ماڭا.
ياڭرىسۇن ھىچ توختىماي ماموت كۈيى،
بىر ئۆمۈر ئىلھام، سۇبات كەلتۈر ماڭا.

## 2

دۇر-گۆھەر ئەمەس جۇلاسى بولمىسا،
مىس تاۋاقتۇر كۈن، زىياسى بولمىسا.
قەدرى زەرنىڭ قىز-ئايال، زەرگەر بىلەن،
ئەكسىچە تۈچ، مەھلىياسى بولمىسا.
قاتما زىبانى گۈزەللەر سىيىگە،
چىھرىدەك قەلبى، ھاياسى بولمىسا.
ماختىنار ئاشىقلىقىدىن گاھىلار،
بەلكى كاززاپتۇر ۋاپاسى بولمىسا.
قۇچمىغاي جەڭگاھتا شان پالۋان يىگىت،
چىن مەدەتكار ھۆرلىقاسى بولمىسا.
ئاتما ئالىم، ئەدىب-يازسا ئەسەر
ئەلنى ئويغاتقان ساداسى بولمىسا.
بەزىلەر مەست ساختا شۆھرەت ئالدىدا،
پوچى ئۇ تۆھپە بىناسى بولمىسا.
سانىما ئىنسان ئۇنى، ئاشىق ئۇنى،
خەلقىنىڭ، يارنىڭ پىداسى بولمىسا.
دېمە ماموتنى تىرىك ئەل ئالدىدا
ئاتەشىن نەزمە-ناۋاسى بولمىسا.

## 3

ئەجەب ئۇچراپتىمەن رۇخسارى چولپانغا،
گۈزەللىك تەختىنىڭ ساھىبى سۇلتانغا.
يۈزى ئاپتاپ، بويى سەرۋى، لىۋى غۇنچە،
جىلتىكە، كۆڭلىكى ئوخشايدۇ گۈلخانغا،
قەدەم ئالسا قىياسى ئەينى بىر ئاھۇ،
سىياھ چاچ ئۆركىشى تەققاسكى ئوكيانغا.
چاراقلار كەشتە بۆكىدە تومەن خىل گۈل،
سەۋەبكار قوي كۆزى، گۈلگۈن زىناقى ئىشقى غەليانغا.
ھۆسنىنىڭ ئىقلىمىدە يەككە-يىگانە،
ئۇنى تەڭلە شتۇرۇش تەس قىزغا — ئىنسانغا.
مۆھەببەت تەگرىسىمۇ يا پەرىزاتمۇ؟
تەئەللۇقمۇ ماكانى ئەرشكە، رىزۋانغا؟
تەبەسسۇم-نازىدىن بولدى بەدەن سىماب،
بىھوشمەن، دەسسىدىم گوياكى ۋولقانغا.
كۆزۈمدىن بولدى غايىب، كۆرمىدىم قايتا،
سوراقلاپ يوللىدىم خەت-نامە ھەريانغا.
كۆكۈل دەر: ئۆز دىيارىڭ گۈلى بۇ دىلبەر،
جاپا چەكمەي يېتەلمەس ئاشىق ئارمانغا.
كېچىپ سۇ، تاغدىن ئاشتىم، دەشتۇ چۆل كەزدىم،
بولۇپ ھەمراھ سەپەردە قانچە كارۋانغا.
پەختىلىكسەن بۈگۈن مامۇت، ئوچۇر كەلدى:
يېتىشكە ئازلا قالدى ۋەسلى جانانغا.

## 4

بولدى ئىنسان ئەھلىگە خاقان ئىشق،
سالدى نى كويغا ئۇنى ھەر ئان ئىشق.
كىم بىلەر ئاشىق ۋە مەشۇق سانىنى،
ھەممىنى قىلدى ئەسىر-قۇربان ئىشق.
ئۇ ھەمىشە مەرد، سېخىي، پاكلىققا باي،
سۇرسىمۇ شۇنچە ئۇزاق دەۋران ئىشق.
قىلدى ئىشغال بارچە قەلبلەر تەختىنى،
مۇزلىغان تەنگە يېقىپ گۈلخان ئىشق.
بولمىسا ئۇ گۈللىمەيتتى يەر-جاھان،
قىلدى كۆرمىڭ دەشتنى باغ-بوستان ئىشق.
يەڭدى ئىشق جاللاتلىرىنى دائىما،
شىددىتى، كۈچ-قۇدرىتى ۋولقان ئىشق.
قانچە تاغلار چۆكتى، ئوكيان بولدى چال،
نەۋقىرانلىق كۆكىدە چولپان ئىشق.
بولدى مامۇت ئۇ ساڭا ھەمراھ ھامان،
ئەرزىگەي بەرسەڭ ئاڭا مىڭ جان، ئىشق.

## 5

خەت ئەۋەتتىم، بەر جاۋابىنى، قىل ئىلاج،
قىينىما باغرى كاۋاپنى، قىل ئىلاج.
كۆرمىسەم بولغان ئىكەن باشتا سېنى،
يوقلىغىن ھالى خارابنى، قىل ئىلاج.
مەست-بىھوش بولدۇم رىيازەت چۆلىدە،
كەلتۈرۈپ چاچقىن گۈلابنى، قىل ئىلاج.
قالدۇ ئاشىقمۇ گاھ يولدىن ئېزىپ،
يوقىتىپ ئالۋۇن-سەراپنى، قىل ئىلاج.
بول ئېغىر پەيتلەردە ھەمدەم رەھنەما،
ئىزگۈلۈكتىن ئال ساۋابنى، قىل ئىلاج.
ئەلمىسەڭ تۈنۈپ كېسەلنى، گەپ بىلەن،
ئەملە ۋەسلىڭدە بىتابنى، قىل ئىلاج.
گاھى تەشۋىش، گاھ ئۈمىد ھەمراھ ماڭا،
تۈگىتىپ غەم-ئىزتىراپنى، قىل ئىلاج.
سۆزلىيەلمەيمەن قېشىڭدا گاچىدەك،
ئوقۇ نەزمەمنى — كىتابنى، قىل ئىلاج.
كۆل قىلار دوزاخنىمۇ ئىشقىم ئوتى،
ئاڭلا مامۇتتىن خىتابنى، قىل ئىلاج.

6

نامى چۈشمەس تىلىمدىن بىر زامان ھەرگىز،
ئەمما مېنى ياد ئەتمەس ئۇ جانان ھەرگىز.
ئۇنىڭ ئۈچۈن زېمىننى قىلدىم لالىزار،
بولمىدى ئۇ بېغىمغا غەزەلخان ھەرگىز.
ئاي ۋە بولۇت تەشۋىشتە مېنىڭ ھالىمدىن،
يورۇتمىدى تېگىمنى ئۇ چولپان ھەرگىز.
تاشلار ئېرىپ سۇ بولدى ئوتلۇق ئاھىمدىن،
كۈلۈپ يۈرەر، يات ئاڭا دەرد-پىغان ھەرگىز.
ئوت پاختىدا جىم ياتماس، سۆيگۈ كۆڭۈلدە،
مۇھەببەتنى ساقلاش تەس سىر-پىنھان ھەرگىز.
تارتسام قانچە رىيازەت ئۈزمىدىم ئۈمىد،
بىلىنمىدى مۇشەققەت بۇ ھىجران ھەرگىز.
نى-نى گۈزەل پەرىلەر توستى يولۇمنى،
بۇلغانمىدى ۋە لېكىن پاك ۋىجدان ھەرگىز.
ئىشق چۆلىدە مەجنۇندەك يۈرىمەن كېزىپ،
بولمىدى ئۇ لەيلىدەك مېھرىبان ھەرگىز.
كۆڭۈل بېرىپ جانانغا، مامۇتتەك ھېچكىم
ۋىسال قۇچماي، بولمىسۇن باغرى قان ھەرگىز.

7

گۈلزارلىقتا يۈرمەككە رەنا بائىس،
شېرىن سۇخەن سۆھبەتكە دانا بائىس.
كۆيۈپ پىراق ئوتىدا يۈرەر كۆپلەر،
بۇ سۆيگۈگە ئاي پەرى-بەرنا بائىس.
ئالتۇن ئىرا ياشلىقنىڭ قىممىتىگە
ئەخلاق، بىلىم، مۇھەببەت-ھايا بائىس.
مويسىپىتلىق-دانالىق، ئۇنى سۆكمە،
قەدىرلەشكە ئۆمۈرنى مەنا بائىس.
مەردلىك، ئىنجاد، كەشپىيات نۇسرىتىگە
تومۇرلاردا ئوخچىغان دەريا بائىس.
ئۆتتى تۆھپە قالدۇرۇپ كۆرمىك ئاقىل،
ئىنسانلىققا قەلب، تۆھپە-زىبا بائىس.
ئۈزمەس ئادەم ھاياتىنىڭ دىل رىشتىنى،
ئاڭا ئۈمىد نۇر تولغان دۇنيا بائىس.
كۈنلەر، تۈنلەر يازغىلى نەزمە، مامۇت،
قەلبىڭدىكى يالقۇنلۇق ماگما بائىس.

8

ئاتا-ئانا رەسسامۇ يا ھەيكەلتىراش،
يەر يۈزىدە جامالىڭ قوزغىدى تالاش.
چولپان كۆزۈڭ تولدۇرسا ئەتراپىنى نۇرغا،
كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ ئاتار ئوقيا قاش.
قىزىلگۈل دەپ قالغاچقا لېۋىڭنى بۇلبۇل،
ئەتراپىڭدا ئايلىنىپ تۆكەر پىغان، ياش.
قامىتىڭدىن چىنار لال، مەڭزىڭدىن شەپەق،
جىمى ئاشىق قويۇپتۇ ئايىغىڭغا باش.
كۈندۈزى كۈن، تۈندە ئاي نۇر ئالغاچ سەندىن،
نامە-تەكلىپ ئەۋەتمىش بولساق دەپ ئاداش.
ئۆزلۈكىڭگە ياراشقان پاكلىق، ساداقەت،
قەلب رىشتىڭ ئەل غېمى-دەردىگە تۇتاش.
ئۇدۇم ساڭا كەمتەرلىك، سېخىيلىق، سۇبات،
چوڭ-كىچىككە مېھرىبان، كۆيۈمچان قاياش.
زېمىن مەپتۇن، كۆك مەپتۇن، قەلبلەر مەپتۇن،
سەندە بارچە گۈزەللىك مۇجەسسەم ۋە پاش.
چىرايلىقلار بۆشۈكى خەلقىم، دىيارىم،
ئەي پەرى، سەن مامۇتنىڭ قەلبىدە قۇياش.

9

گۈل شاراب كەلتۈر نىگارىم، تۇت قەدەھ،
ئاشىق تەشنالىق — خۇمارىم، تۇت قەدەھ.
بەك بىزار قىلدى ھەسەت، رەشك ئوغىسى،

خىلى جىق تارتقان ئازارىم، تۇت قەدەھ.
بىر كۈنى مىڭ كۈن تۈيۈلدى ھىجرىنىڭ،
پۈتتى تاقەت ھەم قارارىم، تۇت قەدەھ.
قۇترىغان جۇتلاردا تۇردۇم تىك، غەيۇر
رىغبىتىڭدە گۈلئۈزارىم، تۇت قەدەھ.
سېغىنىشتا ئۆتتى قانچە كۈز ۋە قىش،
تەستە كەلدى بۇ باھارىم، تۇت قەدەھ.
قۇت-ۋىسال قۇچتۇق زەپەر ئەييامىدا،
ياڭرىدى ناخشا-دۇتارىم، تۇت قەدەھ.
دەردتە تولغاندى ھەسەتخور چىدىماي،
سەن مېنىڭ باغرىمدا يارىم، تۇت قەدەھ.
ئالدىمىزدا يول ئۇزۇن، مەنزىل يىراق،
بول ھامان قەيسەر چىنارىم، تۇت قەدەھ.
دەيدۇ مامۇت، بىللە ئاتلايلى ئەسىر،
جان نىسارىم، غەمگۇزارىم، تۇت قەدەھ.

10

بولدى ياش دەرۋىش مازار ياققا راۋان،
يوق ئىدى تەقۋالىقىغا شەك-گۇمان.
ئۈستىدە تون، قولىدا تەسبىھ ئۇنىڭ،
زىكرى-سۆھبەتتە ئىدى كۆڭلى شۇئان.
ۋاھ، تۇيۇقسىز ئۇچرىدى بىر پەرىۋەش،
بويى زىبا، كۆزى ئوت، قېشى كامان.
خۇددى ئوق تەگكەن كەبى دەرۋىش بىھوش،
ئورنىدا قالدى تۇرۇپ جىم، بى زۇۋان.
ئاھ، پەرى-جەننەت ئىنكەنغۇ يەردىلا،
ياشىدى قەلبىدە چىن سۆيگۈ قىيان.
ئەسلىدى غەپلەتتە ئۆتكەن ئۆمرىنى،
باشقىچە گۈزەل كۆرۈندى بۇ جاھان.
غەلىبە قىلدى ھايات، سۆيگۈ شۇ ئاپ
قىلدى دەرۋىشنى ئەسىر ئايدەك جانان.
ئۇنتۇدى مازار-ماشايىخ-ھەممىنى،
ماڭدى قەبرىستان ئەمەس، دىلبەر تامان.

كەلدى يادىمغا ناۋايى نەزمىسى،
سۆيگۈدىن ياشنار زېمىن، ئادەم ھامان.
ئويلىدى مامۇت: جاھالەت بىر كۆپۈك،
يوق مۇھەببەتكە زاۋاللىق ھېچقاچان.

11

ئەگەر كۆرمەي دېسەڭ دەردۇ بالا ھەرگىز،
ۋاپاسىز يارغا بولما ئاشىنا ھەرگىز.
ئۇنىڭكى شەپقىتىدىن دەرد-غېمى كۆپتۇر،
ساڭا خۇي-خىسلىتى كەلمەس راۋا ھەرگىز.
سەتەڭدەك جىلۋە قىلغاي ھېجىبىپ باشتا،
ئىشەنمە، بولما ئەسرار، مەھلىيا ھەرگىز.
سېنىڭدىن سىر ئېلىپ يايغاي جىمى ياققا،
ئازايماس مۇلكىدىن پىتنە-رىيا ھەرگىز.
قارا كۆڭلى قاراڭغۇ گۆرگە ئوخشايدۇ،
ئۇنىڭدىن ساڭا ياغماس نۇر-زىيا ھەرگىز.
بولۇپ گۈل-ساددا، كۆرمە ئۇنى لوقماندەك،
زەھەرلىك قولى يەتكۈزمەس شىپا ھەرگىز.
بولار دۈشمەنلىرىڭگە مېھرىبان، ھەمدەم
ئۇنىڭدىن سەن تەمە قىلما ۋاپا ھەرگىز
بىلەر مامۇت، ئېسىل ئالتۇن ياتار قۇمدا،
تونۇپ ئال، تاللىما يارنى خاتا ھەرگىز.

12

بىخ سۈرۈپ چىقتى كۆچەتتە يېڭى بەرگ،
ئىدى بەك يۇمران شۇ پەيتتە يېڭى بەرگ.
ئۆتتى كۈنلەر، كۈچ ئېلىپ تۇپراقتىن ئۇ،
ئۆستى بىر بوۋاق سۈپەتتە يېڭى بەرگ.
قوشتى شاخنىڭ ھۆسنىگە قالتىس ھۆسن،
چاقنىغان زۇمرەت سۈرەتتە يېڭى بەرگ.
بىخلىدى ئازغۇن تەمەننا كۆڭلىدە،

uyghurkitap.com


بىرلا مەن، دەپ تەبىئەتتە، يېڭى بەرگ.
ئىلمىدى يىلتىزنى، يەرنى كۆزگە،
گىدىيىپ كەتكەچ سۆلەتتە يېڭى بەرگ.
(تۇرىمەن دائىم يېشىل ھەم نەۋقىران)
ئىدى ھەردەم شۇ نىيەتتە يېڭى بەرگ.
كەلدى كۈز، تەگدى تەبىئەت ئۇششۇكى،
ئاھ، دېدى خورسىندى دەردتە يېڭى بەرگ.
تىركىشىپ باقتى تۇرالماي شېخىدا،
چۈشتى پەسكە، قالدى چەتتە يېڭى بەرگ.
قىلما مامۇت ياش-قىرانلىققا كىبىر،
نېمە بولدى ئاقىۋەتتە يېڭى بەرگ؟

## 13

مەن كۆردۈمكى ئاي يۈزۈڭنى قاچان،
مەھلىيا بولدۇم ئىشقىڭغا شۇئان.
قۇياشمۇ خىرە ھۆسنۈڭ ئالدىدا،
سەن پەرىزاتمۇ ۋە ياكى ئىنسان؟
جۈپ لېۋىڭ قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى،
كۆتەردىم بۇلبۇل كەبى داد-پىغان.
پاك مۇھەببەتنى چۈشەنمىگەنلەر
كۆرۈشتى مېنى مەجنۇن ۋە نادان.
سۆز-چۆچەكلەرگە قىلمىدىم پەرۋا،
ئۈمىد، سۇباتتا ياشىدىم ھامان.
ئۆرنەكتۇر ماڭا پەرھاد مەردلىكى،
ئىشەنچىم تولۇق ۋەسلىڭگە جانان.
ئاشىققا شېرىن سۆيگۈ جاپاسى،
مەنزىل كۆرۈنمەس ئاشمىساڭ داۋان.
ھىجران، رىيازەت تاۋلايدۇ ئەرنى،
بۇ تۇرمۇش ھەرخىل قىسمەتكە ماكان.
بىلىندۇ مامۇت: چەكسىزمۇ پىراق،
كۆڭۈللۈك گۈزەل سۆيگۈدە جاھان.

## 14

قىلمەن دائىم ۋىسالىڭ ئارزۇ،
ھۆر-پەرى يەڭلىغ جامالىڭ ئارزۇ.
سېغىنىشتا ئۆتتى كۈن ۋە ئايلىرىم،
باغدىمەن، غۇنچە نىھالىڭ ئارزۇ.
ھىجرى دەشتىدە يۈرۈيمەن تەشنا لەب،
زەپ شېرىن ئابى زۇلالىڭ ئارزۇ.
ھەر سابا، تاڭ چاچىدۇ ئىشقىمغا ئوت،
دىمىقىمدا ھىد-شامالىڭ ئارزۇ.
تەڭرىدىن تىلەك تىلەيمەن سەن ئۈچۈن،
شەۋكىتىڭ، نۇسرەت، كامالىڭ ئارزۇ.
پوچتىكەش كەلسە قارايمەن تەلمۈرۈپ،
دائىما نامە-سالامىڭ ئارزۇ.
شوخ ناۋا — كۈلكەڭدە بۇلبۇلنىڭ ئۈنى،
قىلمەن ناخشا — مۇقامىڭ ئارزۇ.
تەگمىسۇن كۆز، يۈز ئىسپ كۆز مۇنچىقى،
مەن ئۈچۈن يۈكسەك مەقامىڭ ئارزۇ.
ئىنتىلەر مامۇت ساڭا مىڭ كۆز بىلەن،
قايدىسەن يار؟ شۇ سوئالىڭ ئارزۇ.

## 15

ئىنسان بولۇپ تۇغۇلدۇڭ، ئالەم ياخشى،
ئەتراپىڭدا مۇتلەق كۆپ ئادەم ياخشى.
ئەمگەك بىلەن گۈزەلدۇر زېمىن، ھايات،
ئۆتسە ھەممە ئۆزئارا ھەمدەم، ياخشى.
نەچچە يىللىق ئىپتىكاپ، ئىبادەتتىن،
ئەل نەپىگە ماڭغان بىر قەدەم ياخشى.
ئاۋام ئۈچۈن نەپ يوقماس نەچچە تەختتىن،
ئەلنى بىر رەت خۇش قىلغان قەلەم ياخشى.
خىيانەتلىك بايلىقتىن، كەيپ-ساپادىن،
پاك پەقىرلىق غۇربىتى-ئەلەم ياخشى.

غەيريلەرگە يېلىنىپ ياشىغاندىن
ئەل-يۇرتنى دەپ كۆرگەن دەرد-سىتەم ياخشى.
جاراھەتلىك يۈرەككە قورۇق گەپتىن،
دوختۇرغا خاس تەسەللى-مەلھەم ياخشى.
ئارزۇ قىلماي جەننەتنى ئۆزۈڭ قورغىن،
ھۆر-پەرىدىن ئۆيدىكى سەنەم ياخشى.
يالغۇز كۆرگەن بەختتىن، ماموت ساۋا،
خەلقىڭ ئورتاق مۇسىبەت-ماتەم ياخشى.

## 16

تۇرۇپ قەبرەڭ بېشىدا ئانچىنان پۇرسەت،
دىلىمدا قىسمىتىڭگە ئوخچىدى ھەسرەت.
كى ئۆزبېك ئوغلى، نادىر شائىرى ئەردىڭ،
چۈشۈپتۇ ھىجرىدىن باشىڭغا جىق كۈلپەت.
ئۇلۇغبەگنىڭ دىيارى ئۆز ئېلىڭ، يارىڭ،
ئۇ جايدا گۈللىگەن ئىرپانۇ پەن-سەنئەت.
ئىراق كەتتىڭ تۇرالماي ئانا يۇرتۇڭدا،
جۇدا قىلدى ۋەتەندىن لەنىتى زۇلمەت.
قۇچاققا ئالدى يەكەن، بىلدى پەرزەنتى،
ئىگىز كۈندە ساۋا كۆرسەتتى كۆپ شەپقەت.
زەرەپشان بەردى زەمزەم، سۇندى قوشراپ① بال،
ئاناڭدەك بۇ دىيار بەخش ئەتتى كۈچ-قۇدرەت.
خەلق دەردىگە مەلھەم بولدى كۈي-نەزمەڭ،
سېنى ئۆز شائىرى بىلدى، قىلىپ ئىززەت.
جاھان كۆردى: قىرىندا شىلىق-بۈيۈك، ئەلا،
ئىجادىڭغا بۇ سۆيگۈ بەردى شان-نۇسرەت.
مۇقامدىن تاپتى ماموت نەزمە-شېئىرىڭنى،
ھايات ئۇيغۇر مۇقامى، سەن ھايات قۇرقەت...

## 17

دېدى مۇردا: ئويلا تەختىمنى، دەرىخ،
كۆر، ياغاچ ئاتلىق بۇ تەختىمنى، دەرىخ.
ياشىدىم ھايتاق بولۇپ، لۆكچەك بولۇپ،
بىلمىدىم ياشلىقتا بەختىمنى، دەرىخ.
مىڭ پۇشايمان قىلدى تۇغقانغا ئانام،
قىلمىدىم شاد يۇرت ۋە خەلقىمنى، دەرىخ.
ئۆتتى ئاي-يىللار بىھۇدە، مەنىسىز،
سەرپ ئېتىپ ئىشرەتكە ۋاقتىمنى، دەرىخ.
قىلمىدىم دەۋەت ئىجاد، ئىرپانغىمۇ،
قالدۇرۇپ غەپلەتتە نەسلىمنى، دەرىخ.
تۇتقۇزۇپ خەققە ئاتامنىڭ مۈلكىنى،
سورىدىم بايلىقنى، ۋەسلىمنى، دەرىخ.
ياشىدىم غۇربەتتە، بولماي ھۆرمىتىم،
چاقمىدىم ئەجرىمدە قەنتىمنى، دەرىخ.
مەن كىرىپ مۇزدەك لەھەتكە ئەتىسى
ئۇنتۇدى ئەل نامۇ ئەسلىمنى، دەرىخ...
شۇ مېيىتتەك دېمە دوستۇم بىركۈنى:
تاپمىدىم قاندا قىچە ئەقلىمنى، دەرىخ!

## 18

تىنچ-ئىناق ئۆتەيلى دېسەڭ سەن ئەگەر،
تۇرمۇشنى تەپتەكشى ئويلىما دىلبەر.
ھاياتتا بولمىغىن ساددا، گۆل-نادان،
بۇ جاھان بى تۇراق، پەلەك ھىيلىگەر.
ئامەتنى مارايدۇ رۇجەكتىن ئاپەت،
ئىنسانغا بال گاھى بولىدۇ زەھەر.
ئاي چىراي، گۈل ياشلىق ئەمەس تۇر باقىي،
سۇبھىنىڭ كەينىدە پېشىن، شام، دىگەر.
پۇل، مەنسەپ كىشىگە پانىي ئامانەت،
سائىلغا ئايلىنار گاھى باي زەرگەر.
توشقانلار ھۇركىسە ئۆز سايىسىدىن،
يالقۇندىن ساق چىقار سۇمۇرغ، سەمەندەر،
تاللايدۇ، شاللايدۇ تۇرمۇش ئۇچقى

① قوشراپ — يۇرت نامى

ۋىجدانىدا كىم غەنى، كىملەر قەلەندەر.
مەرد، غەيۇر، ئۈمىدۋار ئاقىل كىشىگە
مۈشكۈلات ئاساندۇر، ئىقبال مۇنەۋۋەر،
مامۇتقا ئۆمۈرلۈك يار بولاي دېسەڭ،
تۇراقسىز ھاياتتا بول ھامان قەيسەر.

19

كۆتمە تەقدىرىڭنى ئەسلا شەخسىدىن،
يۈكۈنۈشتىن، سوۋغىدىن ھەم تەخسىدىن.
ئۆزىنى بەگ، ئۆزگىنى قۇل كۆرگۈچى
كەم ئەمەس بۆرە-قاۋاندەك ۋەھشىدىن.
ئويلىغاي ئاۋۋال ئۆزىنى، سەن ئەمەس،
ئاشمىغاي پايدا-تاپاۋەت نەپسىدىن.
ئىتتىرەر گۆرگە سېنى كەلسە بوران،
ئۆزىنى قۇتقۇزغىلى گۆر-ھەپسىدىن.
ئازدۇرۇپ، ئالداپ قېرىنداش، دوستىنى
ئايرىغاي ھەممە پاراغەت-ۋەسلىدىن.
بىلدۇ ئەۋزەل تېرىقتەك نەپ ئۈچۈن
ئەلگە جۇتلۇق قىشتى كۆكلەم پەسلىدىن.
جىق بۇ ئىش بەرگەن ساۋاق، تارتقان زىيان،
داد، دېگەن كۆپلەر ئۇلارنىڭ دەستىدىن.
ئاق كۆڭۈللۈك، ساددىلىقنىڭ چېكى بار،
قىلغۇلۇق ھەزەر رىياكار قەستىدىن.
تەقدىرىڭ ئىلكىڭدە مامۇت، تەر تۆكۈپ
بەھرى ئال ساڭا تېگىشلىك ھەسسىدىن...

20

كۈزمۇ كەلدى، تۆكۈلدى شاخلاردىن ياپراق،
زۇمرەت تونسىز يالىڭاچ بولدى يەر-تۇپراق.
باغلار گۈلسىز، ئېتىزلار مايسىسىز-تاقىر،
چۆمدى سۈكۈت ئىلكىگە تاغ-دالا، يايلاق.
كەچمۇ كىردى جان ئوغلۇم، يېنىمدا سەن يوق،
كۆرۈندى ئاي بەك خىرە، بولسىمۇ چاقناق.
دېرىزىدىن قارايمەن قارلىق تاغلارغا،
ئۆتكۈزىمەن كېچىنى كۆز يۇمماي ئويغاق.
گۈللەر قانچە ئېچىلدى، قانچە تۆكۈلدى،
كەتكىنىڭگە چەت ئەلگە بولدى بەك ئۇزاق.
چۈشىنىمەن قەلبىڭنى، سالدى پۇرقەتكە
ئىككىمىزنى بىلىمگە، ئەلگە ئىشتىياق.
دوكتۇر بولۇپ كەلتۈردۈڭ مىللەتكە شەرەپ،
ئاڭلاپ شادلىق يېشىمغا تولدى كۆز چاناق.
ئاتاڭ مامۇت ئىنتىزار، ئەل-يۇرت ئىنتىزار،
تۇرنا بىلەن باھاردا قايتىپ كەل پاتراق...

21

خۇشالمەن سېنى دىلبەر ناگەھان كۆرگەچ،
چىراي يىڭدا ساداقەتتىن نىشان كۆرگەچ.
يۈرەككە تەگدى كىرپىك ئوقلىرىڭ دەم-دەم،
قوبۇل ئەتتىم ئۇنى جىسمىمغا جان كۆرگەچ.
كۆزۈڭ قىلدى تەبەسسۇم-ناز بىلەن مېھمان،
سۆيۈندۈم سېنى بەكمۇ شادىمان كۆرگەچ.
مۇقەددەس ئىشق ئوتۇڭ باغرىمنى پىچ قىلدى،
تېنىمنى ئۆزگە باب خانىدان كۆرگەچ.
ھامان ئالدىڭدا تىل لال، تەنلىرىم ياپراق،
سېنى تەڭرى كەبى پاك، مېھرىبان كۆرگەچ.
قارا، تۇم چاچلىرىڭ جان رىشتىسى گويا،
كۆڭۈلدە قوزغىغاي ئىشق-غەلىيان، كۆرگەچ.
چىمەن دوپپاڭ چىمەنمۇ ياكى گۈلزارمۇ؟
چېكەر بۇلبۇل شۇڭا پەرياد-پىغان، كۆرگەچ.
قېشىڭ مېھرابى بولدى سەجدىگاھ — كەئبەم،
ئۇنى ئۆمرۈمگە ئىقبال، قۇت ۋە شان كۆرگەچ.
پەزىلەت ۋە ھايادا چاقنىدىڭ ئايدەك،
ۋاپاسىزلىق، رەزىللىكنى يامان كۆرگەچ.

سىنى شەرق گۈزىلى دەپ كۈيلىدىم ھەردەم، ساماۋىي ھۆر-پەرى ماھۇتقا بى لازىم،
گۈزەللىك تەختىدە شاھى جاھان كۆرگەچ. دىيارىمدا بويۇڭنى ھەر زامان كۆرگەچ.

٤

**ھوشۇر ئىبراھىم**

## غەزەللەر

### 1

دوستى-ياران رىغبىتىدىن مىسلى بوستاندۇر كۆڭۈل،
دۈرى-مارجان سۆھبىتىدىن گۈلى رەيھاندۇر كۆڭۈل.
دىل خۇشى-ئالەم خۇشىدىن پەزلى ئىنسان مۆتىۋەر،
مۆتىۋەرلەر خىسلىتىدىن تەپتى گۈلخاندۇر كۆڭۈل.
باغدىكى گۈللەر ھىدى دىللارنى خۇش بوي ئەيلىگەي،
خۇش ناۋا بۇلبۇل ئۈنىدىن يەنە خەنداندۇر كۆڭۈل.
ئەجرىدىن پىشقان يىمىشلەر لەززىتى شىرىن-ھەسەل،
خۇشلۇقى قەلبىگە تالىق يۈز گۈلستاندۇر كۆڭۈل.
كىمكى مەيخورلارغا ئۈلپەت دوستلۇقى مەي جامىدا،
قان قىزىپ بولغاندا بىھوش دەردتە پايخاندۇر كۆڭۈل.
كىم ھەسەت، پىتنە-پاساتچىلارغا بولسا ئاشنا
ئازغۇسى توغرا يولىدىن، پەيلى شەيتاندۇر كۆڭۈل.
كەم ئەقىل سەيناسىدا ياخشىغا ھەمدوست، يار-يۆلەك،
نۇر چىچىپ چىققان قۇياشلىق كەڭرى ئاسماندۇر كۆڭۈل.

### 2

ئاۋلىنىپ خەنجەر بولۇپ چىقتىم كۆزۈڭ يالقۇنىدا،
(سوغۇرۇپ ئالدىڭ جىنىم مىھرىڭ سۈيى دولقۇنىدا)
ئۈلدىڭ رىشتىمنى رىشتىڭگە ئۈزۈلمەس چىڭ قىلىپ،
يىشىلىپ كەتمەس ئەبەدكە چاك-توزان ئۇيقۇنىدا.
ساڭا بولغان ئىتىقادىم قانغا سىڭدى، ئەي جانان،
ئازدۇرالماس مىنى شەيتان سۆيگۈنىڭ غۇلغۇنىدا.
بىسلىرىم كەتمەس يىنىپ يارسام توسالغۇ باغرىنى،
توختىماس كەسسەم تىۋىلغا ھەمدە چۆل يۇلغۇنىدا.

www.uyghurkitap.com

سەن ۋاپا قىلساڭ ئۆمۈرلۈك داتقا يەم بولماس تىغىم،
دىل بىغىم بولماس خازان بەلكى جۇدۇن سۈلغۇنىدا.

3

هاياتلىق بىر ئەزىم دەريا، چېپىپ تۇرساڭ چېمى پۈتمەس،
ئەگەر چاپماي بىخۇد بولساڭ چۆشەر لاتقا-لېيى پۈتمەس.
هاياتلىق قەۋمى هەرىكەتتە، ئۇنىڭ يادروسى ئادەمدۇر،
يۈرەك هەرىكەتتە دائىملىق، ئۇ ئادەمنىڭ دېمى پۈتمەس.
شۇ دەم-قۇتلۇق نەپەس بىرلە هاياتلىق گۈلباهار پەسلى،
لېكىن، بىردەم ۋىسال تاپسا يەنە بىرنىڭ كېمى پۈتمەس.
شۇ كەمنى تولدۇرۇش ئىستەك كىشى هەرىكەتتە دائىملىق
ئۈزۈلمەي تامچىلاپ تۇرغان شۇ ئىستەكنىڭ غېمى پۈتمەس.
كىشى ئۆمرى هاياتلىقتا پەقەت بىر تال قىزىلگۈل، بەس،
داۋاملىق گۈل ئېچىپ تۇرغان هاياتلىقنىڭ بېغى پۈتمەس.
هاياتلىق شامى نۇر چاچسا بولۇر گۈل مەڭگۈگە ئالەم
كۆيۈپ ئۆچكەندە بىر تال شام، يانار مىڭلاپ شېمى پۈتمەس!

**قەييۇم سوپى**

# كۆزلىرىڭ سۈبھىنىڭ سۈزۈك ئاسمىنى

## قىزىللىق بېرىسەن

تاڭ سەھەر ئەركىلەپ چىققان قۇياش سەن،
جىلۋىلىك باقسەن كۆزلىرىمگە سەن.
مۇھەببەت باغرىدا كۈلگەن ئۇپۇقسەن،
قىزىللىق بېرىسەن يۈزلىرىمگە سەن.

كۆزلىرىڭ سەھەرنىڭ سۈزۈك ئاسمىنى،
سۆزلىرىڭ باهارنىڭ كۈيى تاشقىنى.
سەن شۇنداق گۈزەللىك پەرىسى تۇرساڭ،
قانداقمۇ سۆيمەن سەندىن باشقىنى؟

## ئايمۇ مۇنداق قارالماس ئىدى

كۈلۈمسىرەپ قارىدىڭ ماڭا،
ئايمۇ بۇنداق قارالماس ئىدى.
كۆزۈڭدە نۇر،
كۈندىنمۇ بەلكىم
بۇنچىلىك نۇر تارالماس ئىدى.

پۈرەكلىشى غۇنچىنىڭ تاڭدا
لەۋلىرىڭنى ئۈلگە ئالغىنى.

بۇلبۇللارنىڭ كۈيدىن توختىشى
كۆلۈشكەندىن ئۈيدا قالغىنى.

ئىقبال نۇرى ئۆزۈكسەن كۆلۈم،
تەستۇر سەنسىز تاڭلار ئاتمىقى.
ئىزدىگەننى تاپتىم ئاخىرى،
يوقتۇر ئەمدى باشنىڭ قاتمىقى.

## ئۈمىد ناخشىسى

ئۈمىدنى قۇچاقلاپ تۇغۇلدۇق، ئۆستۇق،
ئۈمىدلەر قىرىماس قىرىساقمۇ بىز.
ئۇ گويا بىر يىلتىز يەرنىڭ تەكتىدە،
كۆكلەيدۇ يەنىلا قۇرۇساقمۇ بىز.

1996-يىل يانۋار، غۇلجا

**مۇھەممەت روزى**

# گۈلگۈن قەترىلەر

## چاچلىرىمدا چېچەكلىدى قار

ئۇزاتقاندا يىللار كۈمۈش جام،
ۋۇجۇدۇمدا كېزەر ھاياجان.
تۇيغۇلارنىڭ شاۋقۇنلىشىغا
تەڭكەش بولار تومۇرلاردا قان.
خانەم ئىچرە نۇرلىنىدۇ ئاي،
قۇت شارابى سۇنىدۇ جانان.

دولقۇنلىنار خىيال دېڭىزى،
خىيالىمدا نۇرلار تاشقىنى.
دىل كۆكىمدە چاقنايدۇ يۇلتۇز،
قەلەم كۈيلەر يېڭى ناخشىنى.
گۈلگۈن ھايات تىنىقلىرىدىن
رەڭ ئالىدۇ قەلبىم ئاسمىنى.

بالىلىقىم، ياشلىقىمنىڭ چۈشى
كەتتى ئۇزاپ تەنتەكلىك بىلەن.
ياشلىقىمنىڭ تەلۋىلىكلىرى
خوشلاشماقتا مەندىن خىيالەن.
چاچلىرىمغا قونسىمۇ كۈمۈش،
يېنىمدا بار ئۆمۈرلۈك لۋەن.

ئەجدادىمدىن تۆرەلگەن تۆھپە
ھەيكىلىمنى تىكلىدى يەرگە.
مۇنچاق-مۇنچاق تەرلەرنىڭ بەھرى
ئايلانغاندا يالتىراق زەرگە؛
تۇپراق ئىشقى بەردى خاقانلىق
بۇ تۇپراقتىن يارالغان ئەرگە.

ئۇزاتقاندا يىللار كۈمۈش جام،
تۇيغۇلىرىم چاقنار بىغۇبار.
ياشلىقىمنى قىلماقتا كۆرەك
چاچلىرىمدا چېچەكلىگەن قار.
مەن يىللارنى كەلگەچ يېتىلەپ،
ھاياتىمغا يار مەڭگۈ باھار.

## ماڭا

ئۆز ئېلىم چۆللىرى بوستانلىق ماڭا،
ياتلارنىڭ باغلىرى ئازغانلىق ماڭا.
شۇڭلاشقا دەيمەنكى، ئۆز ئېلىم ئۈچۈن
بىر ئۆمۈر تەر تۆكۈش سۇلتانلىق ماڭا.

## غەزەللەر

### 1

دىلنىڭ نۇر غەمزىسىدىن مېھرى شەپقەت لالىسى بولدى،
كۆزۈڭ بىمار ئۈچۈن گويا شىپا پىيالىسى بولدى.
ۋەتەن-ئەل ئىشقى بىر يالقۇن كەبى قەلبىڭدە بار ھەر كۈن،
گۈزەل ۋىجدان قۇشۇڭ تىنماي ۋاپا پەيمانىسى بولدى.
جاراھەت پەنجىسى تىرناقلىرىنى سوزسا جانلارغا،
ئەقىدەڭ جان ئۈتىنىڭ ئاھ، ئۇلۇغ پەرۋانىسى بولدى.
كىشلىك قىممىتى ھىممەتتە، ھىممەت مەڭگۈ ھۆرمەتتە،
بۇ ھۆرمەت شاد-خۇراملىقنىڭ بۈيۈك دىلدارىسى بولدى،
يوپۇرماق ياپ-يېشىل بولماقلىقى يىلتىز بىلەن باغلىق،
سېنىڭ شۇ يىلتىزىڭ كۆكلەشلىرىڭ سەرمايىسى بولدى.
ۋەتەن ئۆز رىغبىتىنى، شۆھرىتىنى تاپتى پالۋانىدىن،
پاراسەت يۇلتۇزى مېھنەتلىرىڭ دۇردانىسى بولدى.
قولۇڭ تەگسە ئېچىلغاي گۈل بىۋاق سۇلغان چېچەكلەردىن،
تۇرار گاھىڭ مانا ھەر كىم ئۈچۈن دىل خانىسى بولدى:

### 2

ئېرۇرسەن ئەل ئارا نامسىز-ئاتاقسىز قەھرىمان تەھرىر،
قەلەمكەش ئەھلىگە غەمخور-ئانادەك مېھرىبان تەھرىر.
ئەجىر-مېھنەتلىرىڭدىن زەر بولۇپ كۆز چاقنىتار تۇچمۇ،
ھەۋەسكار ئىشقىيارلارغا ھەقىقىي پاسىبان تەھرىر.
ئۆزۈڭ پەستە ھامان، ئەمما چىقاردىڭ ئۆزگىنى تۆرگە،
ساخاۋەت بابىدا تەڭداش تېپىلماس جانىجان تەھرىر.
ۋۇجۇدۇڭ قەترىسىدە يوق غۇبار، گويا شىپا يامغۇر،
خەلقىڭ قەلبىدە چولپان مىسالى چاقنىغان تەھرىر.
سېنى دەر زوقلىنىپ چەش ئالدىدا گويا خىزىر يەڭلىغ،
شۇڭا سەن ئەگرىنى بايقاپ ئېلىپتەك روسلىغان تەھرىر.
سىنىڭچۈن كۈن ۋە تۈن ئوخشاش، يىراقتۇر ھەمدە رەنجىشلەر،
ئاداقىي دەمگىچە ماڭغان يولۇڭدىن يانمىغان تەھرىر.

لېكىن قەدىرىڭگە يەتكەنلەر ھامان ئاز بولدى، بەك ئەپسۇس،
ئۆزۈڭ بولساڭمۇ نامىسىز، قان-تەرىڭ ئەلگە ئايان تەھرىر.
ئىلىم گۈلشەنلىرى ئىچرە ئۆزۈڭسەن ھەممىگە باغۋەن،
شۇڭا شۆھرەتكە، ھۆرمەتكە، ئەزەلدىن سەن ئىگە، باغۋەن.
قۇياش سەن مەڭگۈ ئۆلتۈرماس ھەقىقىي پاك يۈرەكلەردە،
ئىلىم-پەن نۇرىغا تەشنا سەبىيلەر بەختىگە باغۋەن.
پەقەتلا كەتمىدى زايە ھارارەتلىك يۈرەك ئەجرىڭ،
تامامەن كىردى ئەجرىڭدىن كۆچەتلەر مېۋىگە، باغۋەن.
بىرى ئالىم، بىرى شائىر، بىرىدۇر ئەلگە يولباشچى،
بىرى دەل ئىز باسارىڭدۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە، باغۋەن.
تۇرۇپ مۇنبەردە گەر تۆكسەڭ مۇبارەك لەۋلىرىڭدىن دۇر،
بۇلار ھەر كىم ئىرىشكەندەك تىپىلماس خەزىنىگە، باغۋەن.

كېرىمجان سۇلايمان

# ئالدىمدا ئاقارغان بىر دۇنيا

ئاسمان يۈزىدىن تۆكۈلمەكتە قار
ئاق قۇ قانىتىنى تۇزۇتقان مىسال.
توختىماي دۇنيانى شۇنداق كەزگۈم بار،
چېچەكلەر ئېگىمدا ساماۋى خىيال.
تەبىئەت قوينىدا مەن ئەركىن ئادەم،
ئالدىمدا ئاقارغان چەكسىز بىر دۇنيا.
سەرەڭگە قېپىدەك كىچىكلەپ خانەم،
ئايلىنار ئېسىمدە چېكىتكە گويا.
بېشىمغا كەيگىنىم سالۋا تۇماقتۇر،
ئۇستۇمدە جۇۋا بار، پۇتۇمدا ئۆتۈك.
تىرىق تالقىنىمۇ شېرىن تاماقتۇر،
ئەتنە مەن ئۈچۈن شۇقەدەر بۈيۈك.
ئىزدەيمەن ئۆزۈمنى يىگىتلىكىمدىن،
ئاستىمدا گۆر ئوغلى مىنگەن ئاق بوز ئات.
ئىپتىخار تاپقاندەك قارا مىلتىقتىن،
نىشانسىز ئوق ئۈزۈپ قويىمەن پات-پات.
قارلىق ئورماندىن كېلىدۇ سادا،
لېكىن، يىرتقۇچلار چىقمايدۇ ئىندىن.
دەيمەن: ئۆلجىسىز قويمايدۇ خۇدا،
ئۈۋچى قايتمىسىلا باسقان ئىزىدىن.
..............
ئاسمان يۈزىدىن تۆكۈلمەكتە قار،
ئاق قۇ قانىتىنى تۇزۇتقان مىسال.
توختىماي دۇنيانى شۇنداق كەزگۈم بار،
چېچەكلەر ئېگىمدا ساماۋى خىيال.

**توختاش بەكرى**

# ماموت كۆچمەن

(ھېكايە)

شامالباغ مەھەللىسىدە لەقەمسىز ئادەم يوق دېيىشمۇ بولىدۇ. بوۋىسىنىڭ لەقىمى بالا-چاقا، نەۋرە-چەۋرىلىرىگىچە چېتىلىپ كېلىۋاتقانلارمۇ خېلى بار. بۇ يەردىكى ئادەملەر گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت، چىراي شەكىل، مىجەز-خۇلق، خۇي-پەيلىگە ئاساسەن بىرەر باپ لەقەمنى بىر-بىرىگە ئاسانلا قويۇشىۋالىدۇ. مەسىلەن، كېپىنىڭ تۈتامى يوق، سۆيۈق ئادەمنى تۇزغاق دېيىشسە، ئالدىراڭغۇ ئادەمنى پالاق-پۇلۇق دېيىشىدۇ. بۇ يەردە لەقەم-چاقچاقتا تېرىكىدىغانلار بولمايدۇ. ھەرقانداق مۇھىم گەپ، مۇھىم ئىشى بولسىمۇ، ئالدى بىلەن بىر قەپەس چاقچاقلىشىۋېتىپ، ئاندىن ئەسلى ئىشتىن ئېغىز ئېچىش بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئادىتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ مەھەللىنىڭ شامالباغ دەپ ئاتىلىپ قېلىشىمۇ ئادەملىرىنىڭ ئاشۇنداق خۇش پېئىللىكىدىن ئىكەن.

ئەمدى ھېكايىمىزگە كەلسەك، ماموتاخۇن ئىسىملىك بىرەيلەن تۇغقانلىرىغا تارتىشتىمۇ ياكى شەھەرگە يېقىن، سودا-سېتىق ئىشلىرىغا قولايلىق دېدىمۇ، مۇشۇ شامالباغ مەھەللىسىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بىر ئوبدان قورۇ-جايلىقمۇ بولۇۋالدى. بۇ ئادەمنىڭ مىجەزى مەھەللىدىكىلەرگە ياقسا، خۇش چاقچاق مەھەللە ئادەملىرى ماموتاخۇنغىمۇ بۆلەكچىلا يېقىپ قالدى. ئۇ كىچىك-چوڭ ھەممىسى بىلەن ئوڭايلا چىقىشىپ كەتتى.

بىر كۈنى مەرىكە سورۇنىدا تاماق تارتىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇنداق بىر گەپ تېپىلىپ قالدى. گەپنى ئوچۇق سۆز، خۇش چاقچاق ھېپىز تەشتى:

— ماموتاخۇن، ئۆزلىرى ھەر جەھەتتىن قاملاشقان ئادەمكەنلا. ھېچ تەرەپلىرىدىن قۇسۇر تاپقىلى بولمىغۇدەك. ئۆزلىرىمۇ بىلىپ يەتكەنلا؟ بۇ يەردىكىلەرنىڭ يىردىن قوشۇمچە ئىسمى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردە ئوخشاش ئىسىملىقلارمۇ تولا. شۇڭا لەقەم بولمىسا بولمايدىكەن، دەڭلا. مەسىلەن، بۇيەردە قاسىم

ئاخۇندىنلا بىر نەچچىسى بار. ئۇلارنىڭ
تولىسىنىڭ دادىلىرىمۇ ئىسمداش. خۇددى
بىر دوۋنا لەقەم قېرىنداشتەك ئوپئوخشاش.
كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ كەتتى.

— مانا، — دېدى ھېيىز ئۇلتۇرغانلار-
دىن بىر نەچچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، —
مامۇتتىنمۇ تۆتى بار ئىدى. سىز بىلەن
بەش بولۇپ قالدى...

— شۇنداق قىلىپ نېمە دېمەكچىسەن؟—
دېدى ھېيىزنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ يەتكەن
بولۇس، — مامۇتاخۇنغىمۇ قوشۇمچە ئىسىم
لازىم بولۇپ قالدى، دېمەكچىمۇ سەن؟

— توختاپ تۇر، گەپكە قوشۇق
سالما! — دېدى ھېيىز كۈلمەي تۇرۇپ —
مامۇتاخۇن بىلەن زىكىر-سۆھبەت قىلىۋاتمەن،
بىزنى پاراڭلاشقىلى قوي! خوش، مامۇتاخۇن،
بۇ — قاسىملارنىڭ بىر قىسمى ئەنە ئولتۇ-
رۇشۇپتۇ. بۇلارنىڭ بىرىنى سويقاش دېسەك،
بىرىنى مەنتەك دەيمىز. ھە، بۇ لەقەملەر-
نىڭ مەنىسىنى بىلگۈڭىز بارغۇ دەيمەن.
ئەلۋەتتە، ھەر بىر لەقەمنىڭ ئۆز ئالدىغا
مەنىسى، تارىخى بار... ئەمدى مەن
سىزگە باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، بىرلا
مەنتەك لەقىمى قانداقىسگە قويۇلۇپ قالغان-
لىقىنىلا سۆزلەپ بېرەي.

سورۇندىكىلەر كۈلۈشتى. ھېيىز بولسا،
كالتە يۆتەلگىنىچە ئەتراپقا كۆز يۈگەر-
تىۋالدى-دە، سۆزگە كىرىشىپ كەتتى:

— بۇ مەنتەك دېگەن لەقەم ھاراق
قىس بولۇپ كەتكەن چاغلاردىكى قىزىق
بىر ئىشنىڭ يالدامىسى دەڭا. قاسىم
ئاغىنىمىزنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قېلىپ،
شال قاسىرىقىدىن ئىشلەنگەن بىر بوتۇلكا
ھاراق نەدىن قولىغا چۈشۈپ قالغان،
ئۇنى يالغۇز بىر تەرەپ قىلىۋەتكۈسى
كەلمەي، بىر مۆرىتىدە ئەسقاتارسەن،
دەپ، كۆزدىن نېرى قىلىپ قويۇپتىكەن.
نېملا دېمەيلى، قەدىناس دېگەن قەدى-
ناستە! قايسىبىر يىگى يىل ئاخشىمى
بىر نەچچىمىز ئاغىنىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا جەم
بولۇپ قالدۇق. «مۆرىتى» دېگەن
بۇنىڭدىن ئوشۇق بولمايدۇ-دە! تاماقتىن
كېيىن قاسىم ھاياجانلانغان ھالدا ئاغىنە-
لەر، مەيەردە بىر بوتۇلكا نەرسە بار-
دى، ئاز كۆرمەي كۆپكە تاۋاپ قىلساڭلار،
بىردەم يېرىم-دەم ئىچ پۇشۇقىمىزنى
چىقارساق، دەپ سىرتى قىراۋ باغلاپ
كەتكەن بىر «غاز بويۇن» نى شىرەگە
توككىدا قويماسىمۇ! دەسلەپتە بۇ ئاداش
بىزنى ئالداۋاتسا كېرەك، بۇ ئاي، بۇ
كۈنلەردە مۇنداق بىر «غاز بويۇن» نى
ئوتتۇرىغا چىقارماق چۈش كۆرگەندەك
ئىشتە! دېيىشىپ كۇسۇرلاشتۇق. قارىساق،
راستىنلا ھاراق! خۇشاللىقىمىزدا، سەي
قورۇتاي، دېگەنىمۇ باقماي، ئىچىشۋازلىقنى
باشلىۋەتتۇق. بىراق كاساپەتنى ئېغىزغا
ئالغىلى بولسۇنمۇ؟

— ھە، نېمە؟ سۇمىكەن؟! —
دەرھال سورىدى مامۇتاخۇن.

— ياقەت، سۇ ئەمەس، شۇنچىلىك
سوغۇقكەنكى، ئەيھاناس! مۇز توڭلىماپتۇ،
ئۇنىڭ بېرى ئىكەن، — ھېيىز خۇددى
بىرى گەدىنىدىن مۇز پارچىسى سىلىۋەتكەن-
دەك شۈركىنىپ قويدى ۋە سۆزىنى داۋام-
لاشتۇردى، — قاسىم ئەسلىدە بۇ ئەتى-
ۋارلىقنى پىيمىنىڭ قونچىغا سېلىپ ساماننىقا

www.uyghurkitap.com

تىقىپ قويغانىكەن ئەمەسمۇ. بىرىنچى ئاي مەزگىللىرى بوش سوغ بولامدۇ؟ ھېلىمۇ تەلىيىمىزگە ئېتىلىپ كەتمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزىلىرىمىز مەشىنىڭ يېنىغا بىر ئاز قويۇپ ئۈستايلى دېسەك، نەپسى تاقىلداپ كەتكەنلەر ئىلمان سۇغا چىلايلى، دېيىشتى. شۇ ئارىدا ساھىبخان قاسىمنىڭ كاللىسى ئىشلەپ قالسا بولىدۇ. ئۇ بۇنىڭ چارىسى ئاسان، دەپلا قازاندىكى قايناق مەنتەگگە ھاي-ھۇي دېگۈچە ئاپىرىپلا چىلىماسىمۇ! چىلاش بىلەن تەڭ تاسلا قىلىنىپ قالدى... ئۇملا دەپ قىلىشتۇق... بوتۇلكا دېگەن قۇرغۇر ئېتىلىپ كېتىپ، ھاراق بىلەن مەنتەك بىر تۇغقان بولۇپ كەتتى... خۇددى قارماققا ئىلىنغان بېلىقنى دەرياغا قاچۇرۇپ قويغاندەك لېۋىمىزنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ كەتتۇق... دەسلەپكى تەكلىپ ئىگىلىرى قاسىمنى ئەيىبلەشتى... قويۇڭ، ئاخىرى قىزىق بىر ئىش يۈز بەردى. نېمە ئىش بولدى؟ دېمەمسىز؟! ئۈنى-بۈنى دەپ ئولتۇرۇپ، ئاشۇ ھاراقتىن نەپسىمىزنى زادىلا نېرى قىلالمىدۇق، دەڭگا! قاسىم مەنتەگنى كورىغا ئۈستى-دە، تالاغا ئاچىقىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن سوۋۇغان ئارىلاشمىنى ئەكىرىپ شىرەگە قويدى ۋە ئاغىنىلەر، مانا — بۇ مەنتاگىسكى جۇن، يېڭى سورت! ھاراقنىمچۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم ياسايدۇ. بەرىبىر بۇ جانابىي ھاراق ئاشقازانغا كىرگەندىن كېيىن لەگمەن، مەنتەك بىلەن بىرلىشىپ كېتەتتىغۇ؟ قېنى، ئەمىسە! دېدى-دە، ئۆزى باشلاپ يالپاق چىنىدە بوزا ئىچكەندەك بىرنى كۆتۈرۈۋەتتى. قىزىقچىلىقتا قالغانلىرىمىزمۇ ئۈچرەت بىلەن كۆتۈرۈشتۇق. تەمىنى بەتتامىلىقتا ھېچنېمىگە ئوخشىتالمىدۇق. كۆپىنچىمىز ئاشۇ بىر چىنە بىلەنلا چەكلەندۇق. ئەممازە قاسىم پەيزى قىلدى، ھەممىسىنىلا بىر تەرەپ قىلىۋەتتى. ئادەتتىكى بىر ئىشلار بىردەمنىڭ ئىچىدىلا مەھەللىنىڭ پۈتۈن بولۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە شامالدەك تارقىلىپ كېتىدىغان بۇ مەھەللىدە بۇنچىۋالا ئىش بېسىلىپ قالىدۇ، دەمسىز. ئاغىنىمىزنىڭ ئۆزىدىنمۇ ئۆتتى. ئەنە، شۇنىڭدىن كېيىنلا «مەنتەك» دېگەن لەقەمگە ئىگە بولۇپ ئولتۇردى.

مەھەللىدە تولا ھېكايە بولۇپ كەتكەن بۇ ئىشقا كۆپچىلىك ئادەتتىكىدەك كۈلدى. مامۇتاخۇن بولسا، بىر ھازا قاتتىق كۈلگەن بولدى.

— شۇنداق مامۇتاخۇن، سىلى بىزگە خېلىلا ئۈيۈر بولۇپ قالدىلا. كۆپىنچىمىزنىڭ لەقىمىنىمۇ بىلىۋېلىپ، ھە دېسە، تېخى گەپ ئۇرۇپ ئارام بەرمەيۋاتىلا، — دېدى ھېپىز سۆزىنى بىر ئاز مەرغۇللىتىپ، — ئەنە، قاراڭ شۇنچە ئادەم كۈلۈۋاتسا، كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ پەيزى ئوغرىلاپ ئولتۇرغان ئاۋۇ ئادەمنىچۇ مۇشۇك دەيمىز.

بۇ گەپكە مۇشۇك لەقەملىك كىشىنىڭ يېنىدىكى بىرەيلەن خۇددى بىرى غىدىقلىغاندەك قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. ھېپىز دەرھاللا:

— ئەنە، ئەنە، قاراڭ، كۈلكىسى خۇددى ئۈچكىنىڭ مەرىگىنىگە ئوخشايدىغان ئۇ كىشىنى ئۈچكە دەۋالدۇق. خوش، ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، راست سۆزلىسىلە، سىلىنىڭمۇ ئەلۋەتتە ئاشۇ-

لارنىڭكىدەك نام - تەخەللۇسلىرى باردۇ؟! زادى سىلىنى نېمىدەپ ئاتايمىز؟ باشقا ماموتاخۇنلاردىن قانداق پەرقلەندۇرىمىز!؟ مەردلىك قىلىپ ئۆز ئاغزىلىرى بىلەن بۇگۈن مەشەدىلا دەپلىۋەتسىلە!

— نېمە - نېمە؟... نېمە دەيدىغانسىز، ھېيىزخان ئۇكام! — ماموتاخۇن ئەندىككەن - دەك سۆزلەپ كەتتى، — مېنىڭ ھېچقانداق لەقىمىم يوق، ھېچقانداق! باشقىلارنى قانداق ئاتىساڭلار ئاتاۋېرىڭلار. مېنى ماموتاخۇن دېسەڭلارلا بولدى!

— راست گەپ قىلسىلا، دەيمەن! ئۇيغۇر خەلقىدە لەقەمسىز ئادەم ئاز، ئۇنىڭغا بىئارام بولىدىغان ئىش كەتمەيدۇ، — ھېيىز ماموتاخۇننى لەقەملىكلەر قاتارىغا قېتىد - ۋالىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، — تەقسىر، شۇنچە لەقەملىك ئادەملەر قەۋمىگە بىرەر لەقىمىڭىز بىلەن ئارىلاشمىسىڭىز بەكلا بىخىللىق قىلغان بولىسىز، ئۇنداق قىلماڭ، قېنى سۆزلەڭ!

ئولتۇرغانلاردىن بىرنەچچىسى قۇۋۋەتلىدى:

— شۇنداق قىلسىلا، ماموتاخۇن!

— تەڭ كۈلۈلى، لەقەملىك بولغانغا ئادەمنىڭ بىر يېرى بىر قانداق بولۇپ قالامتىمۇ؟

ھەرخىل سالا ۋە زورلاشلار ماموتاخۇنغا تەسىر قىلمىدى. تەسىر قىلمىدى دېسەك بولماس. چىرايى ئۆزگۈرۈپ - تاتىرىپ، ھەربىر سالاچىغا ئىككى ئالقىنىنى تەڭلەپ، ئۇنداق دېيىشمىسىلە، ئۇنداق قىلىشمىسىلا! دېگىنىچە، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇرۇۋالدى. پىلنى كۆندۈرىدىغان بۇ مەھەللە ئادەملىرى بۇنىڭغا سۈكۈت قىلسۇنمۇ، بوش كەلسۇنمۇ؟! قولغا سۇ ئېلىنىپ داستىخان سېلىنىدى، چاي، تاماق تارتىلدى. مېھمانلار قىزىق لەتىپە - چاقچاقلار بىلەن بەھۇزۇر غىزالىنىش - تى. مەرىكىدىن كېيىن ھەممەيلەن قورۇ ئالدىدا بىر پەس ئۆرە - تۆپە تۇرۇشۇپ قالدۇق. كىمدۇر بىرى قوروق يۆتىلىپ قويۇپ: ھە، ھېيىز، باياتىن يېرىقى گەپلىرىڭ شامالغا ئۇلجا كەتكەن لەگلەك - تەك بىكارغا كېتىپ قالمىسۇن!؟ دېدى. كۆپچىلىك پاراقىدە كۈلۈشتى ھەمدە شۇنداق، شۇنداق، دېيىشتى. ھېيىز كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ، — دېدى، — ماموتاخۇن يەنە «بۇ يەردى - كىلەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە چىرايلىق لەقەملەرنى قويۇشۇۋاپتۇ. مەن بىلەن كارىمۇ بولمىدى. تېخىچىلا ئىچىگە ئالمايۋاتە - دۇ» دەپ، بىزدىن رەنجىپمۇ يۈرمىسۇن! ماموتاخۇننىڭ ئىشىكىدە غۇلاچ يەتكۈسىز يوغان بىر تۈپ قارىياغاچ بار. شۇڭا، ئۇنى - بۇنى دەپ يۈرمەي «ماموت قارىياغاچ»لا دېمەيلىمۇ؟! قانداق دېدىم، كۆپچىلىك؟!

بۇ گەپ بىلەن تەڭ ھەممەيلەن خۇددى ئاتا - بالا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بولدى، بولدى، قاملاشتى، دېيىشىپ قىقاس سېلىشتى. ھەتتا بەزىلەر مۇبارەكلەپمۇ ئۈلگۈردى: مۇبارەك بولسۇن، ماموت قارى - ياغاچ! لەقىمىڭلار سىڭىپ قالغاي!

ماموتاخۇن بۇ ئىشلارغا يا كۈلمىدى، يا تىرىكمىدى. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، بېشىنى سالغان پېتى تۆپتىن كېتىپ قالدى...

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. ماموتاخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بارلىقى يەردە، قارىياغاچ ئالاھىدە تىلغا
ئېلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بىرلىرى نەدىكى
بىر ياغاچلارنى پاھ، ماۋۇ قارىياغاچ
مامۇتاخۇننىڭ ئىشكىدىكى قارىياغاچتەكلا
تەن قويۇپ، باراقسان ئۆسكىلى تۇرۇپتۇ!
دېسە، بىرلىرى مۇنۇ قارىياغاچ نېمىدېگەن
تۈز، ئېگىز ئۆسكەن-ھە! كاساپەتكە
تىل تەگمىسۇن! نەچچە ھارۋىغا شوتا
چىققۇدەك، جۇمۇگىلار، دەپ مامۇتاخۇنغا
ياپىتا قىلىشاتتى. بەزىلەر قارىياغاچنى
مايىقتىن چاتاپ، مايىقتىن تونۇرغا ياقسا،
ياغىدەك كۆيىدۇ، دېسە، بەزىلەر قارىياغاچ-
نى چىڭلىقا كەلگەندە قارىغايدىن قالىدۇ،
دېسە زادىلا ئىشەنمەيمەن! قۇرتنىڭمۇ
چىشى ئۆتمەيدىغان تۆمۈردەك ياغاچ-تە!
دەپ تەرىپلىگەن بولۇپ، مامۇتاخۇننىڭ
جېنىغا تېگىشەتتى. بۇ خىل پاراڭلار
كۈندىن-كۈنگە ئاۋۇسا ئاۋۇدىكى، زادىلا
پەسەيمىدى. مامۇتاخۇن قورۇسىغا كىرگەن--
چىققاندا، باشقا چاغدا كارىمۇ بولمايدىغان
ئاشۇ قارىياغاچقا شۇنچە قىلسىمۇ كۆزى
چۈشمەي قالمايتتى. قارىياغاچمۇ ئۇنىڭغا
مامۇتاخۇن ئىگەم، قېنى سايەمدە بىردەم--
يېرىمدەم ئولتۇرۇۋالمامدىلا! دەپ، بىر قىسما
كولۇۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ مامۇتاخۇن تۆت ئادەم
بار يەردىن چەتنەپ ئۆتىدىغان، ئامال
بار قاچىدىغان، ھەربىر-سورۇنلارغا كەم
بارىدىغان، ھەتتا مەسچىتكىمۇ شالاڭ
چىقىدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىر بىر كۈنى
ئۇ بامداتقىمۇ چىقماي، ھەرە-پالتىسىنى
ئىشقا سالدى. مەھەللىنىڭ كۆركى بولۇپ
تۇرغان قارىياغاچنى قەھرى بىلەن ئۆرۈ-
ۋەتتى. ئۇ، كوچىنى بىر ئېلىپ ياتقان
قارىياغاچقا ھومىيىپ قارىغىنىچە ئەمدىغۇ
بولغاندۇ؟! دەپ ئېغىر تىنىپ قويدى.

بىراق بۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتمىدى.
ياغاچ بىر تەرەپ قىلىنغان بىلەن ئۇنىڭ
كۆتىكى باردە... كۆپ ئۆتمەيلا « مامۇت
قارىياغاچ » ، « مامۇت كۆتەك » كە
ئۆزگەردى. ئۇ، ئوخشاشلا چاقچاقلار
ئوبيېكتى بولۇپ قېلىۋەردى... مامۇتاخۇن
يەنىلا بولالماي قالدى... ئاخشىمى ياتقاندا
پەي ياستۇقمۇ ئۇنىڭغا كۆتەكتەك تۇيۇلىدى-
غان بولدى. چۈش كۆرسىمۇ كۆتەككە
پۈتلىشىپ، كۆتەك كولاپ چۈش كۆرىدىغان
بولدى. ئۇ، ئاخىرى نەچچە كۈن تەرلەپ--
پىشىپ كېگىز ئۆيدەك يوغان كۆتەكنى
كولاپ چىقىرىپ قويدى. خەقنىڭ ئاغزى
بىراقلا بېسىقسۇن! دېدىمۇ، كۆتەكنى
قىشنىڭ كۈنى مەسچىتكە يېقىلغۇ قىلىڭلار!
دەپ جامائەتكە ئاتىۋەتتى. ئەمما مامۇتا-
خۇن بېلى چىم بولۇپ قېلىپ، بىرەر ئايغىچە
كۆتەك كولانغان كوداڭنى تىندۇرۇۋېتەلمە-
دى. خەقنىڭ ئاغزى مايمۇن، تىنچ تۇرسۇن-
مۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مەھەللىنىڭ
ئادەملىرىنى باشتا ئېيتتىمغۇ، لەقەمچىلىكتە
راستىنلا سۆز ئىشلىمەيدۇ. قانداق بولدى
دېمەمسىلەر، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان
ۋە بۇ يەردىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر يوغان
كوداڭغا قاراپ، مامۇتاخۇنغا ھېچ ئاۋارە
بولۇشمايلا « مامۇت كوداڭ » دەپ لەقەم
قويۇشتى. بۇ لەقەم ئىلگىرىكى لەقەملەرنى
بېسىپ چۈشسە چۈشتىكى، كەم بولمىدى.
ئۇنىڭ زەربىسى تېخىمۇ زور بولدى. مامۇتا-
خۇن ئاخىرقى ھېسابتا، بۇ مەھەللىدىن

ۋازكەچتى-دە، باشقا بىر مەھەللىگە بېرى بىلەن قورۇ-جايىنى ئالماشتۇرۇپ كۆچۈپ كەتتى...

ئۆلۈكنىڭ كەينىدىن ئۈچ كۈن، تىرىكنىڭ كەينىدىن ئۈچ كۈن سۆز-چۆچەك دېگەندەك، مامۇتاخۇننىڭ كەينىدىن گەپ بولماي تۇرىسدى. قانداق گەپ بولدى، دېمەمسەلەر، بىچارىگە «مامۇت كۆچمەن» دېگەن لەقەمنى قويۇشۇۋالدى...

يۇقىرىقى ۋەقە بولۇپ، ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن مامۇتاخۇن كۆچۈپ بارغان سېيدە مەھەللىسى بىلەن تويلىشىپ قالدۇق. جامائەت ئۇزاپ نىكاھ قىلىش تەرەددۇتى بولۇۋاتاتتى. تۆردە بىر كىشىلىك ئورۇن بوش بولۇپ، قىز تەرەپنىڭ ئىمامى سول تەرىپىدىكى ئۇ ئورۇنغا پات-پات قاراپ قوياتتى. سۇلتان بەگ، يىگىت قولداش يەنە بىرنەچچە يەلەن ئىشكتە قول باغلاپ تۇرۇشاتتى. بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئىمامى ئىشنى جىددەللەتتى.

— تەقسىر، قېنى، ئەمسە نىكاھنى!

ساھىبجان مەھەللە ئىمامى: بىر ئاز تەخىر قىلىڭلى، مامۇت ھاجىمغا ئادەم كەتكەنىدى، ھېلىلا كېلىدۇ، ھېلىلا! دېدى-دە، ئىككى تىزىغا ئىككى جەينىكىنى قويغىنىچە خۇددى روكۇدا تۇرۇۋاتقاندەك جىمىپ ئولتۇردى. بىز بىر-بىرىمىزگە قاراشتۇق. قايسى مامۇت ھاجىمدۇ ئۇ؟... ھېلىقى بىزنىڭ مامۇت ئەمەستۇ؟ دېگەنلەرنى پىچىرلاشتۇق. ئاگىنچە ھېيىز يەڭگىلتەكلىك قىلىپ: بىزنىڭ مەھەللىدىن كەلگەن مامۇت كۆچمەننى كۈتۈۋاتمايدىغاندىمىز؟ دەپ سالدى. بىز تەرەپتىكىلەردىن

بىرنەچچىسى جىلمىيىشقاندەك قىلىپ قالدى--يۇ، ساھىبخان تەرەپتىكىلەرنىڭ سالقىن نەزەرىنى بايقىشىپ جىملا بولۇشتى.

سېيدە مەھەللە ئىمامى تەمكىن قىياپەتتە ئىزاھلىق جاۋاب بەردى: دەرۋەقە، مامۇت ھاجىم بۇ يۇرتقا كەلگەندە ئاشۇنداق ئاتاقلار بىلەن كەپتىكەن. ئەمما ئەسلىدە بۇ ئادەم تىرىشچان، ئېپى بار ئادەمكەن! مەھەللىمىزگە كېلىش بىلەنلا مەھەللە خەلقىنىڭ ئۆگۈتنى يىراق يۇرتلارغا ئاپىرىپ ئۇن تارتىپ يۈرگەن ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى كۆرۈپ، دەسلەپتە سۇ تۈگمەن ياسىدى. كېيىن توك بىلەن ماڭىدىغان ئۇن-ماي زاۋۇتلىرىنى قۇردى. بىر چەتتىن مال بودىدى. ئىش ئوقتى ئوبدانلا يۈرۈش تاپتى. بۇ يەردە نام قازانمىدى ئەمەس، قازاندى، ئەمما ئىلگىرىكىلىرىگە ئوخشىمايدۇ. دەسلەپىدە مامۇت تۈگمەن، كېيىن مامۇت باي ئاتالدى. كۆپلىگەن يېتىم-يېسىر، ئامراتلارغا يۆلەك بولۇۋېدى، ئۇنىڭغا قاراپ كۆپچىلىك مامۇت يۆلەك دېيىشىدىغان بولدى. ھازىرچۇ؟ ئۆتكەن يىلى ھەرەمگە بېرىپ ھەج-تاۋاپ قىلىپ كېلىۋېدى، مامۇت ھاجىم دەپ ھۆرمەتلەپ ئۆتۈۋاتىمىز.

ئىمام خۇددى ئەمىر-مەرۇپ قىلغاندەك ئىخلاس بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇ، كۆمۈشتەك ئاپئاق ساقىلىنى سىپاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: تىرىقچىلىق جەھەتتىمۇ پاتمان-پاتمان ئاشلىق ئالغىلى تۇرۇۋېدى. تۇنناچى دېھقان دەمدۇ، تونالىق ئېتىز دەمدۇ، ئىش قىلىپ شۇنداق يېڭى لەقەملەرنى ھۆكۈمەت ئۆزىلا، مامۇت

www.uyghurkitap.com

ھاجىمغىلا ئەمەس، ئۇياقىنىڭ ئىچىزلىرىغىچە قويۇۋەتتى.

ئولتۇرغانلار زوقلىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە يېنىك كۈلۈشتى. ئىمام بولسا، مەمنۇنىيەت بىلەن كۆپچىلىككە بىر قۇر كۆز يۈگەرتىۋېتىپ، ئاساسەن بىزگە يۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ تەنتەنە بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— مەن سىلەرگە ئېيتسام مانا، كۆپچىلىك ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئالقىنى بەك ئوچۇقكەن. ئايغىمۇ يارىشىملىق چىقتى! ئەللىك نەچچە تال ياغاچ بىلەن يېتەرلىك سىم سىتىۋېلىپ مەھەللىمىزگە توكنىمۇ مۇشۇ ئادەم باشلاپ كەلدى ئەمەسمۇ! لامپا-چىراغلاردىن قۇتۇلۇپ دىلىمىز يايراپلا قالدى! ... ھۆكۈمەتنىڭمۇ كۆزى ئۆتكۈر ئىكەن، قىلغان-ئەتكەننى كۆرىدىكەن! بۇ يىل فېۋرالدا مامۇت ھاجىمنى ۋىلايەتكە چاقىرتىپ كېتىپ، «كۆپ ئىش قىلغان، چىق پۇل تاپقان» دەپ بىرمۇنچە پۇل بىلەن ئالتۇن مىدالمۇ بېرىپتۇ! تۇۋا، — ياقىسىنى تۇتتى ئىمام، — بىر ھېسابتا بارغۇ، پۇل بايغا، سۇ سايغا دېگەن گەپمۇ بىكار گەپ ئەمەسكەن، جومۇگلار! بۇ ئادەمنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلىرىمۇ بەكلا كاتتا! خۇدا بۇيرۇسا، ئۇ، تېخى ئۆلكىگە، ئۇنىڭ نېرىلىرىغىمۇ بارىدۇ!

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە قورۇدا، ئاندىن دالان ئۆيدە كەلدى-كەلدى! مامۇت ھاجىم كەلدى! دېگەن ئاۋازلار چىقتى. ئىشىك تۈۋىدىكى ياشلار يول بوشىتىشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئىككى يۇرتنىڭ جامائىتى! ساقلىتىپ قويدۇم، كەچۈرگەيسىلەر! — دەپ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ بىزنىڭ ھېلىقى مامۇت... ياق، مامۇت ھاجىم تۇرمامدۇ! ساھىبخان مەھەللە جامائىتى دۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى، بىزمۇ تەڭلا تۇرۇشۇپ كەتتۇق.

— قېنى، ھاجىم يۇقىرى، يۇقىرى ئۆتسىلە، ھاجىم! مانا مەيەرگە! — دېگەن تەكلىپلەر يېغىپلا كەتتى. مامۇت ھاجىم بىز تەرەپنىڭ مەزىننى قولتۇقىدىن تۇتۇپ، يۇقىرىدىكى ئىماملارنىڭ قاتارىدىكى بوش ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ، ئۆزى بىزنىڭ قاتارىمىزدا ئولتۇردى. دۇئادىن كېيىن ئامان-ئېسەنلىك سورىشىشلار بولدى. قىز تەرەپنىڭ ئىمامى گەپ ئارا: مامۇت ھاجىم، ئىشلار قانداق بولدى؟ دەپ سوراپ قالدى.

— تەقسىر، دېگەن بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈشۈپ بولدۇق. ھېلىراقتا توختامغا قول قويۇشتۇق. لېنتىمۇ كېسىلىپ، ئىش باشلىۋېتىلدى، — دەپ جاۋاب بەردى مامۇت ھاجىم، — مۇشۇ يىل 20-ئاۋغۇستتىن بۇرۇن پۈتكۈزۈپ بېرىدۇ!

— ئەجەب ئوبدان بوپتا! سېنتەبىرنىڭ بىرىدىن ئېتىبارەن كەنتىمىز پەرزەنتلىرى يېڭى ئوقۇش بىناسىدا دەرس ئاڭلايدىكەن-دە! — دېدى بىر پېشقەدەم خۇشال ھالدا. قارىغاندا بۇ كىشى دەم ئېلىشقا چىققان ئوقۇتقۇچىدەك قىلاتتى، — مامۇت ھاجىم، قالتىس ئۇلۇغ ئىش قىلدىڭلا! نەچچە يىلدىن بۇيان بېسىۋالغۇدەك ھالەتكە كېلىپ قالغان سوقما تام، بورا، چەگزىلىك سىنىپلاردا بالىلار ھە دېسىلا يامغۇر

تامچىسىنىڭ ئازابىنى تارتىپ بەكمۇ قىينال-غانتى. بۇ يېڭى سېلىنىدىغان مەكتەپنىڭ لايىھىسىنى كۆرۈپلا ئىچىمگە ئوت كەتتى. دېسىلە! ھەسسىنە، ئۇسسۇزلۇقۇم قايتا كېلەرمىدى، بۇ مەكتەپتە بىرقارار بولسىمۇ ئوقۇغۇالغان بولسام دەپ كەتتىم.

— ھەي، شەمشىدىن مۇئەللىم، نېمىگە شۇنچە ھەسرەتلىنىسىز؟ ھازىر ئۆگەنسەكمۇ تېخنىكىلىق ئىشلار ولغۇ — دېدى مامۇت ھاجىم سالماق تەلەپپۇزدا، — مەكتەپلا پۈتۈپ كەتسە، ھەر كۈنى كەچتە يىغىلىپ ئۆگىنىدىغان، ئۆگىتىدىغان ئىشلارنى قىلماي نېمىمۇ قىلارمىز! «پېنسىيىگە چىققان نەچچىلار بارغۇ!؟ بىرىگلار ئاشلىق، مايلىق زىرائەت، پاختا، قىزىلچا قاتارلىقلارنى تېرىش، پەرۋىش قىلىش توغرىسىدا، بىرىگلار سەي-كۆكتات، تاۋۇز-قوغۇن، كۆچەتچىلىك، باغۋەنچىلىك توغرىسىدا، بىرىگلار قوي-كالا بورداش، توخۇ-ئۆردەك، پىلە، بېلىق، ھەسەل ھەرىسى بېقىش، توك ۋە يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى باشقۇرۇشتەك تېخنىكىلىق ئىشلاردىن دەرس بىرىگلار! يېتەكچىلىك قىلىگلار، چامىگلار يەتمىگەنلىرىگە مۇتە-خەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىگلار! خىزمەت مانا مېنىگدىن!

— بەللى-بەللى، ناۋاتتەك گەپ بولدى! — دەۋەتتى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى، — ھىممىتىگىزگە رەھمەت، مامۇت ھاجىم! ئۇنداقلا بولسا، مانا بىز تەييار دېسىلە!

ئىككاھ ئوقۇلۇپ ياشلار قايتىشتى. ئىكاھقا قاتناشقۇچىلارغا لۆگگە، قول ياغلىق قويۇلۇۋاتاتتى. سىدە مەھەللە مەسچىت ئىمامى مامۇت ھاجىمدىن سوراپ قالدى:

— ھاجىم، شۇنداق قىلىپ، بۇ سېلىنىۋاتقان مەكتەپ نەچچە قەۋەتلىك، نەچچە ئېغىزلىق بولۇپ كەتتا؟!

— ئۈچ قەۋەتلىك بولدى، — جاۋاب بەردى ھاجىم، — مەجلىسخانا، چوڭ-كىچىك بىرنەچچە ئىشخانا، تەجرىبىخانىلاردىن باشقا 24 سىنىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

— ئۇنداقتا سوممىسىنى قانچىگە پۈتتۈشتۈگلار؟!

— بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭ يۈەن بولدى. قۇرۇلۇشنى دېگەن قەرەلدە سۈپەتلىك پۈتتۈرۈپ بەرسە، ئەللىك مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىدىغان، ئۇنداق بولمىسا، ئەللىك مىڭ يۈەن تۇتۇپ قالىدىغان بولدۇق.

— دۇرۇس، — قۇۋۋەتلىدى شەمشىدىن مۇئەللىم، — ئۇنداق قىلمىغاندا، دەرس باشلاشقا تەسىر يېتىدۇ-دە!

پاراڭ مەكتەپنىڭ نامى ئۈستىگە مەركەزلىشىپ قالدى. پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى شەمشىدىن ئاكىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە مامۇت ھاجىم سىدە مەھەللە پەرزەنتلەر مەكتىپى بولسۇن، دېگەن تەكلىپتە چىڭ تۇرۇپتۇ. بىراقتا يېزا ۋە ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ھەممىدە ئالاقىدار ئورۇنلار ئاللىقا-چان مەكتەپ نامى توغرىسىدا باشقىچىرەك خۇلاسىغا كېلىپ، ھۆججەتمۇ چۈشۈرۈپ بوپتۇدەك.

بىز قايتىشىمىزدا ئالايتەن مامۇت ھاجىم باشلىق يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەن مەكتەپ قۇرۇلۇش مەيدانىنى زىيارەت قىلدۇق. ئېگىز جازىغا ئورنىتىلغان ئۈچ قەۋەتلىك مەكتەپ مودېلى كۆزنى قاماش-

تۇراتتى. مودىلدىكى ئالتۇن ھەللىك ۋېشۇسكىمۇ كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى ھەممىمىز دېگۈدەك ئۇنىلۇك ئوقۇشۇپ كەتتۇق: «مەرىپەتپەرۋەر مامۇت ھاجىم مەكتىپى» ھېپىز بۇ سەلتەنەتلىك ۋېشۇسكىنى قايتا ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك تەرىزدە تەنتەنىلىك ئوقۇدى ۋە مامۇت ھاجىغا قول بېرىپ تۇرۇپ تەمكىنلىك بىلەن شۇنداق دېدى:

— مامۇت ھاجىم، مانا بۇ، ھەننىۋا لەقەملەرنى بېسىپ چۈشىدىغان تولىمۇ مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك لەقەم بوپتۇ! بۇ تارىخقا پۈتۈلۈپ قالىدىغان، ئۆچمەس، شەرەپلىك لەقەم بوپتۇ! ئەمدى بىز سىزگە... ياق، مەن سىزگە ئۆتكەندە كۈلكە بولسۇن دەپلا، كەلسە-كەلمەس تۇترۇقسىز لەقەملەرنى قويۇۋېرىپتىمەن. مەندىن كۆڭۈللىرى رەنجىگەن بولسىمۇ ئۆتنۈپ كەتسىلە!

— ياقە، نېمە دەيدىغانسىز ئۇكا!؟ مەنمۇ كېيىن بىلىپ قالدىمكى، ئۇيغۇر پەرزەنتىلا بولىدىكەن، يا ئۇنداق، يا مۇنداق لەقەملەردىن خالىي بولالمايدىكەن، — ھاجىم شۇنداق دەپ كۈلگىنىچە، ھېپىزنىڭ يەلكىسىگە ئالقىنىنى تاشلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — «لەقەمنى خىزىر قويىدۇ» دېگەن گەپنى تولا ئاڭلىۋېدىم! بۇنىڭدىن قارىغاندا، خىزىرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن غايىۋانە باردى-كەلدىسى، سىز بىلەن بولسا، بۇرادەرچىلىكى قويۇق ئوخشامدۇ؟!

بۇ گەپتىن كۆپچىلىك ئۇتاش كۈلۈشتى. بۇ جايدا قىلىنىغان چاقچاقتىن ھېپىزنىڭ جېنى بۆلەكچە يايراپ كەتتى. ئۇ، دەرھال ھاجىمنىڭ مەنىلىك چاقچىقىغا مەنىلىك چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى.

— مامۇت ھاجىم، لەقەملىرى كارۋاننىڭ تۆگىلىرىدەك قاتار بولۇپ كېتىۋېتىپتۇ! ئوقەتلىرىمۇ باشلىرىغا ئاسماندىن تىللا ياغقاندەكلا بوپ كېتىپتۇ! مانا بۇنىڭدىن قارىغاندا، خىزىرنى مەن ئەمەس، سىلى ئۆزلىرى يانلىرىدىن نېرى كەتەلمەيدىغان قىلىۋالدىلىمۇ-قانداق؟! ئۇنداق قىلماي، خىزىرنى بىز تەرەپكىمۇ ئەۋەتىۋەتسىلە! بەرىكەت-بايلىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولايلى!

ھاجىممۇ، جامائەتمۇ بىر ھازا قىقاس-چۇقان سېلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەخمەتجان تۇرۇپ

# قەلبىمدە يۈرەكلەپ قالدى سېغىنىش

## تاغلىق كەنتكە خەت

قىياغا باش قويغان مەھەللە،
يۈرىكىمدە باردۇر سۈرىتىڭ.
مەن يىراقتا بولسامۇ شۇ تاپ،
ئاخشام سېنى قۇچاقلايدۇ چىڭ.

ئېسىڭدىمۇ، قويىنى ھەيدەپ
چۆشلىرىڭنى ئۈركۈتكەن بالا.
توپا يولدىن ئىپار توزىتىپ
چاڭ كەلتۈرۈپ قىلغىنىم ناۋا.

ئېسىڭدىمۇ، يايلاقلىرىڭنىڭ
شوخلۇقىمغا كەڭلىكى تار.
كۆكىڭگە ئىس تاراتقىنىم ھەم
تېرىپ كېلىپ بىر قۇچاق چاۋار.

ئېسىڭدىمۇ، بۈركۈتنى كۆرۈپ
خىياللارغا چۆكۈپ كەتكىنىم.
بۈركۈت كەبى ياشىماق بولۇپ،
مەسۇم دىلغا زىيا سەپكىنىم...


مېنى بۇ دەم بىلمەكچى بولساڭ،
زەر قۇياشتىن سورا مېھرىمنى.
ئاۋازىمنى قالساڭ سېغىنىپ،
تىڭشىغاچ تۇر خوراز كۈيىنى.

* *

خىلۋەتتىكى ئەي تاغلىق كەنت،
يۈرىكىمدە باردۇر سۈرىتىڭ.
مەن يىراقتا بولسامۇ شۇ تاپ،
ئاخشام سېنى قۇچاقلايدۇ چىڭ.

## ئۆزۈمگە دىئاگنوز

ئۇيقۇدىن ئامىتىم كەلگەچ قوش-قوشلاپ،
تاغلارنى ئۇزاتتىم جىمجىت، بىناۋا.
دات باسقان زېھنىمنى باقمىدىم ئۇشلاپ،
قەددىمنى پەر ياستۇق قىلغاچ مەھلىيا.
چۈشۈمنىڭ لەززىتى لىۋىمدە قىيام،
(بەزىلەر ئۈركۈتۈپ تۇرسىمۇ پات-پات)



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاڭلىسام چوڭىيىپ كېتىپتۇ يارام،
باغرىنى ئاچقاندەك بىر ماڭا مامات.
قىزىققۇ، ئېشىكىم ماڭمىسا ئىتتىك،
بەيگىدە قېپ قالدىڭ كېيىن دېگىنى.
سائەتتىن بوشقىنا ئاڭلانغان چىك-چىك،
كۆمەرمىش قوملۇققا ئۆمرۈم بېغىنى.
ناۋادا مۇھتاجلىق سالسا ياڭقۇنغا،
تىزلىنىپ ياشايمەن تىلەپ سەدىقە.
ئايلىنار بوسۇغام جەزمەن ئالتۇنغا،
يۈرىكىم شارابقا قانغان دەققە.

## چوققىلارغا ياماشقان يىگىت

چوققىلارغا ياماشقان يىگىت،
كۆزلىرىمگە كۆرۈنەر ھەر تاڭ.
قان قىلمايتتى بارمىقنى ئۇ،
چاقنىمىسا قەلبىدىكى ئاڭ.

چوققىلارغا ياماشقان يىگىت،
ئىزدىمەكتە شۇ تاپ پەرز-قانات.
پەر قېقىشقا ئىنتىلگەنلەرگە
ھەمراھ بولغاچ قوۋناق بىر ھايات.

چوققىلارغا ياماشقان يىگىت
ئىزلىرىغا گۈل چەككەن پىتى.
ئايلىنىدۇ بەلكىم قوياشقا.

## تاقىر چوققا چۈشەيدۇ باھار

ھەر ئاخشىمى تاقىر چوققىنىڭ
چۈشلىرىدە كېزىدۇ باھار.
بىراق، سەللە كىيگۈزەر پات-پات
ئاق چېچەكتەك چۈشكەن لەپ-لەپ قار.

قوچاقلىسام ئۇنى ناۋادا
ئۇنەرمىكىن ياپيېشىل گىياھ.
قوتلۇق ئۇيىنىڭ يالتىرىشىدا
ئاڭا ھەر تاڭ تاشلايمەن نىگاھ.

## يېقىنلاپ كەلمەكتە قەلبىمگە بىر قىز

سۈكۈتنىڭ تورىغا يېقىپ سەرەڭگە،
يېقىنلاپ كەلمەكتە قەلبىمگە بىر قىز.
كەينىگە ئېگەشكەن ياشقىنا باھار
گۈللەردەك ئېچىلىپ كەلمەكتە ئۇنسىز.

كەلمەكتە بوۋاقتەك مەسۇم بىر ئۈمىد،
كەلمەكتە مەن كۈتكەن مۇڭلۇق بىر ناخشا.
كەلمەكتە روھىمنىڭ تەشنەلىرىگە
قوياشتىن تامچىغان بىر توچكا زىيا...

چەك قويار ئېھتىمال چاڭقاشلىرىمغا
قەلبىمگە يېقىنلاپ كەلگەن پەرىزات.
ئىشقىمنى ئۇ گۈزەل قىلغاندا قوبۇل،
سالارمەن ھىجرانىنىڭ مەڭزىگە كاچات.

## سېغىنىش

قانىتىمنى تاۋلىغان سەھرا،
جامالىڭنى سېغىندىم ئەجەب.
شەھەردىكى سوغۇق ياتاقتا
غېرىبسىنىپ ياتسام ھەر كېچە،
ئەسلىمىلەر كېلەر لەپىلدەپ.

بىلمەسەڭكىن، پاخما باش جىگدەڭ
چۈشلىرىمدە تۇراتتى چاقناپ.
كۆي تۆكەتتى زىلۋا قومۇشۇڭ
قولىقىمغا يۇمشاق شىۋىرلاپ.

ياردائگدىكى، ياۋاش قويلارنىڭ
مەرەشلىرى قالسا ئاڭلىنىپ،
لەۋلىرىمنى قوياتتىم تامشىپ.
چىلىق-چىلىق تەرلەپ ئىتتىم گاھى
بەلباغ چىگكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ
ئوتۇن ئارتقان ئاۋاق ئېشىكى
توپا يولدا ماڭسا ئالچاڭشىپ.

چىم قاپلىغان نەمخۇش دالىدا
پەرىزاتنى ساقلىغان ئەسنا
پاشىلىرىڭ قىلاتتى چاقچاق.
زىننىقىمغا قوناتتى كۆلكە،
پادا قوغلاپ يۈرگەن باللار،
چېپىشقاندا ئۇيىنتىپ تاياق.

قىش كېچىسى، خىيالچان بوۋام
ئۇنلە تكە ندە دۇتارنى بۇق-بۇق
تارا ملايتتى يۈرىكىمدىن ياش،
شاھ پەيزىنى سۇرەر ئىدىم ھەم،
باش كۆتۈرگەن چاغدا بېدىلەر،
ئىچسەم قېنىپ غورا سالغان ئاش...

* *

قانىتىمنى تاۋلىغان سەھرا،
جامالىڭنى سېغىندىم ئەجەب.
شەھەردىكى غېرىب ياتاقتا،
جىمجىتقىنا قالغاندا ئۇخلاپ
تاتلىق چۈشلەر كېلەر لەپىلدەپ.

### ئانامغا

قىڭغىر كەتسە قەدىمىم ئانا،
ئولتۇرماستىن كۆڭلۈمنى ئاياپ
يۈرىكىمگە قامچاڭنى سالغىن.
بوران ھۇۋلاپ تۇرغان سەھەردە،
چاچلىرىمدەك قارا كېچىدە
قانىتىمنى تاۋلىماق بولسام،
ئېسلىماستىن پەشلىرىمگە چىڭ،
دۇئايىڭدا ئىقبال تىلىگىن.

بىلسەڭ ئانا، قەلبىمدىكىنى
نۇر باغرىغا شۇڭغىماق ئۈچۈن
ياسىغۇم بار چوققىغا ئۇۋا.
ئەللىيىڭ ھەم تامچە سۈتۈڭنىڭ
قىلالىسام قەرزىنى ئادا
رازى بولار مەندىن بۇ دۇنيا.

ئادىل تۇنىياز

## ئاتا، سەن نەدە

### خوش، دادا

كۆرگەن چۈشۈم راست ئىكەن بابا،
پەلەمپەيى تۈگمەس دوختۇرخانىدا
يۆلەپ مېڭىپتىمەن ئۇزۇندىن ئۇزاق،
ساقىيالمايدۇ دېگۈدەك
ئاق خالاتلىق ئۈچ ئايال ئەرۋاھ.
تىلىم كالۋالىشىپ، سوغۇق تەر بېسىپ،
ئويغىنىپ كەتمەكچى بولدۇم شۇ ھامان.
بويتاقلىقتا كارنۋات رېئاللىق،

يېرىم كېچىلەردە ۋەھىمە يامان.
ئاندىن ئۇخلىدىمۇ، يادىمدا يوق،
قىشتىكى ئۆستەڭ سۈيى
ئىسسىق ھەم كۆپكۆك سۇ.
دادام مېنى شەرەتلەپ
خۇشال-خۇرام يۇيۇنۇپتۇ،
بېلىق پادىشاھىدەك
كۈمۈش ئۈنچىلەر ئارىسىدا.

*

قىشتىكى ئۆستەڭ سۈيى
سوغۇق ھەم كۆپكۆك سۇ
مۇڭلىنىپ ئاقىدۇ مۇزنىڭ ئاستىدا.
بىزنىڭ ئۆيىمىز يوق بۇ ئەتراپتا
تۇتۇۋاپسەن يىگىدىن بىر ئۆي
ئۆمۈچۈكتەك قاراڭغۇلۇقتا.
مەن پاتمىدىم، مەن كىرەلمىدىم
جېنىم دادا!
ئۆلگۈرۈپتىمەن تېلېفونىغىلا
كىرپىكىڭگە قونغاندا توپا...

دادا، مەن كەلدىم!
دادا، مەن كەلدىم!
دادا، مەن كەلدىم!

ئاچ قوينۇڭنى ئامراق ئوغلۇڭغا
سۆيۈپ قوياي ساقاللىرىڭغا.
شېئىر يازدىم يىگىدىن نۇرغۇن
ئوقۇپ بەرمەيتىمەن، بولۇپتۇ ئۇزۇن،
يىغلاپ سالماي ئاڭلىغىن دادا.
شەھەردە بولسىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ،
ئوغلۇم ئوقۇتىمەن خاتىرجەم بول دەپ،
ماڭغىن قايتا قىش ئەتىگىنى
ۋېلىسىپىتكە مىندۈرۈپ مېنى،
سوغۇق بەك كۆپ يېزا يولىدا.
ئۆزۈڭ يېپىنغىن جۇۋاڭنى بۇ رەت،
بىلمەپتىكەنمەن
خۇددى سەن تۈگىمايدىغاندەك،
قاشلىرىڭ ئاقارسا قىراۋدا ئاپئاق،
قوللىرىڭ قېتىپ قالسا چوكا مۇزدەك.
ئاشخانىغا باشلاپ كىرگەندە
سەن قاراپ ئولتۇرساڭ، مەنلا لەغمەن
يەپ،
ئويلاپتىمەن
قورسىقى راست توق ئوخشايدۇ، دەپ.
ھېيت كۈنلىرىدە،
يېڭىنى كەيگۈزۈپ ھەر بىرىمىزگە
ھېيتلىق قىلمايدۇ چوڭ ئادەم دېسەڭ،
ئويلاپتىمەن مۇئەللىم دېگەن
يۈرەمدۇ كونىرىغان ئۈستىباش بىلەن.
روھىڭ لىپ-لىق،
يانچۇقۇڭ قۇرۇق،
جېنىڭنى ئىكە كىلەپ
قىلدىڭ يوپيۇرۇق،
روھى قاراڭغۇلۇقتا تۇرغانلارنىڭ،
كەتمەن ئاستىغا تۇغۇلغانلارنىڭ
شېئىردەك بۈيۈك تارىخىنى
يېزىپ چىقتىڭ بىر-بىرلەپ،
ئۆمۈچۈك دۆلىتىدەك خىلۋەت سەھرادا
ئاق قالغان ئەۋلادلار ۋارىقىنى.
دەرئىدىڭ، ئوغلۇم ئاڭلا:
نادان خەلق ئوخشايدۇ قويغا،
كېتىۋەرەر باشلاپ قويسا قاياققا
ئۆگەن، ئەل-يۇرتقا يۈز كېلەلىگۈدەك.
بىز بىلىمگە مۇھتاج،
ئازابنى بىلمەسلىك پاجىئە،
بىز ھەم ئازابقا مۇھتاج.
كەمبەغەل بولغىن دېمەيمەن،
باي بول ئەمما ۋىجدان، غورۇرغا.
شېئىر ياز، دۇنياۋى شېئىرلارنى ياز.
لېكىن سېنىڭ ھەر بىر يازغىنىڭ
ۋەكىللىك قىلسۇن ئۇيغۇرغا...

تويۇڭنى كۆرگۈدەك ئۆمرۈم بولسا دەيمەن
پات-پات خەت يېزىپ تۇرغىن، غېرىبسىنىپ
قالدىكە نىمەن،
بالام بۈگۈن بۇ يەردە قار ياغدى،
قېلىنراق كىي، ئۇرۇمچى سوغۇق.
تويۇڭنى كۆرگۈدەك ئۆمرۈم بولسا دەيمەن...

ئەبلەخ كېسەل، كۆزى يوق كېسەل،
ئۈششۈق كېسەل، بۇدۇشقاق كېسەل.
سوغۇق كېسەل، يامغۇرلۇق كۈندەك
ئۇزۇن، ئۇزاق بەك ئۇزاق كېسەل.
دادام يالغۇز قالسا كارىۋاتتا
چىقىۋېلىپ يېنىغا ئاستا،
ئەركىلىگەن شوخ، ئوماق كېسەل.
ماڭغىنىدا تايىنىپ هاسا
بىللە ماڭغان ۋاپادار كېسەل.
دادامنى هېچ ئەگدۈرەلمەي
ئاخىر ئۆزى بولغان خار كېسەل.

ئۆكۈنۈشتىن باشقا هەمراھ يوق،
جىنىدەك يالغۇز قېلىپ مازاردا
ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغان كېسەل.

تۇپراق بېشىدا
سۆكۈت ئوخشايدۇ كۆز يېشىغا
دۇنيانىڭ تەنھالىقى تامچىلاپ
روھىڭ، يېنىمغا كېلەر پارقىراپ.

دادا...

## مۇز تۇتقان سۇ ئامبىرى

مېھرى ئىسسىق،
چىدامىلىق،
جىمجىت
جەنۇبنىڭ يېزىلىرى.

قۇشقاچلارنى كۆرسەممۇ
يىغا تۇتۇپ كېتىدۇ مېنى.

يېزىنىڭ ئاياغ تەرىپى
سوغۇق، يۇمۇلاق.

كۆپكۆك مۇزدا
بويىنىنى سوزۇپ
كېلەتتى ئاپئاق.
باشقا يەردە ئاق قۇ دەيدۇ
بۇ يەردە ئۇخاپوقاق.①

كۈن مۇز ئۈستىگە سەپمەكتە يىگنە،
جىمجىت چوكقۇرلاپ بارار ۋەهىمە،
مىلتىق چەنلەپ تۇرغاندەك قۇشنى.
غەمكىنلىك مۇزدىنمۇ سوزۇكتۇر سۈزۈك.
ئاستىدا چاقنايدۇ ئەجدادنىڭ ئىسمى.

قايتتۇق ئاستا،
مۇز گەپ قىلماقتا:
غاراس-غۇرۇس، غىنسىر-غىنسىر...

كەچ كىردى
ئۆلۈك ئاق قۇدەك.

## ئۇتۇن بازىرى

قاغىلارنىڭ بويۇنلىرىدەك
ئاپتوبۇسقا ئۇزاپ كېلەر كەچ،
بىراق جوتەن يىراق هەم قەيسەر.

---

① ئۇخاپوقاق — بىر خىل سۇقۇشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەزان ئاۋازى
لاي تاملارنىڭ كەينىدە
ئاستا-ئاستا نۇرلىنىپ،
ئايلانماقتا سەھەرگە.

غېممىزنى تاشلاپ شەھەرگە،
مەيچىگە تۆلەپ ئۈچ تەڭگە،
يولغا چىقتۇق يېزىغا تۇتاش
توپا ئۆرلەپ تۇرغان ئۇ يەرگە.
ئاسمان-پەلەك بېسىلغان
تۈتۈن، ئەمگەك، ۋاقىت، مۇھتاجلىق.

دۆۋە-دۆۋە
قەدىمىي توغراق ۋە
يۇلغۇن يىلتىزلىرى
ئوخشار مۇنداق رەسىمگە:

ئۇردا خارابىسى،
بىر سەنئەت مۇزېيى.
ياغاچ پۈتۈك.
قىزغۇچ كومزەك كۆتەرگەن يالىڭاچ ئوت ئىلاھى.
چاشتانى ئىلىك بەگدىن قورقۇپ كەتكەن جىنلار.
قان يۇقى ئۇستىخان، سۈزۈك قاشتېشى.
مۈڭگۈزىنى دىڭگايتىپ بۇغىلار ياتقان.
سۈزۈك قاشتىشى ئەمەس مايماق ئوتۇن،
يەنە بىر ئايال ئوتۇن.
بىر تىرىك ئادەمگە ئوخشايدىغان ئوتۇن.

سالۋا تەلپەك كىيگەن ئادەملەر،
دىۋىدەك ئېگىز كەلگەن ئادەملەر
تراكتوردىن تاشلايدۇ ئوتۇن.

تۇرسۇنجان ھاشىمى

## ئىككى بۆشۈك

### ئىككى بۆشۈك

تەۋرەتمەكتە بۆشۈكنى ئانا،
كۆزلىرىدە بەخت جىلۋىسى.
خىياللاردەك تاتلىق، خىرامان
ئۇخلىماقتا «ئالتۇن بېلىسى».

بەزەن ئانا مۇڭلۇق كۈي بىلەن
بىر نۇقتىغا قالار قادىلىپ.
ئەسكە ئېلىپ باللىقىنى،
دىل كۆلچىكى كېتەر چايقىلىپ.

ئەنە ئۇنىڭ شوخ، تەنتەكلىكى،
غۇنچىلارغا تولغان باغلىرى.
كۆزلىرىدىن ئۆتىدۇ بىر-بىر
ئاي نۇرىدەك سەبىي چاغلىرى.

ھايات شۇنداق قىسمەتلەرگە باي،
سىرلىرىنى تۆكمەكتە مانا.
تەۋرەتمەكتە خىياللار ئارا
بۇ دەم ئىككى بۆشۈكنى ئانا.

### رۇجەكلەردىن شۇڭغۇماقتا نۇر

تىنىق كېچە، ئاي كۆيەر كۆكتە،
چۈش بۆشۈكى تەۋرىنەر ئاستا.
سېغىنىشنىڭ تاتلىق كۈلكىسى
ئەكس ئېتەر ھەرتامچە ياشتا.

ئىپەك پەردە قايرىلدى مەيىن،
سادا كىردى: نۇر، نۇرنىڭدىن نۇر.
قىز قەلبىدە نازۇك بىر سېزىم،
رۇجەكلەردىن شۇڭغۇماقتا نۇر.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مامۇت زايىت، ئوسمانجان ساۋۇت

# بالىلار ئەدەبىياتى

ئەخمەتجان قۇربان

## باھار شاملى

(بالىلار چۆچىكى)

بىزنىڭ ئۆينىڭ تورۇسىدا، بىر قارلىغاچ ئۇۋىسى بار. شۇڭا دېرىزە كېچە-كۈندۈز ئوچۇق تۇرىدۇ. ئاشۇ ئۇۋىدىكى بىر جۈپ قارلىغاچ ئىككى بالىسىغا ئەتىگەندىن كەچكىچە ئوزۇقلۇق توشۇيدۇ. مەن ئاشۇ ئەمگەكچان ئاتا-ئانا قارلىغاچلارغا قاراپ ئاتا-ئانامنىڭ ئىللىق مېھرىنى ھېس قىلغاندەك بولىمەن. بۇ قارلىغاچلار ھەر قېتىم ئوزۇقلۇق ئەكەلگەندە قارلىغاچ بالىلىرى خۇددى ئۇلارنىڭ ئەمگىكىگە تەشەككۈر ئېيتىۋاتقاندەك ۋىچىرلاپ كېتىدۇ.

قارلىغاچ بالىلىرى دەسلەپتە تۈكسىز قىپقىزىللا ئىدى. ئاتا-ئانىلىرىنىڭ جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي پەرۋىش قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدە ئاستا-ئاستا تۈك پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

مەن ھەر كۈنى ئۆيدە تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولۇپ، چارچىغان چېغىمدا ئاشۇ قارلىغاچلارغا قاراپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن. قارلىغاچ بالىلىرى ئاتا-ئانىسى كەلگەندە ۋە كەتكەندە شۇنداق ۋىچىرلاپ كېتىدۇ، ئاتا-ئانا قارلىغاچلارمۇ ناھايىتى يېقىملىق ئاۋاز بىلەن خۇددى ئاپام ئۇكامنى ئەركىلەتكەندەكلا سايراپ كېتىدۇ. بىراق، مەن ئۇلارنىڭ زادى نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيمەن. راست، مەن قارلىغاچلارنىڭ سۆزىنى نېمىشقا بىلەلمەيدىغاندىمەن؟ بىر كۈنى ئۆزۈمگە تۇيۇقسىزلا مۇشۇ سوئالنى قويۇپ قالدىم. قارلىغاچلار خۇددى بىزگە ئوخشاش بىر-بىرى بىلەن پاراڭلىشامدىغاندۇ؟ مەن ئويلىنا-ئويلىنا ئاخىر قارلىغاچلار چوقۇم بىزدەك پاراڭلىشىدۇ، ئۇلارنىڭمۇ تىلى بار، بىراق بىز ئۇنى ئۇقمايمىز، دېگەن خىيالغا كەلدىم. كۆپنى بىلىدىغان بوۋامدىن بۇ ھەقتە سوراپ باقماقچى بولدۇم.

— بوۋا، — دېدىم بىر كۈنى مەكتەپتىن يېنىپ كېلىپلا ھويلىدا كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ موزىيىمىزغا ئۇقتا توقۇۋاتقان بوۋامغا، — قارلىغاچلارمۇ سۆزلىشەلەمدۇ؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سۆزۈمنى ئاڭلىغان بوۋام باشتا گاڭگىراپ قالدى. كېيىن خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— نەدىكى گەپنى قىلىپ يۈرىسەن بالام، ھايۋانلار، قۇشلار تىلسىز بولىدۇ، قارلىغاچمۇ بىر قۇش، ئۇلار قانداقمۇ گەپ

قىلالىسۇن، ــ بۇۋام شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ پەرۋاسىز ھالدا ئۆز ئىشىنى قىلىشقا باشلىدى. مەن سىز ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىكەنسىز، دەپ ۋارقىرىۋەتمەكچى بولغان بولساممۇ يەنىلا ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم.

يازنىڭ تازا پىژغىرىم ئىسسىقىدا تۇخۇمدىن چىققان ئىككى قارلىغاچ بالىسى كۆز پەسلى يېقىنلاشقانسېرى قانات-قۇيرۇقلىرى تولۇقلىنىپ ئاتا-ئانىسىغا ئوخشىغىلى تۇردى.

بىر كۈنى مەن يەنە كۈندىكىدەكلا تورۇسقا تىكىلگىنىمچە قارلىغاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتىم. شۇ چاغدا ئاجايىپ غەيرىي بىر ئاۋاز مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن خۇددى قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمىگەندەك قۇلىقىمنى كوچىلىۋېتىپ ھېلىقى غەيرىي ئاۋازغا قۇلاق سالدىم. ئوھوي ماۋۇ مۆجىزىنى كۆرۈڭ، مەن ئىككى قارلىغاچ بالىسىنىڭ پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى راستىنلا ئاڭلىدىم. ئۇلار خۇددى بىزگە ئوخشاش ناھايىتى چۈچۈك تىلدا سۆزلىشىۋاتاتتى.

ــ بىز ئەمدى چوڭ بولدۇق، كەچكىچە ئاتا-ئانىمىزنى ئاۋارە قىلماي مۇستەقىل ياشىساق بولاتتى، ــ دېدى قارلىغاچ بالىسىنىڭ بىرى. ــ بىراق ئۇچالمايسىلىقىمىز مۇمكىن دەپ سەل ئەندىشە قىلىۋاتىمەن ــ دېدى قارلىغاچ بالىسىنىڭ يەنە بىرى:

ــ ئەندىشە قىلمىز دەپ ئۇۋىدىن چىقماي يېتىۋەرسەك ئۇچالمايدىغان بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. تالا-تۈزگە چىقىپ ئۇچۇشنى مەشىق قىلمامدۇق.

ــ بۇ گېپىڭگۇ توغرا، لېكىن ئاۋۋال ئاتا-ئانىمىزنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشىمىز كېرەك.

شۇ چاغدا مەن تاقەت قىلىپ تۇرالماي ۋارقىرىۋەتتىم.

ــ سالام، قارلىغاچ بالىلىرى، مەن سىلەرنىڭ گەپىڭلارنى قوۋۇۋەتلەيمەن.

ــ ھەي ئاق كۆڭۈل بالا، ــ دېدى ئىككى قارلىغاچ بالىسى تەڭلا، ــ سىز بىزنىڭ تىلىمىزدا گەپ قىلالايدىغان بولۇپ قاپسىزغۇ؟ .

ــ ياق، سىلەر بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلىشىۋاتىسىلەرغۇ؟ مەيلى، قانداقلا بولمىسۇن، بىز ئورتاق تىلغا ئىگە بولدۇق. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇۋاتىمەن، ــ دېدىمەن خۇشاللىقىمنى باسالمىغان ھالدا.

ــ شۇنداق، بىز سىزگە ۋە سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىزغا رەھمەت ئېيتىمىز. سىلەر



ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل، ــ دېدى قارلىغاچ بالىلىرى تەڭلا.

ــ رەھمەت دېگۈچىلىك ئىش يوق. قارلىغاچ بىلەن ئىنسانلار ئەزەلدىن دوست. مەن سىلەر بىلەن يېقىن ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. بىراق، ئۇچۇرما بولۇشقا ئاز قالدىڭلار، ئەمدى مەن سىلەردىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇم.

ــ بۇنىڭدىن غەم قىلماڭلار، بىز ئۇچۇرما بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ دائىم سىزنى يوقلاپ تۇرىمىز.

شۇ كۈنى ئۇ ئىككى قارلىغاچ بىلەن

يېقىن دوست بولۇشقا ۋەدىلەشتۇق. مەن تۇيۇقسىزلا قارلىغاچلارنىڭ تىلىنى بىلىپ قالغانلىقىمدىن ھەيران قالدىم. بۇ مېنىڭ چۈشۈم بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئۆزۈمگە ئىشەنمەي يۈردۈم. بىراق، بۇ ئەمەلىيەت ئىدى. كۆپ ئۆتمەي ھېلىقى ئىككى قارلىغاچ بالىسى ئۇچۇرما بولۇپ كەتتى. بىراق، ئۇلار كۈندە دېگۈدەك مېنى يوقلاپ مەن بىلەن پاراڭلىشىپ تۇردى. بىراق، بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنى ئاشۇ ئىككى قارلىغاچ بىلەن مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. مەنمۇ باشقىلارنىڭ بۇنىڭغا دەخلى يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئىنتايىن مەخپىي تۇتتۇم.

ئۇلار مېنى مەكتەپكىمۇ، ئۆيۈمگىمۇ، باللار بىلەن ئويناپ يۈرگەن يېرىمگىمۇ ئىزلەپ باراتتى. مەن بۇنداق چاغدا پۇرسەت چىقىرىپ باللاردىن ئايرىلاتتىم-دە، خالىي جايغا بېرىپ ئۇلار بىلەن قىزىق-قىزىق پاراڭلارنى سېلىشاتتىم. ئۇلارمۇ ئاجايىپ شوخ ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بېرەتتى. مەنمۇ ئۇلارغا مەكتەپتە ئۆگەنگەن ناخشىلىرىمنى ئېيتىپ بېرەتتىم.

بىر كۈنى سىنىپتا ئوقۇتقۇچى ئۆتۈۋاتقان دەرسنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاۋاتاتتىم. شۇ چاغدا سىنىپنىڭ ئوچۇق دېرىزىسىدىن ھېلىقى ئىككى قارلىغاچ ئۇچۇپ كىرگىنىچە:

— چاپسان بولۇڭ، چاپسان بولۇڭ، ئۆيىڭىزگە ئوت كەتتى، — دەپ ئەنسىز ۋارقىراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

باشقا باللار قارلىغاچ، قارلىغاچ، دېگىنىچە چۇۋۇلدىشىپ كەتتى. مەن شۇ چاغدا ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— مۇئەللىم، بىزنىڭ ئۆيگە ئوت كېتىپتۇ، چاپسان بولۇڭلار، ئۆچۈرۈۋالايلى، — دېگىنىمچە يۈگۈردۈم. مۇئەللىم بىلەن باللارمۇ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئارقامدىن بىزنىڭ ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. بىز يېتىپ بارغاندا دېگەندەك چايخانىمىزغا ئوت تۇتىشىپ ئۆلگىيىشقا باشلىغانىكەن. باللار بىلەن بىردەمدىلا ئۆچۈرۈۋالدۇق. ئەسلىدە قارلىغاچلار بىزنى يوقلاپ ئۆيىمىزگە بېرىپ ئوت كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ماڭا خەۋەر قىلغانىكەن. مەن كېيىن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتىم. ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان مۇنداق ياخشىلىقى ناھايىتى كۆپ، ھەممىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ بولار.

كۈز پەسلى يېتىپ كېلىپ قارلىغاچلار توپ-توپى بىلەن جەنۇبقا قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ ئىككى دوستۇم مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇلار چۈشكۈن بولۇپ، روھىمۇ سۇنۇق ئىدى، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا تىترەك ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— قەدىرلىك دوستۇم، بىز ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالدا قالدۇق، ھاۋا بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىپ، ئاتا-ئانىمىز بىزنى جەنۇبقا كېتىشكە زورلاۋاتىدۇ. كەتمەيمىز دېسەك سىلەر ئالجىپ قاپسىلەر، سىلەر بۇ يەردە قىشتىن چىقالمايسىلەر، سوغۇق سىلەرنى جېنىڭلاردىن جۇدا قىلىدۇ، دەپ تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. بىزگە ياردەم قىلالارسەن-مۇ؟ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ گۈزەل يۇرتىمىزدىن ئايرىلالمايمىز. ئەگەر سەن ئامال قىلالمىساڭ بەش-ئالتە كۈندىن كېيىن ئاتا-ئانىمىز بىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىدۇ.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ھەقىقەتەن كۈز پەسلى كېلىش بىلەن قارلىغاچلارنىڭ بۇ يەردىن ناھايىتى يىراقلارغا كېتىدىغانلىقىنى، ئاشۇ ئىككى دوستۇمدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. شۇڭا مەن ئۇلارغا ئەتە

uyghurkitap.com



يەنە كېلىڭلار، مەن چوقۇم بۇنىڭ ئامالىنى قىلىمەن دېدىم. ئۇلار ئىشەنمىگەن ھالدا ئۇچۇپ كېتىشتى. مەن شۇ كۈنى بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندىم. نېمىشقىمۇ قىش بولىدىغاندۇ؟ ئەگەر قىش بولمىغان بولسا ئۇ دوستلىرىم ھەرگىز كەتمەيتتى. قانداق قىلسام داۋاملىق ياز بولۇپ تۇرىدىغان بولار؟ مەن خېلى كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن خۇشاللىقىمدىن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم. توغرا، مەن قۇياشقا خەت يېزىشىم كېرەك. قۇياش چوقۇم يۇرتىمىزدا قىش بولمىسۇن دېگەن ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن قۇياشقا خەت يازدىم.

«ھۆرمەتلىك قۇياش، سىز بىزنىڭ يۇرتىمىزغا قىشنى كەلتۈرمىسىڭىز. سەۋەبى، مېنىڭ ئىككى قارلىغاچ دوستۇم بار ئىدى. ئۇلار قىش كەلسىلا ئامالسىزلىقتىن مەندىن ۋە يۇرتىمىزدىن ئايرىلىپ ناھايىتى يىراقلارغا كەتمەكچى. شۇڭا يۇرتىمىزدا ئەمدى قىش بولمىسۇن. سىز بۇ كىچىككىنە ئىشنى چوقۇم بېجىرەلەيسىز. دەپ خەت يازغۇچى سىزنى كۈندە كۆرۈپ تۇرغۇچى كىچىك ئوغلىڭىز.»

مەن خەتنى قۇش شەكلىگە كەلتۈرۈپ قاتلىدىم. تالادا كۈز شامىلى چىقىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن تالاغا چىقىپ قۇشۇم تېز ئۇچۇپ مەقسىتىمنى قۇياشقا يەتكۈز، دەپ تۈۋلىغىنىمچە قەغەز قۇشنى قۇياش تەرەپكە قارىتىپ ئاتتىم. شامال قەغەز قۇشنى ئۇچۇرۇپ كەتتى.

كۆپ ئۆتمەي بۇ ئىشىمنىڭ تولىمۇ ساددىلارچە قىلىنغان ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. چۈنكى، قۇياش مېنىڭ ئۇ خېتىمنى تاپشۇرۇۋالالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن قارلىغاچلارنى ئۆزۈم ياتىدىغان ئىسسىق ئۆيگە ئەكىرىپ قىشچە بېقىش قارارىغا كەلدىم. بۇ مەقسىتىمنى ئاتا-ئانامغا دېگەنىدىم، ئۇلار قانداق قىلساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، بىراق ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ئۇۋالىغا قالمىغىن يەنە، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئوبدان ئويلىشىپ بارلىق تەييارلىقلىرىمنى پۈتتۈردۈم. ئەتىسى ئىككى قارلىغاچ دوستۇمغا مەقسىتىمنى ئېيتىۋىدىم، ئۇلار خۇشاللىق بىلەن بىز مۇشۇ زېمىندىن ئايرىلمىساقلا ھەرقانداق تەلىپىڭگە قوشۇلىمىز دېدى.

بۇ ئىككى دوستۇم جەنۇبقا كەتمىدى. مەن ئۆيىمىزنىڭ تورۇسىغا چىرايلىق سېۋەتنى ئېسىپ ئۇلارغا يۇمشاق، ئىسسىق ئۇۋا ياساپ بەردىم. ئوچاققا ئوتنى ئادەتتىكىدىن كۆپ قالاپ بىر مىنۇتمۇ ئۆچۈرمىدىم. ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوزۇقلىرىنى تەق قىلىپ بەردىم. قىش كۈنلىرى بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. مەن باللار بىلەن ئوينايدىغان ئويۇنلىرىمنى قىسقارتىپ پۈتۈن بوش ۋاقتىمنى ئاشۇ ئىككى دوستۇم ئۈچۈن سەرپ قىلدىم. ئۇلار بەزىدە تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆز يېشى قىلدى، لېكىن مەن بۇ ئىشىمدىن ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلاتتىم.

مەن ۋە ئىككى دوستۇم زارىقىپ كۈتكەن باھار شامىلى ئاخىر يېتىپ كەلدى. قارلىغاچلار ئاسماندا يەنە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. مەن ئىككى دوستۇمنى تالاغا ئاچىقىپ قويۇپ بەردىم. ئۇلار كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلغىنىچە مېنىڭ ئۈچۈن تەشەككۈر ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

پەرۋاز قىلىڭلار، قارلىغاچلىرىم!
ئېھ باھار شامىلى!

مەسئۇل مۇھەررىر ماموت زايىت

باتۇر مەخسۇت

# ئالىيجاناب روھ ۋە ھەسرەتلىك مۇھەببەت

——— «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» ھەققىدە مۇھاكىمە

ئەختەم ئۆمەرنىڭ «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» ناملىق پوۋېستى ئىزدىنىش يولىدا ئىجاد قىلىنغان، ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان گۈزەل ۋە شېرىن سىرلارنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە كىتابخانلارنى ھاياجانغا سالىدىغان ئەسەردۇر.

ئەسەردە تۇردىنىڭ ياشلىق ھېسلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان چاغلىرىدا، ئۇستىسىنىڭ قىزى ئايىمنىساغا ئاشىقى بىقارار بولغانلىقى، ئايىمنىسانىڭمۇ تۇردىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەنلىكى، ئەمما ئىشق-مۇھەببىتىنى ئاشكارا ئىزھار قىلالماي يوشۇرۇن ئازابلىنىپ، كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقى، كېيىن ئايىمنىسانى دولان دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى تېۋىپقا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتقاندا كېمە چۆكۈپ كېتىپ، قىزنىڭ سۇغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىكى، تۇردىنىڭ ئەنە شۇ تۇنجى سۆيگۈسىگە بولغان چىن ئەقىدىسى بىلەن 32 يىلدىن بېرى ئاچچىق ھەسرەتتىن پۈتكەن مەنىۋى لەززەتتىن ئوزۇق ئېلىپ، پاك ياشاپ كەلگەنلىكى، بۇ جەرياندا ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ، يېمەي-ئىچمەي يىغقان 36 مىڭ 400 يۈەن پۇلنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىنام ئاخۇنۇمنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ھەرەمگە بېرىپ ھەج-تاۋاپ قىلىشتەك ئەڭ ساۋابلىق ئىشقىمۇ ئىشلەتمەستىن، دەرياغا كۆۋرۈك سالدۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

ئاپتور تۇردى بىلەن ئايىمنىسانىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك، ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىككە ئوخشاش ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، روشەن خاسلىقى ئارقىلىق بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئىنساننىڭ قىممىتى، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. بىز ئەسەرنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئاپتورنىڭ يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى نادانلىق، قالاقلىق ھەم خۇراپاتلىقنى تۇگىتىپ، يېڭا

ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنى باي بولۇشقا يېتەكلەشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە مەزمۇن ئەلۋەتتە ئوبراز ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. ئوبراز قانچىكى جانلىق بولسا، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى شۇنچىلىك تولۇق ئىپادىلەپ، كىتابخانلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەربىيىۋى رولى يازغۇچىنىڭ مۇھاكىمىسى ئارقىلىق ئەمەس، يازغۇچى ياراتقان ئوبراز ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئوبراز ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى ئارقىلىق زوقلانغۇچىلارغا بېرىپ يەتكەن تىپىك بەدىئىي پىكىرلا يەنى ئەسەرنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىگە سىڭدۈرۈلگەن خاھىشلا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ھەقىقىي ئىدىيىۋى مەزمۇنى بولالايدۇ.

ئەسەردىكى تۇردى ئوبرازى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان، ھايات زىددىيەتلىرى ئىچىدە ئۆزىگە خاس خاراكتېر ۋە خاسلىقىنى يېتىلدۈرگەن ئوبراز بولۇپ، ئۇ ئالىيجاناپ روھنىڭ جەۋھىرى، پاك ئەخلاقى-پەزىلەتنىڭ سىمۋولى، ئاپتورنىڭ غايىسى ۋە ئۈمىدىدۇر.

مېنىڭچە، تۇردى بىلەن ئايىمنىسانىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە سەۋەب بولغان ۋە تۇردىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى نابۇت قىلغان بىرىنچى سەۋەب ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە فېئوداللىق ئەخلاق. مۇھىمراق ئىجتىمائىي سەۋەب — نامراتلىقتىن ئىبارەت.

ماركس: «ئادەمنىڭ ماھىيىتى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدە ئەزەلدىن بار ئابستراكت نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۇ پۈتكۈل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت» دېگەنىدى. بۇ سۆزدىن پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ بەلگىلىك ئىجتىمائىي مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس. دېمەك، تۇردى بىلەن ئايىمنىسالارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپ، دولان دەرياسى بويىدىكى خىلۋەت ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئەنئەنىۋى تەربىيە ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولغاچقا، خۇراپىي ئاڭ ۋە كونا ئەخلاقىي قاراشلارنىڭ تەسىرى ئۇلارنىڭ گۆدەك قەلبىگە سىڭمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تۇردىنىڭ ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ سۆزىنى ھېكمەت بىلىشى، مەيلى مەسچىت ياكى دەريا بويىدا بولسۇن، دۇئا-تىلاۋەتنى تاشلىماسلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى تەربىيىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇنداق ئەنئەنىۋى تەربىيە، بىر تەرەپتىن، تۇردىنى ئەمگەكچان، نومۇسچان، ۋىجدانلىق ۋە دىيانەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنتىلگەن سۆيگۈ ۋىسالىغا يېتىشتە جۈرئەتسىز قىلىپ قويىدى.

تۇردى ياشلىق ھېسلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىت چاغلىرىدا، ئۇستىسىنىڭ قىزى ئايىمنىساغا چىن دىلىدىن ئاشىق بولىدۇ. ئايىمنىسامۇ تۇردىنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن ئۇلار مۇھەببىتىنى بىر-بىرىگە ئوچۇق ئىزھار قىلالماستىن، يوشۇرۇن

ئازابلىنىپ، بىر-بىرىنىڭ ئىشق-پىراقىدا يۆچىلىنىدۇ، ھەتتا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالىدۇ. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار بىر-بىرىنى ھەقىقىي ياختى كۆرىشىدۇ-يۇ، لېكىن ئۆزلىرى زارىقىپ تەشنا بولغان مۇھەببەتكە باشتىن-ئاخىر ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدا كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىر خىل روھنىڭ تەسىرى يوق دەپ ئېيتالمايمىز. بىزنىڭ بۇ ھۆكۈمىمىزنى ئەسەردىكى مۇنۇ تەسۋىرلەر روشەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ: «قىز شوخ كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇنىڭ سۆيۈشىنى كۈتەتتى، تۇردى ئاغزىنى يېقىن ئەكىلىپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئاۋۋال قىزنىڭ نەرىگە سۆيسۇن؟ چىنەستىدەك قىزىرىپ تۇرغان لېۋىگە سۆيسۇنمۇ ياكى سەبىي، ئەمما مىسلىسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىگىمۇ؟ ياق... ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلماسلىق كېرەك. ئىپپەت قەسرىنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسىغا سېلىنغان توقسان توققۇز پەرلىك مۇقەددەس قۇلۇپنى تېخى ئېچىلمىغان بۇ پاك، ساددا قەلبنى خورلاشقا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش جىنايەت». ئاپتور بۇ يەردە تۇردىنىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلىتىنى تەرىپلەشتىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ نابۇت بولۇشىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان ھەمدە ئەركىن مۇھەببەتنى چەكلەپ تۇرغان خوراپىي ئاڭ بىلەن خوراپىي ئىپپەت قارىشىنى يان تەرەپتىن تەنقىد قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئاپتور يەنە ئۇلارنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەنە بىر مۇھىم ئىجتىمائىي سەۋەبنى — دەرياغا كۆۋرۈك سېلىنمىغانلىقى تۈپەيلىدىن يالغۇز ئايىمنىسالا ئەمەس، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ سۇغا غەرق بولۇپ، ئېلىقا يەم بولغانلىقىنى ئەينى مەزگىلدىكى يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى ھەم نامراتلىقىغا باغلاپ ئىپادىلەيدۇ.

نامراتلىق تۈپەيلىدىن دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشقىمۇ قۇربى يەتمىگەن يېزا خەلقى قىيان مەزگىللىرىدە كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتۈشتە ھەر ۋاقىت ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىگە ئۇچراپ تۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ شەپقەتسىز دەرياغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى ھەسسىلەپ ئاشاتتى. ئۇلار بۇنى پەقەت تەبىئەتنىڭ شەپقەتسىزلىكىدىنلا كۆرەتتى. بۇ ھال ئۇزاق يىللاردىن بۇيان مانا مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كەلدى.

ئىسلاھات داۋامىدا پارتىيىمىز يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، دېھقانلارنى روناق تاپقۇزۇش جەھەتتە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ كۆز يۇمۇپ بولمايدىغان ئەمەلىيەت. لېكىن ئاساسىي قاتلامدىكى ئايرىم كادىرلارنىڭ چىرىكلىكى، نەپسانىيەتچىلىكى تۈپەيلى پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان دېھقانلارنى روناق تاپقۇزۇش ھەققىدىكى سىياسەت، بەلگىلىمىلىرى بەزى چەت-ياقا يېزىلاردا تولۇق ئەمەلىلىشىپ كېتەلمىدى. بۇ ئەينى چاغدا ھەل قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ نۇقتىنى ئەختەم ئۆمەر مەزكۇر ئەسەردىلا ئەمەس، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق پوۋېستىدىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە يورۇتۇپ بەرگەنىدى. «ئاھ، رەھىمسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەريا » دا دەرياغا كۆۋرۈك سېلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاق يىللاردىن بېرى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ رەھىمسىز دەريا تەرىپىدىن يۇتۇپ كېتىلگەنلىكى ئىپادىلەنگەن بولسا، « قۇرتلاپ كەتكەن كۆل » دە سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرىنىڭ، ئەقەللىيسى ئادەم ئىچىدىغان پاكىزرەك سۇنىڭ بولماسلىقى سەۋەبىدىن كېسەللىك تارقىلىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ جانىدىن جۇدا بولغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر بۇرجىكىدە يۈز بەرگەن بۇنداق ئەھۋاللارنى باشقا جايلاردىمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە يۈز بەرمىدى دەپ ئېيتالمايمىز. مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىشقا، ئىسلاھ قىلىپ ئۆزگەرتمەسلىككە بولامدۇ؟ پارتىيىمىزنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسىتى ئەنە شۇنداق ئىللەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى، دېھقانلارنى روناق تاپقۇزۇشنى مەقسەت قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟! پارتىيىمىز ئۇلۇغۋار فاڭجېن-سىياسەتلەرنى ئىنتايىن ئېنىق بەلگىلەپ بېرىۋاتقان، كۆپلەپ مەبلەغ ئاجرىتىپ، يېزىلارغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىۋاتقان بولسىمۇ، سىياسەتنى ئىجرا قىلىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەر بۇنىڭغا سەل قاراۋاتىدۇ. ئاپتور ئەسەردە مۇشۇ مەسىلىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنى روناق تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇ-ئىستىكىنى ئىپادىلىگەن.

ئەسەردە تۆردى رەزگىننىڭ ئالىيجاناب روھىي ئىنتايىن جانلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ئالىيجاناپ روھى مۇھەببەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ قەلبىنى تۇنجى قېتىم تىترەتكەن مۇھەببەتنى ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلايدۇ. شۇڭا چىن مۇھەببەت ئاتا قىلغان بەختنىڭ خىيالىي ئىزناسىنى بىر ئۆمۈر ئىزدەپ، ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە « شۇنداق بىر غايە مۇنارىسى تىكلەنگەنكى، ئۇنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئەگرى-توقايلىق، ھەرقانداق يەر تەۋرەش ۋە ھەرقانداق شىددەتلىك بورانمۇ بۇ مۇقەددەس مۇنارنى ئۆرۈۋېتەلمىدى. ئەكسىچە ئۇ بارغانسېرى سەلتەنەتلىك بولۇپ قەد كۆتۈردى » . بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن بەدەل تۆلىدى، قېرىدى، جۈدەيدۇ، مەنىۋى ھاياتى نابۇت بولىدۇ. ياشلىق ھېسلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، تېنىدىن بەدبۇي تەر بۇقسۇپ تۇرىدىغان، بەزەپ، كۆرۈمسىز، رەزگى ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل نەقىشلەر ئويۇلغان قەلبى جاھاننىڭ تۈرلۈك پاسكىنىچىلىكلىرىدىن ساقلىنىپ، خۇددى دېڭىز ئاستىدىكى مارجانلاردەك غۇبارسىز چاقناپ، كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئالىيجاناپ روھىنى پۇل-دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان، ھالال ئەمگەككە تايىنىپ ياشايدىغانلىقىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇ، ئۆمۈر بويى ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ جەبرى-جاپا بىلەن ئىشلەپ، غورىگىل كۈن كەچۈرۈپ پۇل يىغدى. « ئوغرىلىق، زىناخورلۇق، گۇناھى ھاراملاردىن ساقىت بولۇپ ياشىدى » ، باشقىلارنىڭ مال-دۇنياسىغا كۆز قىرىنى سالمىدى. بۇ جەھەتتە

ئۇ «پۇل بولسىلا ھەممە بولىدۇ، ھەتتا جەننەتنىمۇ سېتىۋالغىلى بولىدۇ» دەپ ھېسابلايدىغان، پۇل-دۇنيا ئۈچۈن جاھاندىكى ھەممە ئىپلاسلىق ۋە پەسكەشلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغان سالى، ئىدرىس ھاشىرخانغا ئوخشاش ئۆزلىرىنى چىرايلىق بېزەپ يۈرىدىغان «مەدەنىيەتلىك» كىشىلەر بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولالايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ ئالىيجاناب روھىنى ئۆمۈر بويى يېمەي-ئىچمەي يىغقان 36 مىڭ 400 يۈەن پۇلنى دەرياغا كۆۋرۈك سالدۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە ئىئانە قىلغانلىقىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

تۇردى پۇل تاپقاندىن كېيىن، بۇ پۇلنى ھەرەمگە بېرىپ ھەج-تاۋاب قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىپ ساۋاب تېپىپ كېلىشكە ئىشلىتىش كېرەكمۇ ياكى باشقىچە بىرەر ساۋابلىق ئىشقا ئىشلىتىش كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ، ئىمام ئاخۇنۇم باشلىق بىر تۈركۈم جامائەت ئەھلى تۇردىنى ھەرەمگە بېرىپ ھەج تاۋاب قىلىپ كېلىشكە دەۋەت قىلىدۇ ھەم شۇنداق قىلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. تۇردىنىڭ شۇنداق قارارغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. لېكىن تۇردى ئويلىمىغان يەردىن ناھىيىنىڭ ھاكىمىنى چاقىرتىپ كېلىپ، پۈتۈن دەپىنى-دۇنياسىنى دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئەۋلادلار مەڭگۈ ئۇنۇتمايدىغان ھەقىقىي ساۋابلىق ئىشنى قىلىدۇ.

دېمەك، تۇردى ئالىيجاناپ روھنىڭ ئىگىسىدۇر، شۇنىڭدەك گۈزەللىكنىڭمۇ سىمۋولىدۇر. ئاپتور ئۇنىڭ شەكىل گۈزەللىكىنى ئەمەس، بەلكى قەلب گۈزەللىكىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ سىرتىدىكى رەزگىللىك پەقەت قەلب كۆزى غۇۋا كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىتىشىدىنلا ئىبارەت، خالاس. مانا بۇ ئاپتورنىڭ مۇقەددەس گۈزەللىك تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئېستېتىك قارىشى، رېئاللىقنى ۋە ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى ئېچىپ بېرىشتىكى يۇقىرى ماھارىتىدۇر.

ئەسەردە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك يەنە مۇنداق بىر نۇقتىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، تۇردىنىڭ ئايىمنىسا ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىشى.

مېنىڭچە، مۇنداق تەسۋىرلەر، بىرىنچىدىن، ئەسەرنىڭ كەيپىياتىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى ئاشۇرسا، ئىككىنچىدىن، ئاپتورنىڭ ئىلگىرىكى بىر قىسىم ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاش پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە روھىي ھالەتلىرىنى، ئىجتىمائىي مۇھىتىنى تەبىئىي ئەكس ئەتتۈرمەي، ئىجابىي پېرسوناژلارنى ئىچىمۇ-تېشىمۇ گۈزەل، نۇقسانسىز قىلىپ ئىپادىلەش، سەلبىي پېرسوناژلارنى بولسا، سەت ۋە خۇنۇك كۆرسىتىشتەك ھالەتلەرنى تۈگىتىپ، ئۆزگىچە يول ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۇردىنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ رەزگى ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى ھەققىدىكى تەسۋىرلەر مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئاپتورنىڭ مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى بۇزۇلغان ئىجتىمائىي ئەخلاققا بولغان قارشىلىقى ۋە نارازىلىقىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ ئۆزلىرىنى ئېسىل تون بىلەن نىقابلىۋالغان، ئەمما روھى چىرىگەن كىشىلەرگە قىلىنغان مەسخىرىدۇر.

www.uyghurkitap.com

يۈقىرىقىلاردىن باشقا مەزكۇر ئەسەردە يەنە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بولغان «خىيالنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش، ئەمما چىنلىقنى يوقاتماسلىق» تىن ئىبارەت سېھرىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

تۇردىنىڭ ئىلاھىي سېھرىي كارامەت بىلەن چەك چېگىلگەن ئوتلۇق مۇھەببەت رىشتىنىڭ قۇدرىتى تۆپە يىلى 32 يىلدىن بېرى ھەركۈنى دەريا بويىغا كېلىپ، سۇغا غەرق بولغان يارى ئايىمنىسا بىلەن غايىبانە كۆرۈشۈشلىرى ۋە پاراڭلىششلىرى كىشىگە ئىختىيارسىز ئەپسانىلەردىكى سىرلىق كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلىتىدۇ. بىز تۇردىنىڭ ئاخىرقى قېتىم دەريا بويىغا كەلگەن مەزگىلىدىكى مۇنۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

« ...بۈگۈن نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ، ئاللا ئايىمنىساغا دەريا ئىچىدىن چىقىپ تۇردى رەزگىنىڭ مەجنۇن قەلبىگە شىپا بولۇشقا ئەمىر قىلدىمۇ-قانداق؟ ئەنە ئۇنىڭ نازۇك قوللىرى تۇردىنىڭ قاتمال بەدەنلىرىنى سىلىماقتا، ئەنە بۇ نازۇك قوللار ئۇنىڭ كىرلىشىپ پاخپايغان چاچلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭ بويىنىغا چۈشتى... قىزنىڭ بوشقىنا ئاڭلانغان ئاۋازى تۇردىنىڭ سەل بوشاشقان ۋۇجۇدىنى تېتىكلەشتۈردى.

— نېمە دەيسىز مېنىڭ ئامرىقىم، ئايىمنىسا گۈلۈم؟ — دەپ سورىدى تۇردى.

قىز بىر ئاز جىم بولغاندىن كېيىن:

— مۇشۇ يىللاردا نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈردىڭىز؟ — دېدى.

— سىزنىڭ پىراقىڭىزدا مەجنۇن بولۇپ، خۇدۇمنى بىلمەي يۈردۈم، سىز ئۈچۈن قارىلىق تۇتتۇم، — تۇردى كۆزىنى ئاچماستىن شۇنداق دېدى.

... ...

قىز ناھايىتى پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— سىز شۇنچە پۇلنى نېمىشقا يېمەي-ئىچمەي يىغىسىز؟

— يىغقانلىقىمنى بىلەمسىز؟ — تۇردى ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— مەن سىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭىزنى بىلىپ تۇردۇم.

تۇردى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

— پۇللىرىڭىز بەكمۇ كۆپىيىپ كەتتى. قانداقمۇ ساقلىيالىدىڭىز؟

— خاتىرجەم بولۇڭ. ئاللانىڭ مېھرى شەپقىتى بىلەن سىزگە ئېرىشتىم. ئەمدى ئوچاقنىڭ ئاستىدىن كۆپنى ئالساڭلا چىقىدۇ...»

ھوقۇق، نام-ئاتاق، پۇل-دۇنيانىڭ قۇلى بولغان ئىدرىس ئۆز قولى بىلەن پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن، تېخى ئېچىلمىغان بىر تال غۇنچە زىبىرنىسانى ھوقۇق ۋە نام-ئابروي ئۈچۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇدىرى سالىغا تاشلاپ بېرىپ، بىر مەھەل دەۋر سۈرىدۇ. مەنسەپتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن خەلقى ئالەم ئالدىدا «ھوقۇقى بار ۋاقتىدا ئېسىل كىيىپ، تويۇپ-كېكىرىپ يۈرەتتى، ھوقۇقتىن ئايرىلىپلا كۆك پىت باستى» دېگەن سۆز-چۆچەككە قالماسلىق ئۈچۈن، پۇل بولۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا

تۇردىنىڭ پۇلىنى قولغا چۈشۈرۈشىنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى دەريا بويىغا كۈندە كېلىدىغان كونا ئادىتىدىن پايدىلىنىپ، « سەتەڭ ئايال ھېيلىسى » نى ئويلاپ تاپىدۇ، يەنى زىبىرنىسادىن ئىبارەت « كوزىر » نى ئىشقا سالىدۇ. خۇددى ئەسەردە تەسۋىرلەنگىنىدەك، « قىز ئۇنىڭ قۇچىقىدا قانچە نازلانمىسۇن، ئۇنىڭ كۆزى ھازىر ھېچنەرسىنى كۆرمەيدۇ. پەقەت قەلبى كۆرىدۇ. سۆيۈملۈكى ئايىمنىسانىلا كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس ھەم كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇ پەقەت يارىنىڭ يەنە سېھىرلىنىپ، دەرياغا شۇڭغۇپ كەتمەسلىكىنىلا ئويلايدۇ » . ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى سۆيگىنى ئايىمنىسا بىلەن غايىبانە كۆرۈشۈپ كېلىۋاتقان تۇردىغا زىبىرنىسا ئايىمنىسا بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ تىنىقىدىن كەلگەن شېرىن پۇراق ۋە باشقا ئۇنىڭدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى نالە - پەريادىنىڭ ئاللاغا يەتكەنلىكى دەپ ھېس قىلىدۇ. ئۇ، چۆچۈپ ئويغانغاندا بولسا، بۇ ئىشنىڭ يا ئوڭى، يا چۈشى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالىدۇ. چۈش دەي دېسە، ئۇنىڭ ئۆزىدە قىزدىن كېلىدىغان ئەتىرنىڭ كۈچلۈك پۇرىقى، قالغان، ئوڭۇم دەي دېسە، قىز ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغان، مانا بۇ « خىيالنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش، ئەمما چىنلىقنى يوقاتماسلىق » تىن ئىبارەت سېھرىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئەسەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇتۇقلاردىن باشقا يەنە قىسمەن يېتەرسىزلىكتىنمۇ خالىي بولالمىغان.

مەسىلەن، تىل ئىشلىتىش جەھەتتە، قىسمەن ئورۇنلاردا تاۋلاشتىن ئۆتمىگەن بەزى قوپال تىللار قوللىنىلغان. ئايىمنىسانىڭ دادىسى قىزىغا يۈزىدىكى تەرىنى سۈرتۈپ قويۇشنى ئېيتقان چاغدىكى مۇنۇ دىئالوگنى كۆرۈپ باقايلى:

— « مېنى بالام ئەتمسەڭ ئانام بالام ئېتىۋېرىدۇ. يۈزۈڭنى ئەمدى ھەرگىز سۈرتمەيمەن.

— نېمىشقا؟

— يۈزۈڭنىڭ تۈكى قولۇمغا سانجىلىپ كېتىدىكەن.

قېرى تۆمۈرچى كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ:

— مېنىڭ يۈزلىرىم تۈكلۈك بولسا، ئەمسە تۇردى ئاكاڭنىڭ يۈزىنى سۈرتۈپ قوي، ئۇنىڭ يۈزى سېنىڭكىدەك تۈكسىز، — دېدى. »

بىزگە مەلۇم، ئىپپەت قارىشى كۈچلۈك ئۇيغۇر مىللىتىدە ئاتا بىلەن قىز بۇنداق قوپال چاقچاقلىشىدىغان ئادەت يوق ھەم ئاتىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن قىزىنى ياشلىق ھېسلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر يىگىتنىڭ يۈزىنى سۈرتۈپ قويۇشقا بۇيرۇشى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش.

بۇ گەرچە كىچىككىنە سەۋەنلىك بولسىمۇ، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ چىنلىقىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. مەن ئاپتورنىڭ بۇنداق يېتەرسىزلىكلەردىن مۇمكىن قەدەر ساقلىنىپ، تېخىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

# ئەدىبلەر سۆھبىتى

**ئەي چىڭ**

## شېئىرىيەت توغرىسىدا

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** بۇ، شائىرنىڭ بۇنىڭدىن 40 يىل ئىلگىرى سۆزلىگەن نۇتقى. 1957-يىل 20-ئاۋغۇست شائىر جوڭگو ئەدەبىيات سېمىنارىيىسىدە شائىر، يازغۇچى، مۇھەررىر ئوقۇغۇچىلارغا شېئىرىيەت توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىگەنىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شائىر ھەش-پەش دېگۈچىلا يېتىپ كەلگەن شىددەتلىك بوران-چاپقۇننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى ۋە خاتا بىر تەرەپ قىلىندى. ئۇنىڭ بۇ نۇتقىمۇ رەتلىنىپ ئېلان قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا «ھەر خىل تازىلاش» لارنىڭ چۇقان-سۈرەنلىك دولقۇنلىرىغا غەرق بولۇپ كەتتى.

شائىر بۇ نۇتقىدا ھازىرقى زامان شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان بىرمۇنچە رېئال مەسىلىلەر، ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ۋە شېئىرىيەت ماھىرلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆزىگە خاس سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ نۇتۇق شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپتورلىرىمىزغا ۋە شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرىغا كۆپ پايدىلىق دەپ ئويلايمىز.

مەن شېئىر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە بىنائەن يىغىنچاقلاپ بەش قىسىمغا بۆلۈپ سۆزلىمەكچىمەن.

### 1. شېئىرنى تونۇش

بەزىلەر شېئىر يېزىشنى تولىمۇ سىرلىق ئىش دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، دۇنيادا ھېچقانداق سىرلىق نەرسە يوق. ناۋادا بىرەر نەرسە سىرلىق دېيىلسە، ئۇ چاغدا بۇ نەرسىنىڭ تېخى ئېنىق تونۇلمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەر قانداق خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگىلىمۇ، يامان ئىشلىگىلىمۇ بولىدۇ. شېئىر يېزىشمۇ بۇنىڭدىن سىرتتا ئەمەس. شېئىر يازىدىغان ھەممىۋا كىشىنىڭ ياخشى شېئىر يېزىشى

ناتايىن، ئەڭ ئۇزغۇن شائىرمۇ ئەڭ ناچار شېئىر يېزىپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، خۇراپىيلارچە چوقۇنۇش كۆز قارىشىدا بولماسلىق كېرەك.

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى «چاقچۇن» ژۇرنىلىدىكى بىر مۇھەررىرنىڭ، بەزىلەر مۇھاكىمە شېئىر ئەمەس، دەپ قارايدىكەن دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. دېمەك، بۇ شېئىردا ئۇقۇم بولماسلىقى كېرەك، شېئىردا ئۇقۇمغا تەۋە سۆز-جۈملىلەر بولسا، بۇ شېئىر ئۇقۇملاشتۇرۇلغان شېئىر بولىدۇ، دېگەنلىك.

ئۇقۇم ئىدىيىنى ئىپادىلەيدىغان شەكىللەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئىدىيىنى مەۋھۇم ئىپادىلەيدۇ. ئىدىيىنى مەۋھۇم ئىپادىلەشكە يول قويۇلامدۇ — يوق؟ مېنىڭچە، يول قويۇلىدۇ.

بەزى مۇھاكىملەر شېئىر، بەزى مۇھاكىملەر شېئىر ئەمەس.

ھەر قانداق شېئىردا ئۇقۇمنى چەتكە قېقىشقىمۇ، ھەرقانداق شېئىرغا چوقۇم ئۇقۇمنى كىرگۈزۈشكىمۇ بولمايدۇ. بەزى شېئىرلاردا ئىدىيە بىۋاسىتە ئۇقۇم ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، بەزى شېئىرلاردا ئىدىيە باشقا بىر ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. گەپ جايلاشتۇرۇشنىڭ جايىدا-جايىدا ئەمەسلىكى، ئىپادىلەشنىڭ ئوبدان-ئوبدان ئەمەسلىكىدە. جايىدا-جايىدا ئەمەسلىك دېگەن مەسىلە توغرۇلۇق تۆۋەندە سۆزلەپ ئۆتىمەن.

يېقىندا مۇنداق بىر مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆردۈم. ئادەتتە ئەدەبىيات-سەنئەتتە ئوبرازلىق تەپەككۇر، ئىجتىمائىي تۈردىكى نەرسىلەردە مەنتىقىلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈلىدۇ.

مېنىڭچە، ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن مەنتىقىلىق تەپەككۇر بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى نەرسە ئەمەس، پەقەت تەپەككۇرنى ئىپادىلەش شەكلىلا ئوخشىمايدۇ. ئەدەبىياتتىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر مەنتىقىلىق تەپەككۇر ئاساسىغا ئىگە. مەن بۇ ئۆيگە لايىق ئوخشىتىش تاپماقچى بولسام ھامان بۇ ئۆي ھەققىدە ئېنىق ئۇقۇمغا ئىگە بولۇشۇم لازىم. بۇ ئۆينىڭ قانداقلىقىنى كۆرمەي تۇرۇپ، بۇ ئۆيگە باب ئوخشىتىشنى قانداق تاپقۇلۇق؟ يەنە ئالايلۇق، «ئادەم يۈزلۈك شاپتۇل چېچىكى» دېگەن ئىككى نەرسە بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدۇ، لېكىن قىزىل رەڭ نۇقتىسىدىن يەنىلا بىرلىككە ئىگە. ياگراتقۇنى مەلۇم بىر كىشىنىڭ يۈزىگە ئوخشايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. مېنىڭ يۈزۈم كولدانغا ئوخشايدۇ، دېسەم بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق. شۇڭا، مەنتىقىلىق تەپەككۇر ئەدەبىياتتا ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

بەزى مۇھاكىملەر شېئىر بولىدۇ. لېكىن ياخشى شېئىر بولۇشى ناتايىن. ئوخشاشلا ئوبرازلىق تەپەككۇرغا تەۋە نەرسىلەرنىڭمۇ ياخشى شېئىر بولۇشى ناتايىن. ئوبراز پەقەتلا بىر خىل ئۇسۇل، بىر خىل چارە.

شېكسپىر مۇنداق يازغانىدى:

www.uyghurkitap.com

بۇ ئەنگلىيە ئەزەلدىن بىر تەكەببۇر بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تاپىنى ئاستىدا ياتمىغان ۋە مەڭگۈ ياتمايدۇ...

پۈتۈن دۇنيا ھۇجۇم قىلسۇن سەپكە تىزىلىپ،
بىز ئۇلارنى قورقىتىپ كۆرسىتىپ قويىمىز كۆزىگە.
روھىمىزنى چۇشۇرەلمەيدۇ زادىلا ھېچكىم،
ناۋادا ئەنگلىيە ئىشەنچ قىلالىسا ئۆزى-ئۆزىگە.

بۇ شېئىر، يەنە كېلىپ ھەممىسى دېگۈدەك مۇھاكىمە. ماياكوۋسكى بىلەن پابلو نېرودا شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇھاكىمە بار. ياخشى مۇھاكىمۇ شېئىر بولالايدۇ. نۇرغۇن ئېسىل مۇھاكىمە ماقالىلىرى بىزگە ھەمىشە شېئىرلاردەك تۇيۇلىدۇ. ماياكوۋسكى «كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ خىتابنامىسى» ئەڭ ياخشى شېئىر دېگەنىدى.

**تەبىئەت مەنزىرىسى شېئىرلىرى توغرىسىدا**

تەبىئەت مەنزىرىسى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ تەبىئەت مەنزىرىسى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى ئۆزگەردى. تەيشەن تېغى يەنىلا ئاشۇ تەيشەن تېغى بولسىمۇ، قەدىمكىلەر بىلەن ھازىرقىلارنىڭ تەيشەن تېغى توغرىسىدا يازغانلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىماسلىقى كېرەك. بۈگۈنكى شائىرلارنىڭ ئۈچ بوغۇز ھەققىدە يازغانلىرى لى بەينىڭ ئۈچ بوغۇز ھەققىدە يازغانلىرىدىن پەرقلىنىشى كېرەك. ناۋادا شائىر ئۆز نەزەرىدە ئۈچ بوغۇزغا خاس يېڭى نەرسە يازالمىغان بولسا يازمايلا قويسۇن. لى بەينىڭ ئۈچ بوغۇز ھەققىدە يازغان شېئىرلىرىنى بىرنەچچە نۇسخا كۆپرەك نەشر قىلسىلا كۇپايە. چۈنكى مەن بۇ نۇقتىدا سىزنىڭ لى بەينى ئەسلا بېسىپ كېتەلمەيدىغانلىقىڭىزغا ھۆددە قىلالايمەن. لېكىن سىز ئۆزىڭىزگە خاس نەرسىنى يازسىڭىز ئۇ چاغدا لى بەي ئامالسىز قالىدۇ-دە، سىز دېگەن سىز بولىسىز، لى بەي دېگەن لى بەي بولىدۇ.

باشقىلارنىڭكىنى كۆچۈرۈۋالماي، ئۆز كۆز قارىشىنى ئەستايىدىل يېزىش كېرەك. مېنىڭ جۇڭگوچە رەسىمگە پىكىر قىلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار خەقنىڭكىنى كۆچۈرۈۋالىدۇ. بۇ ئەپەندىلەر مېنىڭ پىكرىمگە قايىل بولماي يەنىلا قەتئىيلىك بىلەن باتۇرلارچە كۆچۈرۈشمەكتە. لېكىن مەنمۇ قايىل ئەمەسمەن، بۇنداق كۆچۈرۈشكە يەنىلا قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

**مۇھەببەت لىرىكىلىرى توغرىسىدا**

مۇنداق بىر تەلەپ باركى، مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى قەدىمكى زاماننىڭ ئىشق-مۇھەببەت شېئىرلىرىدىن پەرقلەندۇرۇش كېرەك. كىشىلەرگە بۇ يەردە شېئىر يېزىۋاتقان شېللىي ياكى لى يىشەن ئەمەس، بەلكى 20-ئەسىردىكى بىر جۇڭگولۇق

ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنداقلا مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ ھەممىسلا ئاساكۇۋسكىيچە ئىشق-مۇھەببەت شېئىرلىرىغا ئايلىنىپ قالمىسۇن، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىپادىلەش شەكلى ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىماسلىقى لازىم.

جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭكىنى يازىمىز دەپ خەلق قوشاقلىرىدىن كۆچۈرۈۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۆز ھېسسىياتىڭىزنى يېزىشىڭىز كېرەك. يەنە شۇ «چاڭچۇن» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى ماڭا، بىزنىڭ بۇ يەردە بەزىلەر مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا ئۆلچەم بولۇشى كېرەك، ئالايلۇق، قىزنىڭ چېچى ئىككى تال ئۆرۈلسە ئاندىن يارىشىدۇ، بىر تال ئۆرۈلسە يارىشمايدۇ. كۆزلىرى كىچىك بولماي يوغان بولسا، قاشلىرى تۈپتۈز بولماي ئەگىم بولسا چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، دەپ قارايدۇ، دېدى. بۇ كۆچۈرۈپ كېلىنگەن نەرسە.

چاكىنا مۇھەببەت لىرىكىسى دېگەن نېمە؟ خەقلەرنىڭكىدىن كۆچۈرۈلگەن، تالاي قېتىم يېزىلغان مۇھەببەت لىرىكىلىرى چاكىنا مۇھەببەت لىرىكىلىرى دېيىلىدۇ. ئىجادىيلىقنىڭ بولماسلىقى، تەبىئىيكى، چاكىنىلىق بولىدۇ.

شەيئىلەرنى تونۇشتا ئۆز كاللىسىغا تايىنىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ خەقنىڭ كاللىسىغا تايانماسلىق كېرەك. دۇنياغا ئۆز كۆزى بىلەن قاراش كېرەك. مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزىڭىزدە ئاللىبۇرۇن بار بولغان نۇقتىئىينەزەر، يېڭى ئىدىيە بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈپ، كۆز قاراشلىرىڭىزنى دادىل ئىپادىلىشىڭىز كېرەك. ئۆز ھېسسىياتىڭىزنى يېزىشقا پېتىنالىسىڭىزلا كەم دېگەندە باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىتىپ قويۇشتىن ساقلىنالايسىز.

## 2. شېئىرنى باھالاش

بۇ، ئەمەلىيەتتە، قانداق زوقلىنىش، قانداق چۈشىنىش، قانداق كېسىم قىلىش دېگەنلىكتۇر. ناۋادا يۇقىرىقىلارغا يەنە بىر نۇقتىنى قوشساق، قانداق تونۇشتۇرۇش كېرەك، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئەسلىدە تەنقىدچىلەرنىڭ ئىشى، لېكىن تەنقىدچىلەردە ئالدىنقى ئۈچ نۇقتا بولۇشى كېرەك. قانداق زوقلىنىش، قانداق چۈشىنىش ۋە قانداق كېسىم قىلىش ئەدەبىياتقا يانداشىشنى خالايدىغان ھەر قانداق كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئۈچ شەرت.

ئەسەرنىڭ دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى ئەسەرلەر قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك تۇيۇلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ قەيەردىندۇر كۆچۈرۈلگەنلىكىنى، پۈتۈنلەي كۆچۈرۈلمىسىمۇ يېرىم-ياتا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان-بولمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئەسەرنىڭ جەمئىيەتتە ئوينايدىغان رولىغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ. ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن تەسىرلەندىڭىزمۇ-يوق، ناۋادا تەسىرلەنگەن بولسىڭىز، بۇ، ئەسەرنىڭ سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا رول ئوينىغانلىقىنى، شۇنداقلا سىزگە ئوخشاش تەربىيىلەنگەن كىشىنىڭمۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەسىرلىنەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەلۋەتتە، شېئىر باھالاشنىڭمۇ سىياسىي ئۆلچەم ۋە بەدىئىي ئۆلچەم دېگەن ئۆلچەملىرى بولىدۇ.

سىياسىي ئۆلچەم سوتسىيالىزمغا پايدىلىق بولسۇن دېگەنلىكتۇر. سوتسىيالىزمغا پايدىلىق بولسۇن دېگەنلىك ھەر بىر شېئىرنىڭ كەينىگە « ياشىسۇن سوتسىيالىزم » دېگەن سۆزنى قوشۇش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. بۇنداق قىلىش تولىمۇ ئوڭاي. ئىدىيىۋىلىكنى تەكىتلەش تۈپەيلىدىن كىشىلەردە شېئىر ئوقۇمدىن ئايرىلالمايدىكەن، دېگەن خاتا چۈشەنچىنى پەيدا قىلىپ قويۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئوقۇم ئىنتايىن خەتەرلىك، ئۇنى ئىلىكدەش بىر قەدەر قىيىن.

مېنىڭ بۇ گەپلەرنى قىلىشىمدىكى سەۋەب، ئالدىنقى مەزگىللەردە بۇ نەرسىلەرنى ئۇتتۇرىغا قويغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى چاغلاردا ھەتتا شېئىر يېزىش ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە مەنسۇپ، دەپ قارىلاتتى. ئاستا-ئاستا ئىلگىرىلەش بولدى. شېئىر يېزىش ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە مەنسۇپ بولماي قالدى. لېكىن تەبىئەت مەنزىرىسى شېئىرلىرى، مۇھەببەت لىرىكىلىرى يەنىلا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە مەنسۇپ بولىۋەردى. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭچە پرولېتارىياتقا ھەققىي « پرولېتارلىق » (مۇلۇكسىزلىك — ت) ئېشىپ قالدى. ئۇششاق بۇرژۇئازىيە بولسا كۆتۈلمىگەن نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشىپ، بەلكىم بۇرژۇئازىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى بولغاي.

قىسقىسى، مەن سىياسىي ئۆلچەم كەڭ بولۇش كېرەك دەپ قارايمەن.

**تۇتۇقلۇق ۋە چۈشىنىكسىزلىك**

تۇتۇقلۇق كېرەكمۇ — يوق؟ بەزىلەر تۇتۇقلۇق ياخشى ئەمەس، تۇتۇقلۇق چۈشىنىكسىزلىك پەيدا قىلىدۇ دەيدۇ. تۇتۇقلۇقتىن مەقسەت مەزمۇننى كىشىلەرگە چۈشەندۈرمەسلىك ئەمەس، بەلكى چۈشەندۈرۈش، يەنە كېلىپ چوڭقۇرراق چۈشەندۈرۈش؛ مەن نۇرغۇن باش قاتۇرۇپ يازغان نەرسەمنى سىزنىڭمۇ ئازراق باش قاتۇرۇپ ئوقۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن-دە. مەزمۇننى كىشىلەرگە چۈشەندۈرمەيمەن دېيىلىدىكەن، ئۇ ھالدا شېئىر يازماسلىق كېرەك، يازغاندىكىن ھامان كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

تۇتۇقلۇق — بىر قاراپلا بىلگىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. بىر قاراپلا بىلگىلى بولۇش ياخشىمۇ، ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇمۇ ياخشى. بۇ يەرگە قويۇلغان بىرپارچە رەسىمنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ. ئەمما يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەش بىلەن رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەش بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر ناھايىتى توغرا يازسىمۇ، سەۋىيە تۈپەيلى يەنە ئاشۇ توغرىلىقنى ھېس قىلالمايدۇ.

تۇتۇقلۇق چوڭقۇرراق چۈشەنچە ئارقىلىق چوڭقۇرراق تەسىراتقا ئىگە بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنداق بولمىسا، تۇتۇقلۇق ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

چۈشىنىكسىزلىك بۇنىڭغا ئوخشمايدۇ. چۈشىنىكسىزلىك ئۇقۇشماسلىقنى پەيدا قىلىدۇ. چۈشىنىكسىزلىك ئىدىيىدە ئېنىق بولماسلىقنىڭ ئىپادىسى.

ئىلگىرى بىر شائىر «تاش ئېلىق» دېگەن بىر شېئىر يازغانىدى. ئۇ شېئىر بىرنەچچە مىسرا ئىدى. ئۇنى بىرنەچچە تەنقىدچى نەچچە مىڭ خەتلىك ماقالە يېزىپ شەرھىلەشتى. نەتىجىدە بۇ شەرھىلەشلەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىگە ئوخشىماي چىقتى. ئاخىرىدا شائىرنىڭ ئۆزىنى بۇ شېئىرنى يېشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغاندا، شائىرنىڭ ئۆزىمۇ نېمە يازغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن دەپ، جاۋاب بەرگەنىدى.

شېئىرنىڭ چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشى پەلسەپە جەھەتتىن ئۇچىغا چىققان ئىدىيالىزمغا بەنت بولۇپ قالغانلىقنىڭ ئىپادىسى. باشقىلارنى تەنقىد قىلغاندا ھەمىشە «ئىككىمىزدە ئورتاق تىل يوق» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايمىز. ئۇ ھەيۋە كۆرسەتمەكچى، شۇڭا قەستەن مۇشۇنداق نەرسىلەرنى يازىدۇ. بىز بىلەن ئۇچىغا چىققان بۇ ئىدىيالىزملىق نەرسىلەر ئارىسىدا ئورتاق تىل يوق دېيەرلىك. ئۇنىڭ شەيئىلەرگە قارىشى بىلەن بىزنىڭ شەيئىلەرگە قارىشىمىز پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدۇ. شاڭخەيدە ئىلگىرى پەلسەپە ئۆگەنگەن بىر كاپىتالىست بار ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن پەيلاسوپ دېگەن نېمە دەپ سورىغانىدىم، ئۇ ماڭا جاۋاب بېرىپ: «بىر ئەما گەمىگە كىرىپ ئىككى قارا مۈشۈك تاپماقچى بولۇپ تاپالماپتۇ، پەيلاسوپ دېگەن مانا مۇشۇ» دېگەنىدى. بۇ قالتىس بەلەن جاۋاب بولۇپ، ئۇچىغا چىققان ئىدىيالىزمنىڭ بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىگە ياتىدىغان نەرسە ئىدى. لېكىن، ھەر ھالدا «تاش ئېلىق» تىن ياخشىراق ئىدى.

شېئىرىيەتتىكى ئېقىم ۋە گۇرۇھلارنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇمۇ شېئىرغا باھا بېرىشكە ياتىدىغان مەسىلە.

ھازىرغىچە بولغان ئەدەبىيات تارىخى ئېقىم، گۇرۇھلارنى شەكىلگە قاراپلا ئايرىپ كەلدى، يەنە تېخى كەرگىسمان، چاساسمان دېگەنلەرمۇ بار، بۇ شەكىل جەھەتتىن قىلىنغان زەردە.

يەنە ئالايلۇق:

بىز!

مەدھىيىلەيمىز!

ئۆزىمىز ياشاۋاتقان!

دەۋرنى!

بۇ بېقىندىلا بايقالغان يېڭى پەلەمپەي شەكىل، ئۇنىڭ ئۆزگەرتىلمەيدىغان يېرى ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە ھەممىسىگىلا ئۇندەش بەلگىسى قويۇلغان. مېنىڭچە، شەكىلگە قاراپ ئېقىم، گۇرۇھلارغا ئايرىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ بېقىش كېرەك.

مەزمۇن بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى بويىچە ئايرىش كېرەكمۇ-يوق؟ ئىپادىلەش

ئۇسۇلى شەكىلگە يېقىندەك، لېكىن يەنە مەزمۇنىمۇ يېقىندەك تۇرىدۇ.
تەنقىدچىلىك تولىمۇ قىيىن ئىش. تەنقىدچىلىك بىرەر نەرسىنى خەققە چۈشەندۈرىدۇ، ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىنى خەققە ئېيتىپ بېرىدۇ، خەقنىڭ ئۇنى چۈشىنىشىگە ياردەم قىلىدۇ. لېكىن خەق بۇ نەرسىنى ئۇنداقمۇ، مۇنداقمۇ چۈشىنىشى مۇمكىن. ئەسلىدە، شېئىر يازىدىغان كىشى تەنقىدكە دىققەت قىلىشى لازىم. لېكىن بەك دىققەت قىلىپ كەتسىمۇ بولمايدۇ. مېنىڭ تولىمۇ يامان بىر ئادىتىم بار، چۆكۈرۈش بىلەن كۆتۈرۈشكە خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل پەرۋا قىلماي كەلدىم، ناۋادا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلسام ئەسەبىلىرىم ئۆستۈن چىققان بولاتتى.
ھەر قانداق دەۋردە شائىرنىڭ نۇرغۇن ھىمايىچىلىرى ۋە قارشى تۇرغۇچىلىرى بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق دەۋر مەدەنىيەتتىكى ساپا، ئېستېتىك قاراش، سىياسىي مەيدان جەھەتتىن ئوخشاشمايدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. دەۋرىمىز سوتسىيالىزم دەۋرى، ھەر قانداق تەنقىد ئادىل بولىدۇ، دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇنداق ئىش يوق!
بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى باش ئەلچى يۈدىنغا يولۇقۇپ قالدىم. گەپ ئارىسىدا ئۇ: «ئەسەر يازغاندا پەخەس بولۇڭ جۇمۇ! چۈنكى يازغۇچى دېگەن دۈشمەنلىك بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە چەت ئەلدىكى دۈشمەنلەرنى كۆزدە تۇتقانلىقىم ئەمەس، بەلكى ھەسەت قىلىدىغانلارنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن؛ جۈملىدىن بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېدى.
بۇ گەپنىڭ مەنىسى، ئىجادىيەتكە چاقچاق قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەنلىك ئىدى. باھا بەزىدە يۇقىرى، بەزىدە تۆۋەن بولىدۇ. سىزنى چۈشىنىدىغانلار يۇقىرى باھا بېرىشى، سىزنى چۈشەنمەيدىغانلار تۆۋەن باھا بېرىشى مۇمكىن. بۇ يەنىلا ئادەتتىكى كۆز قاراش، بەزى چاغلاردىكى قەستەن چۆكۈرۈش ياكى قەستەن كۆتۈرۈشكە كەلسەك، بۇ باشقا بىر مەسىلە. نېمىلا بولمىسۇن سىز تەنقىدچى سۆپىتىدە پۈتكۈل شېئىرغا ئاساسلىنىپ سۆزلىمەيدىكەنسىز، ئۇ چاغدا بىز سىزگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيمىز.
بەزىدە شېئىر ھەققىدە شائىرلارمۇ مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ. بايروننىڭ «دون ژۇئان» دېگەن داستانىنى ئوقۇساق، داستاننىڭ ئىنتايىن نۇرغۇن بابىدا ئۇنىڭ ئۆز زامانداشلىرىنى تىللىغانلىقىنى، ھەتتا سەنلەرنىڭ ياشىغىنىڭلاردىن نېمە پايدا دېگەنلىكىنى كۆرىمىز. ھازىر بىزمۇ دارتىملاش، ئەگىتىش، مەسخىرە قىلىش، ياپتا گەپ قىلىش ئارقىلىق ئاندا-مۇندا تىللاپ قويىمىز.
زامانداش شائىرلارنى مەدھىيىلەيدىغان شائىرلارمۇ بار. شىللېر ۋاپات بولغاندا گېيوتى مۇنداق مەرسىيە يازغانىدى:

ئۇلارنىڭ كەينىدە لەيلەپ يۈرىدۇ
ئىنساننى بوغقۇچى چاكىنا ئادەت.

كۆپ كىشىلەر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كەينىدىن بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويۇشقا ئامراق. تىرىك ۋاقتىدا زىتلاشقىنى بىلەن بەلكىم ئۆلگەندە زىددىيەت ئازىيىپ قالسا كېرەك، ئادەتتە، تەزىيە يىغىنلىرىدا مەدھىيلەيدىغان گەپ-سۆزلەر كۆپ بولىدۇ.

تەنقىد قىلىش قىيىن. ۋولتېر: «تەنقىدمىغۇ ئىنتايىن ئوڭاي...» دېگەندىن كېيىن بىر بۇرۇلۇپلا: «لېكىن سىز نەدە شۇنداق ئوڭاي بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقامسىز؟» دېگەنىدى، بۇ ئۇنىڭ قايىل بولمىغانلىقى-دە.

پۇشكىننىڭ «يېۋگېنىي ئونېگىن» دېگەن شېئىرىي رومانىنىڭ 7-بابى ئېلان قىلىنغاندا بەزىلەر ئۇنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىپ «دەۋرىمىز ۋە روسىيە ئىلگىرىلىمەكتە، ۋەھالەنكى شېئىرىيەت يەنىلا بۇرۇنقى جايىدا تۇرۇپتۇ» دېگەنىدى. «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بىر چوڭ مۇھەررىرى «ماياتىنكى توختىغان سائەت» دېگەن سەرلەۋھەدە بىر ماقالە يېزىپ، «سائەتنىڭ تىلى توختاپ قالدى، لېكىن ۋاقىت ئىلگىرىلىمەكتە» دەپ يازغانىدى. بۇ، چىدىغۇسىز ئېغىر زەردە، مېنىڭچە، مۇنداق ئېغىر گەپلەرنى قىلماسلىق كېرەك.

قىسقىسى، تەنقىد قىيىن ئىش. شائىرلار دوستانە قوللاشقا مۇھتاج. ئادەم خۇددى پاستېر ئېيتقاندەك «ئاجىز ۋە يۇمران قومۇچ» قا ئوخشايدۇ. ئۇنى شامالمۇ ئىرغىتالايدۇ. قوپال مۇئامىلە، ھەتتا بىر توقماق تۇرماق يېرىم توقماقمۇ ئادەمنى ئوخشاشلا ئۆلتۈرەلەيدۇ. ھەتتا ئادەم ئەجەل يېتىپ كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى كۆز ئالدىنى قاپلىۋالغان توقماق سايىسىنى يەنىلا ئونتۇيالمايدۇ. بۇنىڭغا چارە يوق، ياخشىسى، يازماسلىق كېرەك. ماڭا ئوخشاش ئادەمنىڭ باشقا ئىشنى قىلالماي، رەسىم سىزىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماي، ئىلاج شېئىر يېزىپ، شائىر ئاتىلىپ قېلىشى ئۆزۈن مەزگىللىك تارىخىي ئۇقۇشماسلىق.

## 3-شېئىرنى قانداق يېزىش كېرەك؟

بۇ سوئال ئىشەنچلىك ئەمەس. جاۋ جىنشىن، فۇدۇگخۇا قاتارلىقلار ھېكايە يېزىش ئۇسۇلى بىلەن شېئىر يېزىش ئۇسۇلى توغرىسىدا ماقالە يېزىشقانىدى. جەمئىيەتتە ھەر خىل ئىش تەقسىماتى بار، ھېكايە يازمايدىغانلار، ھېكايە يېزىش ئۇسۇلى ھەققىدە يازىدۇ. مەن ھازىر شېئىر يازالمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، شېئىرنى قانداق يېزىش ئۈستىدە توختىلىۋاتىمەن. ياخشى شېئىر يازالمىغاندىكىن، قانداق قىلغاندا ياخشى شېئىر يازغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىدىغان ئىش. شېئىر يېزىشتىن ئىلگىرى چوقۇم «نېمىلەرنى يېزىش كېرەككىلىكى» توغرىسىدا ئويلىنىدىغان گەپ. ئۆزۈمنىڭ مەغلۇبىيەتلىك تەجرىبەمدىن ئېيتسام بەزىدە ئوبدان ئويلىنىۋېلىپ يازسام، بەزىدە يېزىۋېتىپ ئويلىنىمەن. يېزىش جەريانىدا پۈتۈنلەي ئويلىغانلىرىم بويىچە يېزىپمۇ كەتمەيمەن. چۈنكى ئىندىيىنىڭ

www.uyghurkitap.com


تەۋرىنىشى ئىنتايىن زور بولىدۇ. تىلنى ئىدىيىگە يېقىندىن ئەگىشىدىغان قىلىش كېرەك. تۇيغۇمۇ شۇنداق، ۋاقتىدا تۇتۇۋالمىسىڭىز ئۇ دەرھاللا غايىب بولىدۇ-دە، يازغىنىڭىز باشقا نەرسە بولۇپ چىقىدۇ.

نېمىنى يېزىش كېرەك؟ بۇ، قەلەمكەشنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. تەيشەن تېغى ياخشى كۆرۈنسە تەيشەن تېغىنى يېزىش كېرەك. تەيشەن تېغىنىڭ نېمىسىنى يېزىش كېرەك؟ ئۇنىڭ بىر پارچە تېشى، بىر تال گىياھىنى يېزىشقىمۇ بولىدۇ. ئالايلۇق، قاپتالدىكى قېرى قارىغاي چوققىدىكى بىر تال گىياھتەك ھەيۋەتلىك ئەمەس. بۇ، مەرتىۋىسىز كىشىلەرنىڭ نارازىلىق ساداسى. شۇڭا:

« قاپتالدىكى قېرى قارىغاي
چوققىدىكى گىياھتەك ئېمەلمەيدۇ قۇياش نۇرىنى » دېيىلگەن.

بەلكىم، بۇ ئىككى مىسرا شېئىر بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ھەر قانداق نەرسىنى شېئىر قىلىپ يېزىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس، بۇ، ئۇ ياكى بۇ شائىرغا قارىتا ئېيتىلغان، دۇنيا مىقياسىدىن ئېيتقاندا، شېئىرغا كىرگۈزۈلمەيدىغان ھېچنەرسە يوق.

ياخشى شېئىردا تۆۋەندىكى شەرتلەر بولۇشى كېرەك:

تۇرمۇش بىلىملىرى تولىمۇ مول، ئادەملەرنى چۈشىنىشكە ماھىر بولۇش كېرەك.

باشقا بىلىملەرمۇ مول، ئالايلۇق، تەبىئىي پەن بىلىملىرىمۇ مول بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، تېخىمۇ مول ئوخشىتىشلارنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا سۆز-ئىبارىلىرىڭىزمۇ مول بولمايدۇ.

ھېسسىياتىنىڭ سىغىمچانلىقى زور بولىدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ قايغۇ-ھەسرىتى بىلەن خۇشاللىقىنى تېخىمۇ كۆپرەك ئويلىغاندىلا، ھېسسىياتىنىڭ سىغىمچانلىقى كېڭىيىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ھېسسىياتىنىڭ سىغىمچانلىقى تارىيىپ كېتىدۇ. بەدىئىي تەربىيىلىنىش يۇقىرى بولۇشى يەنى ئىدىيىۋى ھېسسىياتىڭىزنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىيەلەيدىغان دەرىجىدە يۇقىرى بولۇشى لازىم.

پېڭ جىن: « نۇرغۇن پېشقەدەم كادىرلىرىمىزنىڭ قورسىقىدا خېلى كۆپ ئۇمىچى بار، لېكىن ئۇلار بۇ ئۇماچنى يېزىپ ئىپادىلىيەلمەيدۇ، خۇددى چۆگۈندە پىشۇرۇلغان جۇۋاۋىنىڭ سۇيىنىلا ئىچكىلى بولغاندەك » دېيىدۇ. بەدىئىي جەھەتتىن تەربىيىلەنگەندىلا ئاندىن يازغىلى بولىدۇ. لېكىن بەزىلەردە يازغۇدەك نەرسە يوق، يازغانلىرى قۇرۇق گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس. تىل ئىنتايىن مول بولغىنى بىلەن مەزمۇنى مول ئەمەس. ئەسلىدە بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تىلنىڭ مول بولۇشى ئىدىيىنىڭ مولللىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇشى كېرەك. لېكىن ھەقىقەتەن شۇنداق ئادەملەر باركى، كۆپ سۆزلىگەن بىلەن سۆزلىگەنلىرىنى يازالمايدۇ.

ماھارەتتە ئەسلىدە مەقسەت بولمايدۇ. ماھارەت ئىدىيىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن

خىزمەت قىلىدۇ. ماھارەت شائىرغا شادلىق بېغىشلايدۇ. سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن ئالغاندا، بەزىدە ماھارەتنىڭ ئۆلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئۆزىمۇ مەقسەت ئەمەس. شائىر ماھارەتكە مەستانە بولۇپ كەتسە، ماھارەت تەرىپىدىن سۆرەپ كېتىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن.

ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە شېئىر شەكلىنى قانداق بەلگىلەش كېرەك؟ مەن ھېلى بەزىدە شەكلىنى ئويلىنىۋېلىپ ئاندىن يازىمەن، بەزىدە شەكىل يېزىش جەريانىدا پەيدا بولىدۇ، دېگەنىدىم. ھېچكىم مەن بۇگۈن ۋەزىنلىك شېئىر يازىمەن، ياكى بۇگۈن مېنىڭ بۇ شېئىرىم چاچما شېئىر شەكلىدە يېزىشىمنى بەلگىلىدى، دېيەلمەيدۇ. بەلكىم مەن ئۆزۈمنىڭ ئىدىيەمنىڭ تەرەققىياتىنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقىنىمدا، مېنىڭ تىلىمنىڭ ئۆزى شەكلىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. شەكلىنى قانداق تاللاش كېرەك؟ مېنىڭچە، ئەڭ ياخشى شەكىل ئىدىيىنى ئەڭ تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بەزىلەر ۋەزىنلىك شېئىر بىلەن چاچما شېئىر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مېنىڭ قايسى شەكىلدە يېزىشىنى يېزىشتىن بۇرۇن بەلگىلىۋالىدىغان چاغلىرىم تولىمۇ ئاز. بەزىدە چاچما شېئىرنى ۋەزىنلىك شېئىرغا، ۋەزىنلىك شېئىرنى چاچما شېئىرغا ئۆزگەرتىۋېتىمەن. بەلكىم ئىدىيىۋى خاھىشىم قايسى تەرەپنى خالىسا، شۇ تەرەپكە يەڭدەپ كەتسە كېرەك.

قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۆزگەرتىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ھازىر ئاقىدىغىنى ۋەزىنلىك شېئىر بولۇپ، بەزىدە چاچما شېئىرنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىدىغان بولۇپ قېلىشتى.

**قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك؟**

ۋەزىنلىك شېئىر خېلى رەتلىك بولىدۇ. ئەسلىدە بەش تۈپ دەرەخ تىكىلگەن بولسا، سىز ئۇنىڭ بىر تۈپىنى كېسىپ تاشلىيسىز ياكى بۇ بىر تۈپىنى ئۇ چەتتىكى پەقەت ئۈچ تۈپ دەرەخلا بار يەرگە كۆچۈرۈپ قويىسىز ۋە ياكى ئوتتۇرىسىنىڭ بىر بۆلۈكىنى قىرقىۋېتىسىز. مەن سىلەرنىڭ قانداق يازىدىغانلىقىڭلارنى بىلمەيمەن، ئۆزۈم مۇشۇنداق يازىمەن.

ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ياكى تىل ئىپادىلىيەلەيدىغان ئىدىيە ئۆلچەم تەلپى بويىچە تەرەققىي قىلماسلىقى كېرەك. ئىدىيە تولىمۇ ئەركىن بولىدۇ، شۇڭا شەكىلمۇ ئەركىن بولىدۇ. بۇ جەھەتتە چاچما شېئىر ئىدىيىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ مېنىڭ چاچما شېئىرنى ھەددىدىن زىيادە تەشەببۇس قىلىۋاتقىنىم ئەمەس. چاچما شېئىر چاكىنا بايانىدىن، چاچراڭغۇلۇق، تەكشىسىزلىكتىن، زىيادە نەسرلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىشى لازىم. بىز كەڭچىلىك سىياسىتىنى، يەنى زىيادە نەسرلىشىشكە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىمىز.

ۋەزىنلىك شېئىرنىڭ ساقلىنىدىغىنى قاتماللىق، كونىلىق، ئەبجەشلىك، سۈنئىيلىك ۋە ياسىمىلىقلارنىڭ ئاسارىتىدىن ئىبارەت. نېمە ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرگە قارشى تۇرىمىز؟

چۈنكى نۇرغۇن نەرسىلەر قېلىپلاشقىنى بويىچە يېتىپ كەلگەن.

بەزىلەر چاچما شېئىرلار ۋارىسلىق قىلىنىش خاراكتېرىگە ئىگىمۇ، دەپ سورايدۇ. مېنىڭچە، بارلىق مەدەنىيەت، سەنئەت ۋارىسلىق قىلىنىش خاراكتېرىگە ئىگە، جۈملىدىن «كەلگۈسىپەرەسلەر» مۇ بۇنىڭ ئىچىدە. بەزى نەرسىلەر خېلى ئىلگىرىلا ئۆزىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى چاغلاردا بېسۇۋېتىلگەنىدى. مەدەنىيەت-سەنئەت ساھەسىدە مەنبەسى نائېنىق نەرسىلەر ئىنتايىن ئاز، مۇتلەق يوق دەپ كېسىپ ئېيتىشقا ئاغزىم بارمايدۇ. ئۇنىڭ بەربىر مەنبەسى بار، بار بولغاندىمۇ ئۇ بەلگىلىك يېڭى شارائىتتا ئۆسۈشكە باشلايدۇ. ناۋادا جۇڭگو يېڭى شېئىرلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەستايىدىل ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن تەتقىق قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئەسلا سىرتتىن كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

بەزىلەر چاچما شېئىرنى يېزىش ئوڭاي دەپ قارايدۇ. بۇ گەپنى بەلكىم شۇي چى قىلغان بولۇشى كېرەك. «چاچما شېئىرنى يازماق قىيىن.» چاچما شېئىردا چاكىنا بايانچىلىق، چاچىراڭغۇلۇق، ناتەكشىلىك، زىيادە نەسىرلەشتۈرۈۋېتىشكە قارشى تۇرۇشتەك بىر نەچچە ماددىنى ئورۇندىماق ئۇنچىۋالا ئوڭايغا توختىمايدۇ.

ۋەزىنلىك شېئىرنى يېزىشمۇ قىيىن، ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ نەسىرلىشىپ كەتكەنلىرى بارمۇ-يوق؟ بار. ناۋادا كۆزىمىزنى ئېچىپراق قارىساق، بەزى ئاتالمىش ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ قاپىيىسىنى ئېلىۋەتسەك، ئۇلارمۇ نەسىر بولۇۋېرىدۇ. ھەممىشە قۇيرۇق تەرەپتە بىر ئاۋاز كۆپىيىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا بىز ئۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالىمىز. ئوبراز بولمىسىمۇ، شېئىرىي مەنە بولمىسىمۇ ۋەزىنلىك شېئىر بولۇۋېرەمدىكەن؟ ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلار بىر ياقتا تۇرسۇن، كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ قەلىمىدىن تامغان بەزى ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ نەسىرلىششى بەك ئېغىر.

ھەر بىر شېئىرنىڭ پەيدا بولۇشى ئوخشاش بولمايدۇ. كۆپ ساندىكى شېئىرلار تەبىئىي يېزىلغان، پۈتۈنلەي يېزىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر تەرىپىدىن ئىلھاملانغان مەزگىلدە يېزىلغان. ئۇنداقتا زورىقىپ يېزىلغانلىرى بارمۇ-يوق؟ بۇنداق يېزىلغانلىرىمۇ بار. ئادەم پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە ئىش قىلالمايدۇ. بەزىدە خالىمىغان ئىشلارنى زورمۇ زور قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنالمايدۇ.

زورمۇ زور قىلىنغان ئىش دېگىنىمىز، بىرمۇنچە قىزغىن ئادەملەرنىڭ دالالىتى بىلەن بىر خىل قەرزدارلىق تۇيغۇسى ئۈچۈن شېئىر يېزىش دېگەنلىكتۇر. ئالايلۇق، مىسىر ھۆجۇمغا ئۇچرىدى، بۇنىڭدىن باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت ھېس قىلدىغان گەپ؛ (شۇڭا بۇنى زورمۇ زور دېسەك مۇۋاپىق بولمايدۇ.) يەنە كېلىپ ئاق كۆڭۈل بىر مۇھەررىر ھەممىشە مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا سىزنى شېئىر يېزىپ بېرىشكە تەۋسىيە قىلىپ تېلېفون بېرىدۇ-دە، شېئىرنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئالىمەن دەيدۇ. بۇنداق چاغلاردا بەلكىم ئۆزىڭىزنى ۋەزىپىنى تىرىشىپ ئورۇنلاشقا مەجبۇرلىشىڭىز مۇمكىن.

بۇنداق يېزىلغان شېئىرلارمۇ بار، بەلكى ئاز ئەمەس.

مېنىڭ تەجرىبەم بويىچە بولغاندا، تەبىئىي يېزىلغان شېئىرلار ھەمىشە كىشىلەرنى ئوڭايراق ھاياجانلاندۇرالايدۇ. مەجبۇرىي يېزىلغان شېئىرلار كىشىلەرنى ئۇنچىۋالا ئاسان ھاياجانلاندۇرالمايدۇ. مەنمۇ خېلى نۇرغۇن سىياسىي شېئىرلارنى يازغان، ئۇلاردىن يېقىنقى توپلىمىمغا تاللىغانلىرىم بەكمۇ ئاز، «فاشىزمغا قارشى» دېگەن كىتابىمدىكى شېئىرلاردىن قالغىنى بىرنەچچىگە يەتمەيدۇ.

مېنىڭ تاللاش جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىمدىمۇ بەزى مەسىلىلەر بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. لېكىن مېنىڭ قالتىس دادىل، ئەمما پۈتۈنلەي مۇكەممەل بولمىغان مۇنداق پىكىر-خىياللىرىممۇ بار: سىياسىي نۇقتىئىنەزەر بەزىدە مۇئەييەن زامان چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: مەن «جۇڭگو خەلق ناخشىسى» دېگەن بىر شېئىر يازغانىدىم، ئۇ چاغدا جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، ئامېرىكىلار ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىدى. مۇنداق بىر باشنى ئۇچاق قىلىۋېتىدىغان قوشۇقلۇق گەۋدىنى مەدھىيىلەش كىشىگە تولىمۇ سوغۇق كېلەتتى، ئەمدى قارىسام ئۇ تېخىمۇ پەيزى يوق ئىش ئىكەن. مەيلى تەبىئىي يېزىش ياكى مەجبۇرىي يېزىش بولسۇن، تىرىشىپ ھېسسىياتنى ئويغىتىش كېرەك. دېمەك، بۇ ھېسسىيات بەزىدە خاراموش ئويقۇ ھالىتىدە تۇرىدۇ دېگەنلىكتۇر.

مەن ئۆتكەنكى چاغلاردا شېئىر يازسام ئىنتايىن ئاز تۈزىتەتتىم. بەلكىم سىياسىي تەلەپ كۆچەيگەنسېرى تۈزىتىشىممۇ كۆپەيگەن بولسا كېرەك. تۈرمىدىكى خىرە چىراغ تۈۋىدە ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى، قېرىنداش بىلەن كىچىككىنە خاتىرىگە يازاتتىم، خەتلەر يوغان-يوغان بولۇپ، بەزىدە ئىككى مىسرا بىر-بىرىگە مىنگىشىپ قالاتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە بىر-بىرىدىن ئاجرىتىپ يېڭىباشتىن كۆچۈرۈپ چىقاتتىم، شۇنداق قىلىپ شېئىر بارلىققا كېلەتتى. بۇنداق ھالەت ئەمدىلىكتە مۇتلەق تۈگەپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تولىمۇ ئازىيىپ كەتتى.

بىراق شېئىرنى يەنىلا قايتا-قايتا تۈزىتىش كېرەك. ئالاھەزەل شائىر تاشقىرىقى دۇنيادىكى پىكىرلەرنى قانچە كۆپ ئاڭلىسا، شېئىرنى شۇنچە كۆپ تۈزەتسە كېرەك. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا تۈزەتكەن ياخشى، ئەۋەندىن ساقلانغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن تۈزەتكەننىڭ يامان يېرى شۇكى، تەبىئىي چىقماي قالىدۇ.

ناۋادا مېنىڭدىن شېئىر يېزىشتا قانداق ئېپىڭىز بار دەپ سورىلىپ قالسا، مېنىڭ ئېپىم مېنىڭ بىرنەچچە زامان رەسىم ئۆگەنگەنلىكىم: شەكىللەر، رەڭلەر، كەيپىياتلار ۋە ئارىلىقلار ھەققىدىكى ئاز-پاز تەجرىبەمنىڭ بارلىقى، دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. مېنىڭچە، مەيلى شائىر، مەيلى يازغۇچى بولسۇن، رەڭ، پۇراق، ماددىلارنىڭ ئارىلىقى قاتارلىق نەرسىلەرگە نىسبەتەن ئۆتكۈر ۋە توغرا سەزگۈ ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

## 4-شېئىردىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى

شېئىردىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى شېئىرنى قانداق يېزىش كېرەك دېگەن مەسىلىگە تەۋە بولۇشى كېرەك.

شېئىردىكى يېڭى ئىپادىلەش ئۇسۇلى دېگەن نېمە؟ يېڭى ئىپادىلەش ئۇسۇلى يېڭى ئىدىيىۋى ھېسسىيات بىلەن يېڭى سەزگۈنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ. يېڭى ئىدىيىۋى ھېسسىيات بىلەن يېڭى سەزگۈ بولمىسا، يېڭى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بارلىققا كەلمەيدۇ.

ئىجادچانلىق دېگىنىمىز شائىر يېڭى زېمىندە يېڭى ئىدىيىۋى ھېسسىيات بىلەن يېڭى سەزگۈ ئارقىلىق ئېرىشكەن يېڭى بايقاش.

يېڭى ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا يېڭى شەيئىلەرگە نىسبەتەن ئۆتكۈر سەزگۈ بولۇشى كېرەك. ۋەھالەنكى يېڭى شەيئىگە بولغان ئۆتكۈر سەزگۈگە ئوڭايلىقچە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. كىشىلەر ئاللىبۇرۇن ھېس قىلىپ بولغان نەرسىلەرنى يېڭى شەيئىگە بولغان يېڭى سەزگۈ دېگىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆتكۈر سەزگۈنى كونا شەيئىلەرگىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ھەر قانداق شەيئىنى شېئىر قىلىپ يازغىلى بولىدۇ، چۈنكى ھەر قانداق شەيئى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغىيالايدۇ. لېكىن، بەزى شەيئىلەر بەزىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئوڭايلا قوزغىيالىغان بىلەن بەزى شەيئىلەر بەزىدە ھېچقانداق شاۋقۇن قوزغىيالمايدۇ. تەسەۋۋۇر تەجرىبىنىڭ جۇغلانمىسى. ھازىرقى تەجرىبىنى ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىگە، ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىنى كەلگۈسىدىكى تەجرىبىگە كېڭەيتكىلى بولىدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغىيالايدىغان شەيئىلەر ئۆزئارا ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر بۇ خىل گۈلنى ياخشى كۆرسە، بەزىلەر يەنە خىل گۈلنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇنداق رەڭنى ياخشى كۆرسە، بەزى كىشىلەر ئۇنداق رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ، بەزى كىشىلەر بۇنداق نەقىشنى ياخشى كۆرسە، بەزى كىشىلەر ئۇنداق نەقىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇنداق شەكىلنى ياخشى كۆرسە، بەزى كىشىلەر ئۇنداق شەكىلنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، خىلمۇخىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى تەبىئىي بارلىققا كەلگەن.

ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئوخشاش تېمىدا ئىككىنچى قېتىم يازغان چاغدىمۇ يېڭى نەرسە بولۇشى لازىم. خېلى نۇرغۇن شائىرلار ئوخشاش تېمىدا قايتا يېزىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ.

### پىكىر قىلىش

پىكىر قىلىش جەريانى ئىدىيىۋى ھەرىكەت جەريانى. پىكىر قىلىشتا ئالدى بىلەن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى بەلكىم نېمىنى ئىپادىلەش، ئاندىن قايسى نۇقتىنى ئىپادىلەش دېگەن مەسىلە بولسا كېرەك.

شائىر ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى بىلەن ئىدىيىسىنى ئوبراز ئارقىلىق راۋاجلاندۇرىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئىلمىي ياكى ئىلمىي ئەمەسلىكى ھەققىدە يەنىلا تەتقىقات يۈرگۈزۈپ كۆرۈلسە بولىدۇ. ياكى شائىر ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە ئىدىيىسى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىۋاتىدۇ دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

پىكىر قىلىش بالىلار بىلەن بۆلەكلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قايسى بۆلەكنى ئالدىغا، قايسى بۆلەكنى كەينىگە قويۇش، بەزىدە قەستەن ئالدى-كەيندىكى بۆلەكلەرنى ئالماشتۇرۇشلار ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياتىدۇ. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشلار كىشىلەرنى تېخىمۇ قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇش، تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈش، تېخىمۇ كۆپ بەدىئىي ئۇنۇمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈندۇر.

**چىنلىق بىلەن تەسەۋۋۇر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت**

دېي ۋاڭشۇ ئۆزىنىڭ شېئىر ئۈستىدىكى بىر مۇھاكىمىسىدە: «شېئىر چىنلىقىنىمۇ، تەسەۋۋۇرىنىمۇ تولۇقلىمايدۇ» دېگەنىدى. بۇ سۆز ئىنتايىن توغرا.

تەسەۋۋۇر چىنلىقتىن بارلىققا كېلىدۇ، چىنلىق تەسەۋۋۇر بىلەن تولۇقلىنىدۇ. ئالدىمىزدا بىر شامالدۇرغۇچ تۇرۇپتۇ. بۇ بىزنىڭ كۆرۈش سەزگۈمىز بايقىيالايدىغان شەكىل. شامالدۇرغۇچ ئارقىلىق بىز قايسى بىر يىلى قايسى بىر ئۆيدە ئاشۇنداق بىر شامالدۇرغۇچنى كۆرگەنلىكىمىزنى ئەسلىيەلەيمىز. شامالدۇرغۇچ ئارقىلىق ئاشۇ ئۆيدىكى بىر كىشىنى، ئۇ كىشى ئارقىلىق ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلىيەلەيمىز. دېمەك بۇ تەسەۋۋۇرلارنى ئالدىمىزدا تۇرغان شامالدۇرغۇچ قوزغىغان ۋە بېيىتقان.

شېئىردىكى تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن سەزگۈ كۈچىنى قانداق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك؟ بۇنى يېتىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئازراقمۇ تەسەۋۋۇر كۈچى بولمىغان بىر كىشى باشقا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن. ئالايلۇق، ئىدارە باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى بولۇش مۇمكىن، لېكىن بۇنداق كىشى شېئىر، ھېكايە يازالمايدۇ. ئازراقمۇ سەزگۈ كۈچى يوقلار كەم ئۇچرايدۇ، گەپ بەزى كىشىلەردىكى سەزگۈنىڭ كەيپىيات يارىتالمايدىغانلىقىدا. بۇنداق ئادەملەر بىرپارچە ئاق قەغەزنى كۆرسە، ئاق قەغەزدىن باشقا ھېچنەرسە يوقكەن، دەپ ئويلايدۇ.

ناۋادا سەزگۈ باغلىما تەسەۋۋۇرنى پەيدا قىلمىسا، بۇنداق سەزگۈنىڭ ئۆمرى كۆتە بولىدۇ. قەغەزنى كۆرۈپ قەغەزدە ئۆلگەن سەزگۈ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن سەزگۈ كۈچىنى يېتىلدۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە مېڭە ھەرىكىتىگە خاس ئادەت. بەزى كىشىلەرنىڭ مېڭە ھەرىكىتى كۆپ، بەزى كىشىلەرنىڭ مېڭە ھەرىكىتى ئاز بولىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ بىر يىغى سەزگۈسى دەرھاللا بىر قاتار باغلىما تەسەۋۋۇرلارنى پەيدا قىلىۋېتىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ سەزگۈسى پەقەت بىرەر تىرەن باغلىما تەسەۋۋۇر بىلەنلا تىنىدۇ. يازغۇچى، شائىر، دراماتورگلاردا... تەسەۋۋۇر كۈچى كەم بولسا، ئۇلارنىڭ ئىش قىلمىقى تەسكە توختايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەزىلەر ئۆزىنىڭ باغلىما تەسەۋۋۇر قىلىشنى بىلمىگىنى بىلەنلا قالماستىن، ھەتتا باشقىلارنىڭ باغلىما تەسەۋۋۇرىنى چۈشىنىشكىمۇ ماھىر ئەمەس. بەزى كىشىلەر ئوخشىتىش پۈتۈنلەي ئوخشىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. نېمە ئۈچۈن: «چاقنىشار ياقۇتسىمان ئۆزئارا لالە، چىراي» دېيىلىدۇ؟ لالىنىڭ كۆزى ياكى بۇرنى بولمىسا؟ ئەمەلىيەتتە دۇنيادا پەقەت بىرلا نەرسە ئۆزىگە بەكمۇ ئوخشايدۇ، ئۇ بولسىمۇ شەيئىنىڭ ئەسلى ئۆزى، ئۆزىڭىزدىن باشقا ھېچكىم ئۆزىڭىزگە ئوخشىمايدۇ. ئوخشىتىشتا بۇنداق تەلەپ قويغىلى بولمايدۇ.

**مەنىۋى مۇھىت توغرىسىدا**

مەنىۋى مۇھىتنى چۈشەندۈرۈش تولىمۇ قىيىن. راستىنلا شۇنداقمۇ؟ مەنىۋى مۇھىت دېگىنىمىز سەزگۈ، ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر، ئىدىيىلەرنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىنىشىدۇر. ئۇ شەيئىلەرنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ. يېزىلىۋاتقان نەرسىنى تېخىمۇ شېئىرىيلىققا ئىگە قىلىدۇ، چۈنكى بىزەمۇ شېئىرىيلىققا ئىگە بولمىغان بىر مۇنچە شېئىرلار ھەقىقەتەنمۇ بار.

كاللامغا دەرھاللا شېئىرىيلىق دېگەن نېمە؟ دېگەن بىر سوئال كېلىپ قالدى. بۇنى چۈشەندۈرۈشمۇ قىيىن. مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇلغان ھەرقانداق چۈشەنچە خەتەرلىك بولىدۇ. چۈنكى شېئىرىيلىققا قارىتا ھەر بىر شائىرنىڭ ئۆز تونۇشى، ئۆز كۆز قارىشى بولىدۇ. بەزىلەر گۈگۈمدىن شېئىرىيلىق سەزسە، بەزىلەر چىڭقى چۈشتىن شېئىرىيلىق سېزىدۇ. بەزىلەر دېڭىزدىن شېئىرىيلىق سەزسە، بەزىلەر دېڭىزغا باققاندا ساي-جىلغىلاردىن بەكرەك شېئىرىيلىق سېزىدۇ. ناۋادا سىز تارتىلداپ تۇرغان موتسىكلىتتا شېئىرىيلىق يوق دەيدىغان بولسىڭىز ماياكوۋسكى كارنىيىڭىزدىن ئالىدۇ. سىز گۈل شېئىرىيلىققا ئىگە دېسىڭىز، ماياكوۋسكى نېفىت دۇنيادىكى ئەڭ خۇش پۇراق نەرسە دەيدۇ. سىز ئىنبۇدىكى سېسىق كۆكتاتنى كۆرۈپ بۇرنىڭىزنى ئېتىۋالسىڭىز، ئىنبولىقلار بۇ سېسىق كۆكتاتتىن ئەڭ كۆپ شېئىرىيلىق سېزىدۇ. مېنىڭچە، ئەڭ مۇھىمى، كىشىلەردە يېڭى سۆيۈنۈش تۇيغۇسى، يېڭى تەسىرات، يېڭى مەھلىيالىق، يېڭى ئىلھام قوزغىيالايدىغان بولۇش، بۇنداق دائىرە بىرقەدەر چوڭراق كېلىدۇ.

بەلكىم بەزىلەر قەدىمىي خان سارىيىغا بېرىپ قەدىمىي نەرسىلەرنى ياد ئېتىش شېئىرىيلىققا ئىگە بولامدۇ، دەپ سورىشى مۇمكىن، مېنىڭچە، قەدىمىي نەرسىلەرنى يادلاش ھېسسىياتىمۇ يېڭى ئىلھام.

ئىلھام دېگىنىمىز، سېزىش كۈچىڭىز بىلەن تەسەۋۋۇر كۈچىڭىزنى، ھېسسىيات بىلەن ئىدىيىڭىزنى بېيىتىدىغان ئامىل ۋە قۇدرەت. ئاخشىمى خىيابانلاردا سەيلى قىلىپ يۈرگىنىڭىزدە قۇشلار ئۈستىڭىزدىن ئۇچۇشۇپ ئۆتىدۇ. بۇنى ئەنئەنە بويىچە شېئىرىيلىق دەپ ئاتايمىز. بۇ كىتابلاردىن كەلگەن. خەقلەر بۇنى شېئىرىيلىق دېسە، بىز مۇشۇنداقراق نەرسىلەر شېئىرىيلىققا ئىگە بولىدۇ دەپ قاراپ كەلدۇق.

نېمە ئۈچۈن بەزى ياشانغان كىشىلەر يېڭى شېئىرلارنى قوبۇل قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ ھەم قوبۇلمۇ قىلمايدۇ؟ چۈنكى ئۇلار مەسىلىلەرگە قاراشتا ئەقىدىپەرەسلىككە ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن نەرسىنى تەن ئالماق ئىنتايىن ئاسان، پەقەت بىر ئاۋازلا ئارتۇق بولىدۇ، خالاس. لېكىن ئىنسان پەقەت مۇشۇنداق تەرىقىدىلا راۋاجلانمايدۇ. ئىنسان يەنە كېلىچەكتە مەۋجۇت بولىدىغان ياكى مەۋجۇت بولىشىمۇ تەن ئېلىنمىغان نەرسىلەرنى دائىمىي رەۋىشتە دادىل تەن ئېلىشى كېرەك.

**بايان ۋە ئوخشىتىش**

بۈلتۈرغۇ دەيمەن، مېكسىكىلىق ئىككى شائىرمۇ مېنىڭدىن بايان بىلەن ئوخشىتىش توغرىسىدا سورىغانىدى. ئۇلار راستىنلا خېلى ئېغىر سوئال قويۇشقانىدى. چۈنكى بەزىلەر بايان شېئىر ئەمەس، دەپ قارىشاتتى. ئۇلارمۇ بايان شېئىر ئەمەس، دەپ قارىشىدىكەن.

بەزىلەر بايان نەسىرگە تەۋە ئۇسلۇب، دەپ قارايدۇ.

ناۋادا شېئىرنى تۇرغۇن، سىرلىق نەرسە، دەپ قارىمايدىكەنمىز، ئۇ چاغدا مەن بايانمۇ شېئىرغا تەۋە ئۇسلۇب، دەپ قارايمەن. بايانىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغاندا شېئىر يازغىلى بولمايدۇ.

بالا چاغ، ئىشرەت سارايدا، ياغدى يامغۇر شارقىراپ،
ياندۇ شاملار خىرە جىلۋىگاھتا قالتىراپ.
زەپ ئېسىل قىران چېغىمدا قىيىقتا مەن كەزدىم جاھان،
كەڭ ئىرۇر دەريا قىنى، ئېڭىشەر بۇلۇت ھامان.
تۇرنىلار نالە قىلىپ ئۇچۇشار جەنۇب تامان.
تۇرىمەن مانا بۇگۈن يامغۇردا دەرۋىش ئۆيىدە،
ياندۇ ئىككى چېكەم كۆكتىكى يۇلتۇزسىمان.
بۇ پەلەكنىڭ رەھىمى يوق،
باغرى ئۇنىڭ ھەمىشە تاش
تاڭغىچە تۇراي تالادا ياغ يېشىن، بولغىن قىيان!

— جۇشەن: «يۈمېيرېن»

پۈتۈن شېئىر بايان، بىرمۇ ئوخشىتىش يوق، تاللىۋېلىنغان ئۈچ مۇھىتنىڭ سەكرىشى ئىنتايىن تېز، شېئىردا بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرى يېزىلغان.

بۇنداق بايان نەسىردىكى بايانغا ئوخشىمايدۇ. شېئىردا ئەڭ تىپىك كۆرۈنۈش تۇتۇۋېلىنغان بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ بالا ۋاقتىدا ئويۇن ئويناپ، قىران ۋاقتىدا جاھانكەشتىلىك قىلىپ، قېرىغاندا غېرىبسىنىپ قالغانلىقى يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاق كۆرسىتىلگەن ۋە شېئىرىي ھاياجان پەيدا قىلىش ئۇنۈمىگە ئېرىشكەن.

بۇنداق مىساللار ئىنتايىن كۆپ، ئالايلۇق:

بەلكى يولچى دەيدىكەن تاپالماستىن قونالغۇ،
ئاتىنىڭ ئىزى كېسىشكەن قار ئۈستىدە تاغ ئارا.
—لى شۇمىن

چاقىسىدىن ئاڭلىنار ئىتلارنىڭ ئۈنى،
بورانلىق كېچىدە قايتماقتا دىلدار.
— ليۇچاڭچىڭ: «قاردىكى قونالغۇدا لەيلىزارلىق تاغ خوجايىنى بىلەن ئۇچرىشىش»

بۇلارنىڭ ھەممىسى بايان.

نەسەۋۇرغا باي ياكى تېپىك شەيئىلەر تۇتۇۋېلىنغان، يۇكسەك يىغىنچاق بايانلار شېئىرىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولالايدۇ. چۈنكى، ئويلاۋاتقان چېغىڭىزدا، سىز بايان قىلىۋاتقان نەرسە شېئىرىيلىققا تولۇپ تاشسا ئۇ چاغدا بۇ شېئىر بولالايدۇ.

شېئىردىكى بايان بىلەن نەسىردىكى بايان ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بار؟ بايا شېئىردىكى بايان تېز سەكرەيدۇ، ئۇ يۇكسەك دەرىجىدە يىغىنچاق دېدىم، ئۇنداقتا نەسىرگە بۇ نەرسىلەر كېرەك ئەمەسمۇ؟

ياق، نەسىرگىمۇ بۇ نەرسىلەر كېرەك، ياخشى نەسىر يارىلىشىدىنلا ياخشى شېئىر بىلەن يىلتىزداش، ھەتتا شېئىرغا تەڭ بولىدۇ.

ئىنسانىيەت ياراتقان ئەڭ ئېسىل نەرسە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، شېئىر دېيىشكە بولىدۇ. لۇشۇنمۇ شائىر ئاتالغان، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ يازغان شېئىرى ئىنتايىن ئاز. ۋەھالەنكى شېئىر يازسىلا كارامەت بولۇپ كېتىدىغان ئىش يوق، ئەكسىچە، كىشىلەر ئۇنى گۈزەللىك شتۇرۇلگەن نەرسە قىلىۋالغان.

بايان داستانلاردا ئەڭ ئوڭاي كۆزگە چېلىقىدۇ ھەم ئۇنى چەتكە قاققىلىمۇ بولمايدۇ، لېكىن بۇنداق بايانلار جايىدا، سەرسەپراق بولىدۇ. يەنە كېلىپ بايان قىلىۋاتقاندا كىشىلەرنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇرۇش كېرەك. بەزىلەر پەقەت ئوخشىتىشلا بەدىئىي پىششىقلاشقا ياتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇنداق ئەمەس، بايانىڭمۇ بەدىئىي پىششىقلاش رولى بار. ناۋادا شائىر ئىدىيىۋى ھېسسىياتى چالا ئۇيقۇلۇق ھالەتتە شېئىر يېزىشقا كىرىشىدىغان بولسا، ئۇنىڭ شېئىرى بايان تۇرماق ئوخشىتىشلار بولغان تەقدىردىمۇ شېئىرىيلىققا ئىگە بولالمايدۇ. كىشىلەردە يېڭى ھاياجان قوزغىيالمايدۇ.

بۈگۈن ئەتىگەن ئۆتكەندە يازغان «تاڭ» دېگەن قىسقا شېئىرىمنى مۇنداقلا كۆرۈپ باقتىم. تۆپتۈزلا يازسا بۇنداق شېئىرلار نەسىر بولۇپ چىقامدۇ قانداق؟ ئاشۇنچىلىك شېئىرىيلىق بولغاندىكىن ئۇ شېئىر نەسىر بولسىمۇ ھېچقانچە زىيان بولمايدۇ

دەپ ئويلايمەن. نەسر بولغان تەقدىردىمۇ شېئىرىيلىقتا ئىگە نەسر بولۇپ چىقىدۇ-دە.
بەزىلەر نەسر يېزىش ئوڭاي، شېئىر يېزىش قىيىن دېيىشىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنداقمۇ ئەمەس. هازىرقى جۇڭگودا نەسرنى ھەقىقىي ياخشى يازىدىغان ئادەم ئىنتايىن ئاز (بۇ ئەلۋەتتە يۇقىرى سەۋىيىدىكى تەلەپ). گراماتىكا جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىستىلىستىكا جەھەتتىن ئۆۋەنسىز نەسرلەر ئىنتايىن كۆپ. لېكىن يېزىش قۇدرىتى كىشىنى بەنت قىلىۋالىدىغان، يۈرىكى دىماغقا ئاتقىپ تۇرىدىغان، كىشىنى ھاۋاغا ئوخشاش قورشاپ تۇرىدىغان نەسرلەر ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.
ياخشى نەسرنىڭ قۇدرىتى يامان شېئىرنىڭ قۇدرىتىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كېتىدۇ.
تۆۋەندىكىلەر ھەم نەسر، ھەم شېئىر:

گۈلدۈرمامىدەك كەلگەن ئاۋازلار
تاغ-جىلغىنى لەرزىگە سالىدۇ.
يامرىغان سۇ، دەۋرىگەن تۇمان
كۆزۈڭدىكى نۇرنى ئالىدۇ.

— «سۇ كىتابى تەپسىرى»

قىسقىغىنا ئىككى جۈملە سۆز شارقىراتمىنى قالتىس ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۈپەتلەپ، مۇھىتنى تامامەن سۈرەتلەپ بەرگەن دېيىشكە بولىدۇ.
يېشىل دەرەخلەر بىلەن زۇمرەت شوخلار تور بېزەك ھاسىل قىلىپ، ئۇياقتىن بۇياققا لىڭشىيد

—— لىيۇزۇڭيۈەن

قىممەت باھالىق دەرەخلەر بىلەن ئاجايىپ-غارايىپ بامبۇكلار زېمىنغا سايە تاشلىشىدۇ.

— يۈەن جېي: «يۇقىرىقى ئېقىن خاتىرىسى»

بۇنىڭ ھەممىسى نەسر، لېكىن ھەممىسىنى شېئىر دېيىش كېرەك. بۇلارنىڭ شېئىر دەپ قارالماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ جۈملىلەرنىڭ ھەربىرىدە پەقەت بىردىن سۆزلا كەم ياكى بۇ جۈملىلەر مىسرالارغا ئايرىلمىغان. بۇ بىزنىڭ شېئىرنىڭ شەكلىنى تولىمۇ قېلىپلاشتۇرۇۋالغانلىقىمىزدىن بولغان. شارقىراتمىنى سۈپەتلەيدىغان ئىككى جۈملە سۆزدە پەقەت «گۈلدۈرمامىدەك كەلگەن» دېگەن سۆزدىكى «گۈلدۈرماما»، «دەۋرىگەن تۇمان» دېگەن سۆزدىكى «تۇمان» دېگەن سۆزلەرلا ئوخشىتىش؛ قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى بايان. لېكىن ئۇنىڭدىكى قۇدرەت شېئىرىي قۇدرەت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھېسسىيات ئالەمىنى مەركەزلىك ھالدا لەرزىگە سالىدۇ.

**ئاددىيلىقنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟**

بەزىلەر ئاددىيلىقتا ئەمەس، بەلكى ھەيۋەتلىكلىكتە ئامراق. شەيئىلەر بىلەن ھېسسىياتنىكى چىن ۋە ھاياجانلىق نەرسىلەر ئېنىق تىل بىلەن ئىپادىلەنسە، ئاددىيلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



قۇدرەتكە ئايلىنىدۇ. ئاددىيلىق ھەرگىزمۇ سىيداملا بايان قىلىش ئەمەس. ناۋادا ئاددىيلىق سىيدام بايانغا ئايلىنىدىغان بولسا، بىز بۇنداق بايانغا قارشى تۇرىمىز.

ئاددىيلىق خازامۇش ئۇيقۇلۇقتىكى ئەزمە، سۆرەلمە تىل ئەمەس. ئاددىيلىقنىڭ ئۆزىمۇ قىلچە تاللاش ئىمكانىيىتى يوق تىل ئەمەس.

ئاددىيلىق ئەڭ ئېنىق تىل، ئۇ شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بايان قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەرقانداقى ئاددىيلىق بولامدۇ يوق؟

بايان ئاددىيلىق بولۇشمۇ، ئاددىيلىق بولماسلىقمۇ مۇمكىن. ئاددىيلىق سىيداملىققا ئەڭ قاتتىق قارشى تۇرىدۇ.

شېئىردا ئاغزى بېسىلماي سۆزلەشكە ئەڭ قاتتىق قارشى تۇرۇلىدۇ. گورۇپپا يىغىنلىرىدا بىلگەننى قالدۇرماي سۆزلەش، سۆزلىگەندىمۇ ئاخىرىغىچە سۆزلەش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، ناۋادا بۇ شېئىردا تەشەببۇس قىلىنسا بەكمۇ يامان بولىدۇ. شېئىر يېزىش دېگىنىمىز ئەڭ كىچىك كۆلەم ئارقىلىق كىشىلەرگە ئەڭ زور كۆلەمدە شادلىق بېغىشلاش دېگەنلىكتۇر. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ كىتابنى شۇنچە ئاز بېسىشنىڭ ھاجىتى يوق بولغان بولاتتى.

ئوخشىتىشنىڭ مەقسىتى مەۋھۇم نەرسىنى نەختەن نەرسىگە ئايلاندۇرۇش؛ ئوخشىتىش ئارقىلىق ئوخشاتماقچى بولغان نەرسىنى تېخىمۇ جانلىق كۆرسىتىش. كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسىنى قەغەز بېتىدە كۆرسىتىش ئوبراز ئۇسۇلىغا تەئەللۇق. ئوبراز ئۇسۇلىنىڭ بىر تۈرى ئوخشىتىش.

مەۋھۇم نەرسىنى نەختەن نەرسىگە ئايلاندۇرغاندا، ئەسلىدىكى سەزگىلى بولمايدىغان نەرسە سەزگىلى، كۆرگىلى، پۇرىغىلى بولىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھارارىتى بىلەن قاتتىقلىقىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ. بىر قەيسەر جەڭچىنى پولات جەڭچى دەيمىز، پولات جەڭچى دېيىلگەندە ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، قەتئىيلىكى سۈپەتلەنگەن.

سەزگۈمۇ، باغلىما تەسەۋۋۇرمۇ ئوخشىتىشنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. ھېسسىيات مەۋھۇم نەرسە، «گۈزەل» دېگەن بۇ سۆزمۇ مەۋھۇم نەرسە. بۇ بىر تال گۈل تولىمۇ گۈزەل ئىكەن دېيىلسە، بۇ گەپنى ئاڭلىغان بىرنەچچە ئادەمنىڭ بۇ گەپكە بولغان سەزگۈسى بىر-بىرىگە ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. بۇ گۈل ھەقىقەتەن گۈزەل ئىكەن دېيىلسە، ھەقىقەتنى كۆرگەن كىشىلەر بۇ گۈلنىڭ گۈزەللىكىگە توغرا سەزگۈدە بولىدۇ.

سىز ئۆزىڭىزنىڭ سەزگۈڭىزنى كىتابخانلارغا تىرىشىپ چىنلىق بىلەن يەتكۈزۈشىڭىز كېرەك. سىزنىڭ سەزگۈڭىز توغرا بولسىلا، بىلىمىڭىز مول بولسىلا، ئاندىن سىز ئۆزىڭىز سەزگەن نەرسىنى ئىپادىلەشكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان نەرسىنى تېپىپ ئۇنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ چىقالايسىز. «بۇ گۈل گۈلگە ئوخشايدۇ» دېگەن گەپ

قۇرۇق گەپ. «ئاھ، قۇياش سەن قۇياشقا ئوخشاش يوپيورۇق» دېگەن گەپمۇ دېمىگەنگە باراۋەر. لېكىن بەزى چاغلاردا يېڭى سەزگۈمۇ پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئاھ، قۇياش، سەن ھەقىقىي ئىسمى جىسمىغا لايىق قۇياش سەن!»

سىز پەقەت مەلۇم شەيئىنى خېلى توغرا ۋە دەل بىلگىنىڭىزدىلا ئاندىن ئەڭ مۇۋاپىق ئوخشىتىشنى تاپالايسىز. شۇڭا، ئوخشىتىش شائىردىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنىڭ تېرەن-تېيىزلىكىنى؛ شۇنداقلا، شائىرنىڭ گۈزەللىك بىلەن سەنئەتلىككە بولغان تونۇشىنىڭ دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ياخشى كۆرگەندە ياخشى نەرسە ئارقىلىق ئوخشىتىشقا، يامان كۆرگەندە يامان نەرسە ئارقىلىق ئوخشىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ناۋادا سىز بىر نەرسىنى مەدھىيىلىمەكچى بولۇپ، ئۇنى خەقلەر ياقتۇرمايدىغان نەرسىگە ئوخشاتسىڭىز، ئۇ چاغدا قانچىلا مەدھىيىلىگىنىڭىز بىلەنمۇ بەرىبىر بۇ مەدھىيىڭىزدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ.

سىمۋول ئۇسۇلى دېگەن نېمە؟

بۇمۇ ئوخشىتىش ئۇسۇلىغا تەۋە. بۇنىڭدىمۇ نەختەن نەرسە ئارقىلىق مەۋھۇم نەرسە ئىپادىلىنىدۇ. بەزىدە بۇ ئىككى نەرسە ھەتتا بىر-بىرىدىن پايدىلىنىدۇ. سىمۋول ئۇسۇلى بىلەن «سىمۋولىستلار گۇرۇھى» دېگەن بۇ ئىككى ئۇقۇم بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئىش.

شېئىردا سىمۋولنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. سىمۋولىستلار گۇرۇھى شېئىرىيەتتىكى بىر ئېقىم، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا تەشەببۇسى، پروگراممىسى بار بولۇپ، بۇ ئېقىم بودلېردىن باشلىنىدۇ. بۇ ھەقتە، ئەڭ ياخشىسى، مۇمۇتىيەن سۆزلىسۇن.

بەزىلەر سىمۋول ئۇسۇلىنى ئادەتتىكى كىشىلەر چۈشەنمىگەچكە، بۇ ئۇسۇلدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ كېتەمدۇ قانداق، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بەجايىكى ئەسەر چۈشىنىشلىك بولۇپ تېخىمۇ كۆپ ئادەم چۈشىنىپ يەتسىلا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى زورىيىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. لېكىن ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەر چۈشەنمەيدىغان بىرمۇنچە ياخشى نەرسىلەر بار. بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىمۇ ياخشى نەرسىلەر ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى خىلمۇخىل، شېئىرىيەت ئۇنى قېلىپقا سېلىپ قويالمايدۇ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئادەمنىڭ دۇنياغا بولغان تونۇش ئىقتىدارىنى بويلاپ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ بارىدۇ. كېڭەيگەندىمۇ سەنئەت تەرەققىياتى قانۇنىنىڭ كېڭىيىشىنى بويلاپ كېڭىيىپ بارىدۇ.

www.uyghurkitap.com



## 5-شېئىرنىڭ تىلى

ياخشى تىل دېگەن نېمە؟ يامان تىل دېگەن نېمە؟ سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز، سەزگۈڭىز، ئىدىيىڭىزنى ئەڭ تولۇق، ئەڭ توغرا ئىپادىلەپ بەرگەن تىل ئەڭ ياخشى تىل بولىدۇ. ئادەتتە كىشىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلايمىز: بەزى گەپ-سۆزلەر ئادەمنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇرىدۇ، بەزى گەپ-سۆزلەر كىشىگە تولىمۇ يېقىپ كېتىدۇ. بەزى گەپ-سۆزلەر تولىمۇ دانالىق بىلەن ئېيتىلغان بولىدۇ. بەزى گەپ-سۆزلەر چوڭقۇر تەسىرات پەيدا قىلىدۇ-دە، ئۆمۈر بويى ئۇنتۇلمايدۇ. بۇ گەپ-سۆزلەرنىڭ ھەممىسى بەلكىم ئەڭ ياخشى تىل بولسا كېرەك. شېئىرىي تىل قەغەز بېتىدىن ئۆزىچىلا يۈگرەپ چىقمايدۇ. شېئىرىي تىل كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئىستېمال تىلى ياكى كىتابىي تىل ئىچىدىن كېلىدۇ، شائىر ئۇنى پىششىقلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئەڭ سەممىي گەپ كىشىنى ئەڭ قاتتىق ھاياجانلاندۇرالايدۇ. يەنىمۇ سەممىيرەك گەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بەزىلەر تىلنى قانداق تاۋلاش كېرەك، دەپ سورىشىدۇ. مېنىڭچە، تاۋلاش دېگەندىن كۆرە مەشىق قىلىش دېگەن تۈزۈك. نېمىشقا بۇنداق دەيمىز؟ چۈنكى مەشىق قىلىش ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىش. تاۋلاش پەقەت قەغەزگە چۈشۈرگەن چاغدىكى زىننەتلەش؛ خۇددى لۇشۇن ئېيتقاندەك، بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان سۆزلەرنى قىسقارتىۋېتىش كېرەك، دېگەندەك ئىش. مەشىق قىلىش شەيئىلەرنى توغرا يىغىنچاقلاش ۋە تىلنى توغرا تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ مەقسەتكە ئەلۋەتتە بىر-ئىككى كۈندە يەتكىلى بولمايدۇ، داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز مەشىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىخچاملىق دېگەن نېمە؟ بەزىلەر سۆز قانچە قىسقا بولسا، شۇنچە ئىخچام بولىدۇ دەپ قارايدۇ. خۇددى بابا ئوقۇپ ئۆتكەن «گۈلدۈرمامىدەك كەلگەن ئاۋازلار...» دېگەندەك، بۇ ئىككى جۈملە ئەلۋەتتە ئىخچام يېزىلغان، لېكىن سۆزى قىسقا بولغانلىقى نەرسىلەرنىڭ ئىخچام بولۇشى ناتايىن.

بىز دەۋاتقان ئىخچاملىق ئورتاق تىل ئاساسىدا تېجەشلىك بولۇشنى، ئاز سۆزلەپ كۆپ مەنە بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. توغرا سۆزلەش، گرامماتىكىغا قايچە كەلمەسلىك، سۆزنى ئىشلىتىدىغان يەردە يەنىلا ئىشلىتىش كېرەك.

بىر يولداش مېنىڭدىن تىل جەھەتتە قانداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتىڭىز، قانداق تەجرىبىلىرىڭىز بار؟ دەپ سورىدى. توپتوغرا ئېيتسام، ھېچقانداق تەجرىبەم يوق. بىردىنبىر ئېيتىشقا بولىدىغىنى شۇكى، شېئىر يېزىۋاتقان چېغىمدا تىلىم ئىدىيىۋى ھېسسىياتىمدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، ئۇنى ئاخىرىغىچە قوغلىشىدۇ. يېزىپ بولغىنىمدىن كېيىن بوشراق سېزىلگەن يەرلەرنى تاشلىۋېتىمەن. بۇ ئۇسۇلنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى

ئايرىشتا يەنىلا تەنقىدچىلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**تىلنىڭ ئاۋازى ۋە تۈسى**

تىل چوقۇم ئېنىق ۋە توغرا بولۇش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا تىل يارقىن تۈسكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا شائىر تىلنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق چۈشىنىش كېرەك.

تىل خىلمۇ خىل بولىدۇ: ئۇنداق تىلمۇ بۇنداق تىلمۇ، بولىدۇ. كىنايىلىق تىلمۇ، مۇڭلۇق تىلمۇ بولىدۇ. تەئەددىيلىك تىلمۇ، يىلىنىشلىق تىلمۇ بولىدۇ. قانداق تىلنى ئىشلىتىش مەزمۇننىڭ ئېھتىياجى.

تىل شائىرنىڭ بويىقى. خۇددى رەسساملارنىڭ بويىقىغا ئوخشاش، بوياق توغرا تەڭشەلگەندىلا ئاندىن سىزىلىدىغان نىشان-مۇدېلنى توغرا ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

تىل ئېنىق، يېڭى، ئاھاڭدار، ئوقۇغاندا يېقىشلىق كېرەك. بەزىدە ئېغىزغا يېقىشلىق بولماسلىقمۇ مۇمكىن، بۇ پەقەت ئۈزگىچە بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە ئاڭلىق ھالدا شۇنداق يازغان چاغلاردىلا بولىدىغان ئىش. تىل مەسىلىسىنى بىرھەپتە سۆزلەپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن بۈگۈن مۇشۇ يەرگىچە سۆزلەيمەن.

(«شېئىرىيەت ژۇرنىلى» نىڭ 1996-يىللىق 5-سانىدىن)

**ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى**

**مەسئۇل مۇھەررىر غېنى مۇھەممەت**

# چەت ئەل ھازىرقى زامان شېئىرلىرىدىن

سىماس ھىينى (ئىرلاندىيە)

## بىكە تىلىك ئارال ①

ئېغىر كېسەل بولۇپ قوپقان كىشىدەك
يەرگە ئاياغ باسقان چېغىمدا،
تۇسما-قايىشتىن يىسونۇلغان بىر قول
تۇتۇۋالدى مېنى چىڭ ھەيھات.
يېڭىباشتىن سەزدىم خۇشاللىق
خۇشاللىقىم بولسىمۇ گەر يات.

مېنى يۆلەپ تۇرغان ئۇشبۇقول
بېلىق كەبى ئىدى سوغ، قۇرغاق.
قويۇۋەتمەي مېنى چىڭ تۇتۇپ
تۇرار ئىدى يەنىلا بۇ قول.
يېتىلە دەمدۇ، يېتىلەي دەمدۇ
بۇنى راستىلا بىلمەيتتىم بىراق.

بۇ زور ئادەم ئۆتتى يېنىمدىن،
بولغان ئىدى كۆزلىرى ئەما.
ئالغا قاراپ تاشلايتتى قەدەم،
قوللىرىدا سۇۋۇادان ھاسا.②
قادالغانتى ئالدى تەرەپكە
ئىككى كۆزى بېگىزدەك گويا.

ئىلگىرى قىلدىم، تونۇدۇم ئېنىق،
ئەنە تىرىك تۇرار ئىدى ئۇ،
ئارىسىدا ماشىنىلارنىڭ،
ئاسفالىتلىق يولنىڭ ئۈستىدە،
جۇش ئۇراتتى جاسارەت گويا
قارىغايدەك كۆركەم بەستىدە.

چىش يارمايلا لام-مىم دەپ تېخى
ياڭراپ كەتتى قۇلىقىم مانا.
تاغ-دەريانىڭ مەشھۇر نامىغا
سىڭگەن ئىدى ئۇنىڭكى سەزا.③
ئۇ كارامەت ناخشىچى خۇددى
ھەكەم ئىدى تەڭداشسىز دانا.

ئۇنىڭ ئۈنى جاراڭلىق، ئەينەن،
قەتئىي-مەزمۇت ئىدى دىلرەبا.④
پولات قەلەم ئۇچىدەك ئىتتىك،
كەسكىن ئىدى، چورت ئىدى راسا.
شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىزلا ئۇ
تىلغا كىرىپ كۆتۈردى ھاسا.

قەغەز سالغان سېۋەتنى تۇرتۇپ
دېدى: بۇرچۇڭ بۇ ئالەمئارا
سىيدام ئەدەپ، سىيدام يوسۇندا
تۈگىمەيدۇ، بولمايدۇ ئادا.

ئۆز ئىشىڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن
ئورۇنلىغىن، كەلتۈرگىن بەجا.

تىزگىن چۈشسۇن شۇڭا بېشىڭغا،
مۇھىم بولسۇن يېزىش ھەممەۋاق.
ئال يېزىشتىن شىرىن لەززەتنى،
قىيام بولسۇن ئىشقا ئىشتياق.
ئىلھاملارنىڭ يىلتىزى قولۇڭ
تۈنلەر بويى تىنمىغان ئۇزاق.

ئاپتاپ چاچقان سېنىڭ يۈرىكىڭ
چۈشلىرىڭدە قۇياش چىققان جاي.
ئەمدى پەرھىز، ئالدىراڭغۇلۇق
خەۋپ ساڭا، ۋاي ھالىڭغا ۋاي.
مۇشۇ يەردىن باشلا قەدەمنى،
بولما ئۇنچە چىڭشىلىككە باي.

كەڭدىرتوننى كىيىپ ئۆزگىلەر
مەيلى كۆرسۇن توۋنى راۋا ⑤.
كەتسۇن بۇندىن، ئۆچسۇن بۇ يەردىن،
ئەستىن چىقسۇن، ئۇنتۇلسۇن تامام
ئاڭلاش ئۈچۈن نۇرغۇنغۇ ۋاقىت،
ئەمدى چىقسۇن، ئۆزۈڭدىن ناۋا.

كىردىم كەڭرى زېمىن باغرىغا،
كىردىم يالغۇز، كىردىم بىمالال.
ماڭا تونۇش ئالەم ئىشلىرى،
تونۇش كۆپتىن، تونۇشتۇر يەققال.
چۈشەر يۈزگە تېنماي تاراسلاپ
يىپەك يامغۇر-يېشىنلار تال-تال.

مەن ئويغاندىم، ئەزىز ئاتىجان،
ئانىمىزنىڭ ئەركە ئوغلانى،

ستىفنىنىڭ خاتىرىسىدە
تۆتىنچى ئاينىڭ ئون ئۈچى كۈنى.
خاتىرىلەنگەن بىر ئان، بىر ئەپسانا،
بىر مەقسەتنىڭ جاكاسى، ئۈنى.

شېرىك بولدى تەلىيمگە تەڭ
بۇ ئۇنتۇلماس، روشەن خاتىرە.
تۈيۈلدۇ ئوران بولۇپ ئۇ
قۇلاق سېلىپ تىڭشىسام گويا
يېڭى مەسىھ ئايىمىدىكى
قىسقا، ئىخچام ئوقۇلغان دۇئا ⑥.

مۇقەددەس ۋورۇنكا ⑦ ئايىمى
مازاق قىلىپ دېدى ئۇ ماڭا:
زادى، كىمنى دىلغا پۈكمىز؟
ئىنگلىز تىلى تۇرسا بىزگە تەن.
ياندۇرماقچى بولسەن تېخى
ئاللىقاچان ئۆچكەن ئوتنى سەن.

بۇ ۋاقىتنى زايە قىلىشتۇر
خوپ ئولغايغان سېنىڭ يېشىڭدا.
بۇ دەرس ئەخمەق كولدۇرلىشدۇر
ئۇلار تىققان سېنىڭ بېشىڭغا.
بۇ گۆدەكلىك ئوخشايدۇ گويا
نادان دېھقان تېۋىنىشىغا.

بۇنداق ئېبسىل ئىشنى قىلىشچۇن
ئۆز-ئۆزۈڭگە كەلتۈرگەن زىيان.
مۆلچەرىڭدىن ئېشىشى كېرەك،
چوڭ مەقسەتنى چىڭ تۇتقىن ھامان.
كېڭگە يېتىسمۇ چەمبەرنى ئۇلار
سەنمۇ چوقۇم ئاتلىنىپ شۇئان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

ئۆز ئالدىڭغا كېزىپ جاھاننى،
ئۆز ئالدىڭغا ئايرىم كىتاب ياز؛
ئۆز يولۇڭغا رىئايە قىلىپ،
چەككىن ئىمزا قەلەمكەش جانباز.
ھەر خىل ھۆكۈم، ئىسپات، ئازدۇرۇش
ئىزھارىڭغا بولسۇن كۆپ ھەمراز.

ئۇ بىپايان دېڭىز قەھرىدە
ۋال-ۋۇل قىلىپ چاقنىغان چورتان.
ئاسفالت يول، سىم-سىم يامغۇرلار
تاراسلايدۇ، بولىدۇ فونتان.
ئۇ ئالدىراپ چۈشتى يولىغا،
كۆتۈرۈلدى يەردىن كۆك مانان.
ئۈنىڭ ئايغى تەگكەن يەرلەردە
بولدى گويا يامغۇرلار قىيان.

1984- يىل

## سۇدىكى پەرىشتە

ئۇ چىپىپ چىتەننى، قىرىپ لاتقىنى
يول يۈرۈش ئەركىمنى ئېيىبەردى ماڭا.
قۇتۇلدۇم توساقتىن يەر يوق چاتقىلى،
بەئەينى ئۇچقاندەك ئېتىلدىم ئاڭا.

ئۇ توختاپ يولىدىن قارىدى ماڭا،
مەن يەشتىم ئۇستۈمدىن تونۇمنى شۇئان.
سۇپسۈزۈك يۈگۈردۈم شۇنچە بىپەرۋا،
ئۇ ماڭا ھەمراھدۇر، دىلدا ھاياجان.

ئۈستەڭلەر كېسىشكەن دەريا بويىدا
چاپتى ئۇ بىرگۈرجەك بېقىنىمغا دەل.
ۋە مېنى تارتتى-دە، ئالدى قويىنغا،
يۇتۇلدۇم، تەشەككۈر ئېيتتىم شۇ مەھەل.
سۆيگۈچۈن كۆمۈلگەن ئۈندىكى خەندەك،
يىلتىزى سۆرەيدۇ سىزىقلىرىنى.
بىلسە ئۇ كۆڭلۈمنى، كەل دېگەن تىلەك
تورلاردەك توقۇغان قىزىقلىرىنى.

پەقەت مەن بەرگەچكە ئاڭا بۇ زامان،
ئەرزىمەس ئىنكاسۇ، ئەرزىمەس بەدەل؛
ئۇ مېنى ئېسىركەپ سىيلىغاچ ھامان،
ھەرمۆچەم يوقىتىپ سوغۇق ئەركىنى،
ئىللىيدۇ ئۈنىڭغا، ئادەم بولۇپ تەل.

## تۆمۈر يول باللىرى

ئۆملەپ چىققاندا قىيا ئۈستىگە،
تەڭ بولدۇق سىمتاناپ چەينىكى بىلەن.
سىملارمۇ تەڭ كەلدى پېشانىمىزگە
ۋىڭلداپ بىتىنىم ئەللىيى بىلەن.

ئۆتتىنغۇ شۇ تاپتا ئۇلار بىزلەردىن
چىرايلىق پىچىم ۋە جۇسۇنى سەكرەپ.
سوزۇلغان تۇش-تۇشقا تالاي چاقىرىم
قورساق سىپ قارلىغاچ باسقاندا شەپ-سەپ.

چوڭ ئەمەس كىچىكتۇر بىزنىڭ ئادەملەر،
قەدرى بار ئىشلارنى بىلمەيمىز تېخى.
بىز قىلغان گەپ-سۆزلەر سىملارنى بويلاپ
قىلىدۇ سەيلى دەپ ئويلايمىز تېخى.

يامغۇرنىڭ تامچىسى ياغقان كۆپۈكتە
ھەر تامچە تويۇنغان نۇرلارغا مۇتلەق.
چىمىرلاپ تۇرىدۇ سىملار، ئۆزىمىز
كىچىكلەپ بارىمىز ھەممىدىنمۇ بەك.
ئۆتۈپمۇ كېتىمىز ھەتتا يىگىننىڭ
كۆزىدىن قىرىقا پىرىلغان قىلدەك.

1984- يىل

## يوقىلىۋاتقان ئاراللار

پېتىنساق ناۋادا تۇتقىلى ماكان
يېشىل تاغ ۋە قومسىز قىرغاقلار ئارا؛
تۇنسەك ئۇ يەردە ئىبادەت قىلساق،
بىتاقەت ئۇتكۇزسەك تۇنلەرنى قارا.
تۇرمەلۇ تەمەچلەر تەرسەك بىز كېلىپ،
بۇ يەردىن بىر ئۇچاق قازساق ناۋادا؛
بۇ ئارال بۇزغۇندەك كېتەر تىتىلىپ
دەسسەشتىن، داشلارنى ئاسساق ھاۋاغا.
ئالەمدىن خوشلىشىپ كېتەر چاغدىلا
بىز ئۇنى قۇچاقلاپ قويىمىز پەقەت.
بىلىنەر زېمىننىڭ چىگلىقى شۇندا
ئۇندىكى ھەممىسى ئىكەن خىيالەت.

## قۇتقۇزۇش

ئۇيقۇنىڭ ئىچىدە يولۇقتۇم ساڭا،
بەلگىچە كۆمۈكلۈك كۆلتۈك قارغا مەن.
قولۇڭنى سۇندۇڭ، ھوش قايتتى ماڭا،
ئەگىزدەك چۈشتىكى ئاققان يارغا ئەن.

1991-يىل

**يەھۇدا ئامخاي (ئىسرائىلىيە)**

## يەسلىدىكى بالىلارغا مېھرىبان خۇدا

يەسلىدىكى بالىلارغا مېھرىبان خۇدا،
ئۇقۇۋاتقانلارغا ئانچىلا ئەمەس.
قىرانلارغا رەھمى يوق قىلىچە،
جوڭقۇرماس ئۇلارنى، قىلغان ئەمدى بەس.
قۇتقۇزۇش ئورنىغا بارىدۇ ئۇلار
گاھىدا پېژغىرىم قومدا ئۇمىلەپ.
ئاقىدۇ تەندىكى يارىلىرىدىن
قىپقىزىل قانلىرى تىنماي تەپچىرەپ.
ئۇ بەلكىم ھەقىقي ئاشىق مەجنۇنغا
كۆيۈنەر، بىرىلەر ۋە بىرەر پاناھ.
باغ ئىچرە كورسىدا ئۇخلىغانلارنى
پۈركىگەن باراقسان دەرەختەك گويا.

ھازىر ۋە كەلگۈسى كۆنلىرىمىزدە
ئۇلارنىڭ بەختىنى قوغدىماق ئۈچۈن؛
ئانىمىز قالدۇرغان ئاخىرقى ئىزگۈ
يوللارنى ئۇلارغا بىرەرمىز پۈتۈن.

**رايىنېر ماريا رىلكې (ئاۋستىرىيە)**

## بۇۋى مەريەم ئانىنىڭ خرىستوسقا ھازىسى

پەلەكنى باسىتىغۇ قايغۇ-ھەسرىتىم
تولدىغۇ ئۆمرۈمگە شۇ تاپتا پۈتۈن.
كۆزلىرىم چەكچەيدى، تاش، ياغاچ تېنىم،
ئىچ-باغرىم تاش-ياغاچ، ئىچ-باغرىم تۈتۈن.

تاش بولۇپ قاتسامۇ شۇ تاپتا لېكىن
قاي رەۋىش ئۆسكىنىنىڭ كۆڭلۈمگە ئايان.
قانداقچە ئۆسكىنىنىڭ ساغلام ئۆسمۈر بوپ
ئىسمىدىن چىقمايدۇ، چىقمايدۇ ھامان.

ئايرىلىش چېغىدا پۈركىدى سايەڭ،
بۇ ھەسرەت ھەممىدىن ئېغىردۇر ماڭا،

بۇ بىر سىر، تېپىشماق قەلبىمگە مەڭگۈ
كۆتۈرۈپ قويۇقۇسىز بىر يۈكتۇر يانا.

تىزىمدا ئۈزۈراپ ياتسەن ھازىر،
كۆچىنى كۆرسەتتى بۇ مۇدھىش مامات.
تۈرىمەن مەن ساڭا بولالماي قادىر
بىرىشكە ھاياتتىن چىقىرىپ ھايات.

روبېرت بلىي (ئامېرىكا)

## ئات سوغىرىش

بار يامان ئويلاردىن كېچىشنى ئويلاش
قالتىس ئىش، يىغسۇن ئۇ ئېتەكلىرىنى.

ئېپ-ئېنىق كۆردۈممەن ئاتنىڭ يايلىغا
ھېلىلا چۈشكەن قار چېچەكلىرىنى.

## ماشىنىلىق ئۆتكەندە باغدىن...

ئالمىنىڭ ئاستىدا ياۋا گىياھلار،
ئۇسكەتىسىز قوۋزاقلار ئەركەكلىككە باي
غۇچچىدە ئوت-چۆپلەر ئەمەس تەپ-تەكشى،
ئاپېتكە چىدام يوق بىزلەردە ئايھاي.
مىسالى بوش ياتقان دالا كۆكسىدە
قۇرام تاش يالىڭاچ تەۋرەيدۇ تىنماي.
ئۆلۈمگە يوللايدۇ بىزلەرنى تەھقىق
ئۇندىكى ئەرزىمەس يارىلىق بىر جاي.
ھەممىمىز ناتونۇش بۇ پويىز ئىچرە،
دەھلىزدە ماڭماقتا بىر كىمسە ھەدەپ.
ئېيتىمەن ئۇنىڭغا، كېلىدۇ ئېيتقۇم
مەن سىنى كەچۈردۈم، سەنمۇ كەچۈر دەپ.

## دەرۋىش

قاراڭغۇ چۈشمەكتە ئۇستى-ئۇستىلەپ،
چۈشمەكتە قويۇقلاپ ئاستا، پەيدىنپەي.
بىر ئادەم ئۇ يەردە ئۆرە تۇرىدۇ،
تېنى ساق، بىجىرىم، قاۋۇل پۈتۈنلەي.
بار ئۇنىڭ كەينىدە بوران-چاپقۇنلار،
ياپراقلار شامالدا تۇرىدۇ سەكرەپ.
قويۇلۇپ قاراڭغۇ، قاتلىنىپ ئۇنىڭ
ئايىغى ئاستىغا چۈشىدۇ ھەدەپ.
ھېچكىممۇ ئەمەس ئۇ قارايمىز ئاڭا،
ۋە ئاستا تىچلىنىپ كىرىپ كېلىمىز
شادىمان ئۆلۈمنىڭ تەشمە يولىغا!

ئانكاۋۇ شۇنتارۇ (ياپونىيە)

## قېرىپ-چۈرۈش

تۇغقان بوپقالىدۇ بىللە ئۆسكەنلەر
ھازىرغا كەلگەن بۇ قاچامۇ شۇنداق.
باللىق چاغدىكى كۆپكۆك سىزىقتا

ئەستىلىك يوق ئىدى ئەسلىدە بۇنداق،
ئىشلىتىپ كۆنگەنلىك بۇ ئۇنى خالاس.

ئاتسى-ئانسى تۈگىگەن ئۆيلەر
كىرىدۇ يېپيېڭى تۈشەكلىك ئۆيگە.
ئۇندىكى خۇشاللىق ييگىدۇر ھەممە،
خانىملار-قىزلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.

چىرىگەن-بىخسىغان ئەسكى-تۈسكىنى
ۋە لېكىن بىز ئەمدى قالدۇق ئېسىركەپ.
كىرمەيدۇ بۇنىڭغا نەۋرە قىزىمىز
ئەمدىلا ئىككى ياش ييگى ئۇ پەقەت.

بىراۋلار ياش دېسە ياپرايمىز كۈلۈپ،
رەنجىپمۇ قالسەن تۈتۈلۈپ گاھى.
مورتسارتمۇ بېشىنى ياشاپ تۈگەتتى
مەن تېخى تويمۇدۇم ھاياتقا زادى.

مەن شۇنداق ئويلايمەن: شېئىرنى ئەگەر
قېرىماس-چۈرىمەس دەيدىغان بولساق؛
ئۇ چاغدا بولمىدى دېگەن چاغدىمۇ
تېخى ئۇ ئەخلەتكە ئايلانماي تۇرۇپ
بولىدۇ ياش-يۇمران، بولىدۇ شۇنداق.

## ئۇرمانغا بېرىش

ئۇرمانىنىڭ ئىچىگە قاراپ يول ئالدۇق،
تېخىمۇ ئىچىگە ماڭمىز ئۇزاق.
چىرىگەن ياپراقلار، چىرىك ماياقلار
تارىتار ئەتراپقا بەدبۇي-بەدپۇراق.
تۈۋەنگە يېيىلىپ چۈشمەكتە كۈندۈز
شاخلارغا چىچىلىپ تۇرىدۇ ئاپتاپ.
دېپەرلىك يەتمىدى نۇر تېخى يەرگە،
ئادەمنىڭ سۆڭىكى تۇرىدۇ چاقناپ.
دات باسقان ماددا ۋە غەيرىي ماددىلار
قىيسايغان غايەت زور ئەزىم ئىنشائات.
قىيالماي ئاسماننى كۆرسىتىپ تۇرار
ئۇچالماس كېمىسى ئالەمنىڭ ھەيھات؛
قايتۇرغان كېمە ئۇ يۈكسەك كائىنات!

مەغلۇپلا بولىمىز شەپەردە دايىم
غەلبىنى بىلمەيمىز ئېنىقراق ھەتتا.
مەڭگۈلۈك زەررىلەر ييگىدۇ بىزنى
ئاسماننىڭ باغرىدا لەيلىگەن تەنھا.

بىلىنەر-بىلىنمەس بەدەلدۇر شېئىر
بىر لەھزە بىردەملىك غەلىبىدۇر ھەم
ئۇ ئەمەس خاتىرە، توختام، بېشارەت،
ناۋاسىز ناخشىدۇر يېرىم پارالىچ.
يوللاردا يىراقتا قوياماس قەدەم.

**كىتامۇلا تارو (ياپونىيە)**

## بۇلۇتنىڭ كۆزى

كەچتىكى شەپەق بىر غايەت زور سايە،
ھەيران قال، مۆجىزە-ئۇندىكى سۈرئەت.
قىزىلۇ سۆسۈنۇ زەڭگەر، نىلرەڭنى
ئاسمانغا چاچىدۇ ئۇندىكى جۇرئەت.

www.uyghurkitap.com



ئېخىمۇ قويۇقلاپ كەتتى سايىلار،
بەلكىم ئۇ قويۇلغان سىياھقا چىلاپ.
كۆزلەرنىڭ ئىچىدە دەۋرەيدۇ ئۇيقۇ،
قويمەن گاھىدا تۇگمەمنى سىلاپ.
ماشىنا كېلىدۇ كېزىتنى يۈكلەپ،
تىڭشايمەن ئۈنىنى، سالىمەن قۇلاق.
ھەممىگە تىقىلغان بىر سايە بولدى
بىردىنلا قىزارغان بۇ كەچكى شەپەق.
يۈزىنى سالدى ئۇ دېرىزىلەرگە
تۇۋشىسىز جىمجىملا، ئەپچىل نەقمۇ نەق.
شۇندا قىتى تۈنۈگۈن ھەمدە بۈرناكۈن
جىلۋىدار رەڭلىرى ھامان تەقمۇ تەق.

قىشتىكى قىياغا چىققان ئادەمنى
مەن كۆرۈپ تۇراتتىم، كۆرەلەيتتىم ھەم.
ئەپلەشمەي قالغىنى شۇ بولدى بۈگۈن.
سۆر بۈلۈت ھەريانغا سوزۇلدى بۈدەم.

كۆرگىلى بولىدۇ كەچكى شەپەقنى
ئۇندىكى سوزۇلگەن تەرەپتىن پەقەت.
بۈلۈتتا بار ئىدى بىر كىچىك كامار
كۆزلەرنىڭ شەكلىگە ئوخشايتتى ئەجەب.
ئۇ يەردە ئاق بېلىق سىڭارى نۇرلار
يىغاتتى سايىنى قويماستىن ھەدەپ.

ئىزاھلار:

ئەسلى ئاپتور بىلەن ئەسلى نەشرىياتنىڭ ئىزاھى:

① «بىكەتلىك ئارال» چۈشىدە تونۇشنىڭ روھى بىلەن ئۇچرىشىپ قىلىش ھەققىدىكى چاتما خاتىرە بولۇپ، قەدىمكار ناھىيىسىنىڭ راۋدېگىر دەرياسىدىكى ئارالدا (ئىرلاندىيىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا) روي بەرگەن. بۇ ئارال ئەۋلىيا پاترىك (تەخمىنەن 389 — 461-يىللار، ئىرلاندىيىنىڭ ھىمايەتكار ئەۋلىياسى) نىڭ زاھىدلىق نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. چۈنكى رىۋايەتتىمۇ پاترىك ئەلگە ئالدى بىلەن پەرھىز قىلىپ ۋە تىلەك تىلەپ تۇۋا-ئىستىقبار ئوقۇلىدىغان تۈنەك مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىگەن. بۇ مۇراسىم ھازىرقى ئۈچ كۈنلۈك تاۋاپنىڭ ئىگىزى. ھازىرقى تاۋاپچىلار پائالىيىتىنىڭ ھەر بىر بىرلىكى «بىكەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر بىر بىكەتنىڭ چوڭ بىر قىسمى «تۆشەك» ئەتراپىدا يالىڭاياغ مېڭىش بىلەن تىلەك تىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تۆشەك» تاشلار دۆۋىسى. ئېيتىشلىرىچە، بۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئېتىكاپخانىسىنىڭ قالدۇق ئورنىمىش. (ھېينى ئىزاھى) بۇ شېئىرلار تۈركۈمىنىڭ ئاخىرقى بىر بابى (يەنى مۇشۇ شېئىر، 12-باب) دىكى تونۇش كىشىنىڭ روھى ھېينىنىڭ ۋەتەندىشى ئىرلاندىيە يازغۇچىسى جامۇس چويس (1941 — 1882).

② سوۋادان ھاسا — جامۇس چويس ئەما بولۇپ قالغان.

③ بۇ جامۇس چويسنىڭ «فىنىكىن تاۋۇتى يېنىدا» دېگەن ھېكايىسىدىكى ئاننا لىۋىيە فىلولابېر ھەققىدىكى ۋەقەلىك بولۇپ، بۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان چوڭ دەريالارنىڭ نامى ئاھالە ئۇيقاشلىقى بويىچە تىلغا ئېلىنغان.

④ مېنىڭ ئىشلىتىدىغان قورالىم: «ئۈندىمەسلىك، سەرسانلىق، ۋە تادانلىق» (جامۇس چويسنىڭ «بىر ياش سەنئەتكارنىڭ سۈرىتى» دېگەن ھېكايىسى).

⑤ ئىنجىل دەۋرى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى گۇناھكار بەندىلەر كىيىدىغان كىيىم.

⑥ غەيرىي تەبىئىي گەۋدىنىڭ ئايان بولۇشى، ئالايلۇق ئەۋلىيا بوۋاق ئەيسا شەرقتىكى ئۈچ دانىشمەننىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان، خىرىستىئان تارىخىدا ئەيسا مەسىھ ئايىمى 1-ئاينىڭ 6-كۈنى.

⑦ جامۇس چويسنىڭ «بىر ياش سەنئەتكارنىڭ سۈرىتى» دېگەن ھېكايىسىگە قارالسۇن: «4-ئاينىڭ 13-كۈنى. ۋورۇنكا ئۈزۈنچە كاللامغا كىرىۋالدى. مەن لۇغەت ئاختۇرۇپ بۇ سۆزنىڭ ئىنگلىزچە سۆز ئىكەنلىكىنى يەنە كېلىپ قوپال ئىنگلىزچە سۆز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. دەرس مۇدىرى ۋە ئۇنىڭ ۋورۇنكا تەلەپپۇزى ھەققىدە نىمۇ قەبىھ ئىكەن. ئۇ بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ تىلىنى بىزگە ئۆگىتىشكە كەلگەنمۇ ياكى بىزدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە كەلگەنمۇ؟ ئۇنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟ ئالدىنقىسىدىمۇ، كېيىنكىسىدىمۇ ئۇ ئوخشاشلا قەبىھ ئىكەن.»

ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى

## ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئەدىب ماۋدۇن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى خاتىرىلەندى

بۇ يىل 7-ئاينىڭ 4-كۈنى ئىنقىلابىي ئەدىب، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى، جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا يول سالغۇچى ماۋدۇن ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىق خاتىرە كۈنى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە بۇ خاتىرىلەش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. ماۋدۇن ئەپەندىنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلغان ماۋدۇن ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش كۆرگەزمىسى 7-ئاينىڭ 2-كۈنى ئېچىلدى.

7-ئاينىڭ 4-كۈنى پايتەختتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەر خەلق چوڭ سارىيىدا «ماۋدۇن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى» ئېچىپ، خاتىرىلەش پائالىيىتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى.

بەش كۈن داۋام قىلغان «ماۋدۇن تەتقىقاتى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» 7-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە بېيجىڭدىكى ئولىمپىك مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىن يۈزدىن ئارتۇق ئالىم ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتىگە قاتناشتى.

جېجياڭ ئۆلكىلىك تېلېۋىزىيە تىياتىرى مەركىزى، خاڭجۇ ئۆي-مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ ئىشلىگەن «تۈن يانغاندا» ۋە جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى سارىيى ئىشلىگەن «ماۋدۇن ۋە ماۋدۇن ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» دېگەن فىلىم مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسى تەرىپىدىن 7-ئايدىن باشلاپ قويۇلۇشقا باشلىدى. خاتىرىلەش پائالىيىتى يىل ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. پائالىيەت داۋامىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 4-نۆۋەتلىك ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، مۇكاپاتلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بېيجىڭدىكى نەشرىيات ئورۇنلىرى ماۋدۇن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ماۋدۇن خاتىرىلەنگەن بىر قىسىم كىتابلارنى نەشر قىلدى.

## شەنشى ئۆلكىسىدە رومان ۋە ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتى قانات يايدۇرۇلدى

شەنشى ئۆلكىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شەنشى ئۆلكىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان «خېڭتە يېيى» يېڭى دەۋر رومان ۋە ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئەسەر قوبۇل قىلىش پائالىيىتى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى.

شەنشىلىك ياش يازغۇچى شۈجيەبىن يازغان «يېزا بايلىرى» ناملىق رومان 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

خاسىيەت ئەمەت تەييارلىغان

uyghurkitap.com



# قايغۇلۇق خەۋەر



تالانتلىق رەسسام مەھەممەت ئايۇپ 1996-يىل 1-ئاۋغۇست ئۈرۈمچىدە يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ، 49 يېشىدا بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.


يولداش مەھەممەت ئايۇپ 1947-يىل يەكەندە تۇغۇلغان. 1967-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ گۈزەل سەنئەت كەسپىنى پۈتتۈرگەن. شىنجاڭ ھەربىي رايونى «جەڭ غەلىبىسى گېزىتى»، «شىنجاڭ خەلق ئەسكەرلىرى» ژۇرنىلىدا گۈزەل سەنئەت تەھرىرى بولۇپ ئىشلىگەن. شىنجاڭ رەسىم ئاكادېمىيىسىدە ئۇيما رەسىم تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، 2-دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەت ئۇستىسى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتىدا مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

يولداش مەھەممەت ئايۇپنىڭ گۈزەل سەنئەت نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە رەسىم سىزىش، ئىجاد قىلىش ماھارىتى يۇقىرى، سەنئەت جەھەتتىكى بىلىمى مول ۋە چوڭقۇر مۇنەۋۋەر رەسسام ئىدى. ئۇ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىلىرىگە كۆپ قېتىم قاتناشتۇرۇلۇپ، ياخشى باھاغا ئىگە بولغان ھەمدە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىدە نادىر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ قىستۇرما رەسىم ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپلىگەن گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇ لايىھىلىگەن 30 نەچچە كىتابنىڭ مۇقاۋىسى ماختاشقا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەشرىيات ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە مەلۇم تەسىر قوزغىغان؛ ئۇ تەھرىرلىگەن «ئۇيغۇر خەتتاتلىقى قوللانمىسى»، «ئابدۇكېرىم نەسرىدىنىنىڭ ماي بوياق رەسىملىرى توپلىمى» قاتارلىق 20 نەچچە گۈزەل سەنئەت ئەسىرىنىڭ بەزىلىرى ئىككى قېتىم جۇڭگو مىللىي كىتابلار مۇكاپاتى بويىچە ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا، كۆپ قېتىم «خۇاڭخې ئالتۇن كالا» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. رەسسام مەھەممەت ئايۇپنىڭ «مەھەممەت ئايۇپنىڭ قىستۇرما رەسىملەر توپلىمى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان.

مەھەممەت ئايۇپ ژۇرنىلىمىزنىڭ جانكۆيەر ياردەمچىسى، يېقىن دوستى ئىدى. ئۇ ژۇرنىلىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت خىزمىتىگە ئىنتايىن جان كۆيدۈرۈپ، يېقىندىن ھەمكارلاشاتتى. ژۇرنىلىمىز ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئايىمايتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئىنتايىن جانلىق سىزىلغان قىستۇرما رەسىم، بەت بېشى رەسىملىرى، مۇقاۋا قاتارلىق ئەسەرلىرى «تارىم» ژۇرنىلىمىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، ئۇنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ ياخشى چىقىشى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى، تۆھپىسى زور ئىدى.

بىز ياخشى بىر سەبداشتىن، ژۇرنىلىمىز قابىل بىر ياردەمچىدىن ئايرىلدى. ئۇنى چۈشىنىدىغان، ئۇنى بىلىدىغانلىكى ئادەم ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق ئېچىنماي تۇرالمايدۇ.

بىز ئۇنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇمىزنى بىلدۈرىمىز! ئۇنىڭ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى بىزنى داۋاملىق ئالغا ئۈندەيدۇ. مەھەممەت ئايۇپ خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!




تارىم

《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：《博格达》 电子排版中心
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所

1996-يىل 9-سان (427-سان). 46-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4516214
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号： ISSN 1002—9044
国内统一刊号： CN 65—1010/I
国外代号： M 4461
邮发代号： 58—66　定价　4·00元

[illegible] ژۇرنال نومۇرى:
[illegible] بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
[illegible] تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
[illegible] نومۇرى: 66-58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى 4.00 يۈەن

邮政编码： 830000 پوچتا نومۇرى:

广告许可证： 新工商广字 00528139 号